خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى نەشرگە تەييارلىدى

# ئەلسۆي ئەسەرلىرىدىن تاللانما (1)

www. uyghurpen. org



## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن :

مۇھاجىرەتتىكى ھاياتىنى داۋام ئەتكەندىن يىللاردىن بۇيان قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى بەختسىز قىسمىتى ئۈچۈن توختىماي يېزىۋاتقان ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچى "ئەلسۆي" مەزكۇر ھېكايە ۋە ماقالىلار توپلىمى ئاپتورىنىڭ قەلەم ئىسمى بولۇپ، ئۇ ياۋروپادىكى ئەركىن ھايات مۇھىتىدا ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق خەلقىمىزگە، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ ئىزباسارى بولغان ياشلىرىمىزغا تەربىۋي ئەھمىيتى يۇقىرى بولغان ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ دەۋرىمىزدىكى رېئالىزمى روشەن ئەكسئەتتۈرلۈپ بېرىلگەن قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلىپ كەلمەكتە. مەن قېرىندىشىمىز ئەلسۆي ئەپەندىنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ نەتىجىلىك بولىشىنى، خەلقىمىزگە ئۆزىنىڭ يېرىك پىروزا، نەسرىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى داۋاملىق تەقدىم قىلىپ تۇرشىنى تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن  ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى

2014ـ يىلى 21ـ ئىيۇن، لوندون.

# مۇندەرىجە


ئاتىنىڭ كۆز يېشى 3

بوۋامنىڭ ھېكايىسى 6

تىرىك جەسەت 10

ۋەتەن دېگەن نېمە؟ 13

باتۇرنىڭ پاناھلىق تىلىشى 24

زۇلمەت كېچە 30

بىر تىلەمچىنىڭ ھېكايىسى 45

جەڭ سۇنىيىنىڭ ئاۋازى 49

كۆك ھىجرانى 53

يىمىرىلگەن ھايات 59

«شېھىتلەر كۈنى» دە كۆيگەن ئوت 66

كۆك ئاسمان 112

ئېچىنىمەن 116

بىمەۋجۇت ئىنسان 123

زاكوسكا يۈرەك 129

نەدىن كەلدىڭ ؟ 133

ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتى 138

بىزنىڭ ئارزۇيىمىز 141

بىز نېمە ئۈچۈن مۇستەقىل بولىمىز 145

ۋەتەنسىزلىكنىڭ غورۇرى 149

ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش يولى نەدە؟ 152

# ئاتىنىڭ كۆز يېشى

ھېكايە

- دادا، بىز زادى نەدىن كەلگەن؟ شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرىستان دەيسەن، ئەمما خەق سورىسا ئۇنى خەرىتىدىن تاپقىلى بولمايدىكەن، بەك خىجىل بولدۇم سىنىپتا! ھەممىسىنىڭ دۆلىتى خەرىتىدە باركەن. مۇئەللىم «ۋەتىنىم» دېگەن تېمىدا ماقالە يازغىن دەيدۇ، بەك ئۆچ بولدۇم، مەكتەپكە ئەمدى بارغۇم كەلمەيۋاتىدۇ!...، - ئوغلۇمنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا ئاھسىنىپ سۆزلەپ كېتىشى ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. ئادەتتە مەكتەپتىن كېلىپلا توپىنى كۆتۈرۈپ تالاغا يۈگۈرەيدىغان بالا، ئەمدىلىكتە ئۇدۇل كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ يىغلىماقتا ئىدى. ۋەتەنسىزلىك ئۇنىڭغا ھار كەلگەنىدى.

- ئەزىز، سەن نەدىن كەلگەن؟- مۇساپىرلار لاگىرىدىكى تىل مەكتىپىگە كىرگەن تۇنجى كۈنۈم ئوقۇتقۇچىنىڭ سورىغان بۇ سوئالى يۈزۈمگە كاچاتلاپ ئۇرغاندەك بىلىنگەنىدى.« مەن زادى نەدىن كەلدىم؟» بۇ سوئال مېنى گاڭگىراتماقتا ئىدى، تەبئىي جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىم ناھايىتى ئېنىق، كەڭلىك 41 گرادۇس مېردىئان 85 گرادۇس بولغان جايدىن كەلدىم. ئەمما سىياسىي جۇغراپىيە جەھەتتىن نەدىن كەلگەنلىكىم ئېنىقسىز، چۈنكى مەۋجۇد سىياسىي جۇغراپىيىنى ئېتىراپ قىلمايتتىم، ئەمما مەۋجۇد دۇنيا بولسا مېنىڭ كىملىكىم تونىغان سىياسىي جۇغراپىيىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. مانا بۇ توقۇنۇش مېنىڭ كىملىك توقۇنۇشۇم، بىزنىڭ كىملىك تېڭىرقىشىمىز ئىدى.

- مەن كەڭلىك 41 گرادۇس مېردىئان 85 گرادۇس بولغان جايدىن كەلدىم، - دەپ جاۋاب بەردىن ئوقۇتقۇچىمغا، بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن دەققە گاڭگىراشقاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىشتى. چۈنكى ھېچكىم ھېچقاچان بۇنداق جاۋاب بېرىپ باقمىغانىدى،

ھېچكىممۇ بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەن ئىدى، ئەڭ قىزىقى ھېچكىم بۇنداق جاۋابنى ئىنكار قىلالمايتتى، تەبئىيكى ھېچكىم بۇنداق جاۋابقا قانائەت قىلمايتتى.

ـ مەن نەدىن كەلگەنلىكىمنى ئېنىق دەپ بېرەلىگەن بولسام بۇ جايغا كەلمىگەن بولاتتىم، چۈنكى مېنىڭ ۋەتىنىم يوق، توغرىسى مېنىڭ دۆلىتىم يوق، ھۆكۈمىتىم يوق، ئارمىيە ـ ساقچىم يوق، شۇڭا مەن ۋەتىنى بار تۇرۇپ ۋەتەنسىز قالغان، ئۆز ۋەتىنىمدە ۋەتەنسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھاياتى تېنىدا، ئەمما كىملىكى مەۋجۇد بولمىغان بىر قەۋمدىن كەلدىم. مەن ئۆزۈمنى «شەرقىي تۈركىستان»دىن كەلدىم دەيمەن، ئەمما بۇنداق بىر ۋەتەننى خەرىتىدىن تاپالمايسىلەر...، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ جاۋابىم ساۋاقداشلىرىمنى، ئوقۇتقۇچىمنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزەمنى ھەيران قالدۇرغانىدى. توۋۋا، ئادەم تىل ئەركىنلىكى بولمىغان جايدا ياشاپ، تىلىنى ئەركىن تەپەككۇرىغا ئىشلەتمىسە، قۇلىقىمۇ، يۈرىكىمۇ ئۇنداق ئەركىنلىكتىن ئۈركۈيدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

ـ دادا، ئۈرۈمچىنى بەك سېغىندىم، كېتەيلىچۇ!...، ـ دېدى ئوغلۇم سەبىيلەرچە نالىلىك تەلەپپۇزدا، ئوغلۇمنىڭ قارا كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمايتتىم. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئوغلۇمنى ئۇنداق كىملىك تېگىرقىشىغا مۇھتاج قىلغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ ئەجىبا ئۆزۈمنى «جۇڭگولۇق» دەپ تونىسام بولامدۇ؟ تېگىرقاش، گاڭگىراش، يېتىمسىراش، ياتسىراش تۇيغۇلىرىنىڭ يىلتىزى دەل شۇ «كىملىك» چۈشەنچەمدىن كەلگەنمۇ؟!

ـ ئوغلۇم، مەيلى نەگىلا بارمىغىن، نېمىگە مۇھتاج بولمىغىن، قانداق ئەھۋالغا چۈشمىگىن ئۆزەڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ئۇنۇتما! سەن سۇتۇقبۇغراخاننىڭ قەۋمى، ئىبراھىمنىڭ مىللىتى، ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادى، تۈرك ئولۇسى، ئالتايدىن قاراقۇرۇمغىچە، يەتتىسۇدىن ئالتۇن تاغقىچە بولغان زېمىنلارنىڭ ئىگىسى بولغان بىر خەلقنىڭ پۇشتىسەن! ...، ـ دېگەنىدى بوۋام مەن ئالىي مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدىكى شۇ كېچىدە، شۇ كېچىدىن باشلاپ مەن ئۆزەمنىڭ مۇستەقىل دۇنيايىمنى يارىتىشقا باشلىغانىدىم. ئۇيغۇرسىز كوچىلاردا، ئۇيغۇرسىز ھېيت ـ بايراملاردا، ئۇيغۇرسىز يىراق شەرق زېمىنىدا ئۇيغۇرلۇقنى ھېس قىلغان، ئۇيغۇرلۇقنى تونۇغان، ئۇيغۇرلۇق تۇيغۇم يېتىلگەنىدى. ئۇيغۇرلۇقتا قىلىنغان كەمسىتىش، ئۇيغۇرلۇقتا قىلىنغان ھاقارەت، ئۇيغۇرلۇقتا قىلىنغان تۆھمەتلەر ماڭا ئۇيغۇرلۇق دەرسى بەرگەنىدى. شۇنداق، ئۇيغۇرسىزلىق دەل ماڭا ئۇيغۇرلۇقنى ئۆگەتكەن، ۋەتەنسىزلىكنى ھېس قىلدۇرغان

ئىدى. مانا، ئەمدى ئوغلۇممۇ شۇنداق ئۇيغۇرسىزلىقنى هېس قىلىشقا، ئۇيغۇرسىزلىقتىن ۋەتەنسىزلىكنى بىلىشكە باشلىماقتا. ئۇنىڭ ماڭا ئىلتىجالىقتا تىكىلگەن كۆزلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى ئىشەنچنى يىغىپ قارىدىم:

- ئوغلۇم، مەنمۇ سېغىندىم يۇرتىمىزنى، مېنىڭمۇ شۇنداق كەتكۈم بار، مېنىڭمۇ شۇ ئاشخانىلاردا مەززىلىك ئۇيغۇر تائاملىرىنى يېگۈم، هېيت- بايراملاردا بوۋاڭنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلغۇم، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن يىغىلىپ هېيتلاشقۇم، كوچىلاردا تونۇش چىرايلارنى كۆرۈپ سالاملاشقۇم كەلدى! كېتىمىز، ۋەتەنگە چوقۇم كېتىمىز. ئەمما ۋەتەنگە قۇرۇق قول ئەمەس، ئەركىنلىكنى، هۆرلۈكنى ۋە ئىنسانلىق قىممەتنى ئېلىپ كېتىمىز! ...، - دېدىم ئوغلۇمغا كۆزلىرىم نەملەنگەن هالدا. ئوغلۇمنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ ئۈنسىز يىغلاپ كەتتىم، بۇ يىغا ۋەتەنسىزنىڭ يىغىسى، بۇ يىغا ئەۋلادىغا ۋەتەن بېرەلمىگەن ئاتىنىڭ يىغىسى ئىدى.

- دادا، سەن دېگەن نەرسىلەرنى نەدە ساتىدۇ، شۇلارنى سېتىۋېلىپ كېتەيلىچۇ تېز!..، - دېدى ئوغلۇم كۆزلىرىدىن ياشلار لۆمۈلدەپ ئاققان هالدا. ئۇنىڭ ساددىلىقى، ئۇنىڭ ساپلىقى يۈرىكىمدە دۇنيانىڭ رەزىللىكلىرىگە نەپرەت ئويغاتماقتا ئىدى.

- شۇنداق ئوغلۇم، شۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالىمىز. ئەمما ئۇ نەرسىلەرنى پۇلغا، بايلىققا ساتمايدۇ، ئۇلارنى ساپ ئىمانغا، ۋىجدانغا، يەنە مەندەك ۋە سەندەك ئەركەكلەرنىڭ قېنىغا ساتىدۇ...، - دېدىم، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ ياشلىرىمنى توسماقچى بولدۇم. چۈنكى كىملىك تېگىرقىشىغا قالغان ئۆزەمگە «ئەركەك»ئۈنۋانىنى بېرىشكە ئىككىلەنگەنىدىم. كۆز ئالدىمغا بوۋامنىڭ سىماسى كەلدى. بوۋام ياشلىقتىكى هىكايىلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى:

- .... تاتاتات! ئاكۇپقا كىرىپ دۈشمەنلەرنىڭ هەممىسىنى قىرىۋەتتۇق، ئۇ هايۋانلار! بىزنىڭ نۇرغۇن ئادىمىمىزنى شېهىت قىلغانىدى، ئاللاھ سەپداشلارنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي، ئامىن! ،- بوۋام هەر قېتىمقىغا ئوخشاش ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ «ئامىن» دەپ يۈزىنى سىلاپ بولۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- ئۇ چاغلار ئاجايىپ چاغلار ئىدى، كىشىلەر شۇنداق روهلۇق، چىرايلاردىن كۈلكە ئۆچمەيتتى، ئۆلۈمدىن هېچكىم قورقمايتتى، «ئۆلسەك شېهىت، قالساق غازى» دەپ تۈۋلۇشۇپ سەپ بولۇپ ماڭاتتۇق. هەتتىگەي، ئاشۇ چاغلاردا ئۆلۈپ كەتكەن بو...، ها

ھا ھا، - دېگەندى بوۋام سۆزىنى يېرىمىدا يۇتىۋېتىپ، پىشانەمگە سۆيۈپ. ياشلىق كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ ئوغلۇمنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم. ئوغلۇم ياشلىرىنى ئەرتكەن نەم قولىدا ياشلىرىمنى ئەرتمەكتە ئىدى. شۇ دەقىقىدە ۋەتەنسىز ئىككى ئەۋلادنىڭ كۆز ياشلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ يەرگە تامدى. ئوغلۇمنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۈنسىز يىغلاپ كەتتىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ۋەتەن بېرەلمىگەنىدىم، مانا بۇ ئاتىنىڭ يىغىسى ئىدى.

# بوۋامنىڭ ھىكايىسى

ھېكايە

- بوۋا، «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن لوزۇنكىنى بويىنىڭىزغا ئېسىپ سىزنى سازايە قىلغان، سىزنىڭ يۈزىڭىزگە تۈكۈرگەن، سىزنى دۇمبالىغان ئاشۇ كىشىلەر سىز «مىللىتىم» دەپ سۆيگەن كىشىلەر ئەمەسمۇ؟! ئۇلار نېمىشقا سىزگە بۇنچە ئەسكىلىك قىلىدۇ؟- بوۋامنىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ «يەرلىك مىللەتچى»، «شىنجېڭجۇيىچى» دېگەندەك بەتناملار بىلەن كالا ئېغىلىغا سولانغانلىقىنى، ئۇنى مەيداندا سوتلىغاندا كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېچىشىپ، ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي ئۇنىڭغا سۇئاللارنى ياغدۇردۇم. سەبىي قەلبىمدە نۇرغۇن سۇئاللار چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

- تەربىيىسىز، مائارىپسىز قالغان خەلق شۇنداق نادان بولىدۇ. كۆز ئالدىدىكى قىسقا مۇددەتلىك مەنپەئەتنى كۆزلەپ كەلگۈسىدىكى چوڭ زىيانلارغا ئۆزى يول ئاچىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئەمەس ئوغلۇم، بۇ زامانىنىڭ زالىملىقى، تۈنىنىڭ قاراڭغۇلۇقى...، - بوۋامنىڭ ئۇ سۆزلىرىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈشكە قىيماي، بېشىمنى بوۋامنىڭ يوتىسىغا قويۇپ ئۆزەمنىڭ خىياللىرىغا غەرق بولغانىدى. خىياللىرىمدا مەھەللىنىڭ تۈۋىنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ لاي سۇيىدا

چۆمۈلۈپ ئويناۋاتاتتىم، ئۆستەڭنى بويلاپ ئۈزۈپ مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى سوقمىلىقتىكى باغقا ئۈزۈپ كىرىپ ئۈزۈملەرنى، تاۋۇز، قوغۇنلارنى ئوغۇرلاپ يەۋاتاتتىم. باغۋەن بوۋاينىڭ قىز نەۋرىسى مېنى كۆرۈپ قالغاندا ئۇنىڭ ياغلىقىنى ئېلىۋېلىپ، سوقمىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۇنىڭغا داملىتىۋاتاتتىم. ھى ھى، چوڭ بولسام شۇ قىزنى ئالايمىكىن، دېگەن خىياللار كاللامغا كېلىۋىدى، چۆچۈپ بوۋامغا قارىدىم، بوۋامنىڭ خىياللىرىمنى بىلىپ قېلىشىدىن قورققان ئىدىم. بوۋام يەنە ھېكايىسىنى سۆزلىمەكتە:

- .... ئاتقا مىنىپ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىدۇق، قارىساق يىراقتىن توپا توزىغانلىقىنى كۆردۇق، دۈشمەن ئەسكەرلىرى كېلىۋاتقانىكەن. بىز ئاتلارنى تاشنىڭ ئارقىدىكى دالدا جايدا دەرەخنىڭ شېخىغا باغلاپ قويۇپ، تاغدا بىر بىرىمىزدىن يىراق-يىراق چېچىلىپ دۈشمەننى ساقلاپ ياتتۇق،بىز تەرەپتە ھەممىسى مەرگەنلەر ئىدى. مەن خېچىرغا مېنىۋالغان يوغان قورساق خىتاي ئەمەلدارنى قارىغا ئالدىم، پاڭ! ھېلىقى سېمىز خىتاينىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتىم، ھا ھا ھا...،- بوۋام سۆزلەپ شۇ جايغا كەلگەندە ئۇنىڭ يوتىسىدىن قوپۇپ ئۇنىڭغا قاراپ سايراپ كەتتىم:

- بوۋا، سەن ئادەم ئۆلتۈرگەنما؟! نېمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرگەنتىڭ؟ ئۇلار كىم؟ بىزنىڭ مەلىدىكى جاڭ خىتاينىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇق، ھى ھى ھى ، بىز ئۇنىڭ چوشقىسىنى تامغا چىقىۋېلىپ ئاتقۇچ بىلەن ئېتىپ بىر كۆزىنى قويىۋەتكەنىدۇق....،-دېدىم، بوۋام گېپىمنى توختىتىپ:

- ئوغلۇم، ئۇ چوشقىدا نېمە گۇناھ بار ئىدى ئۇنى ئۇنداق قىيىنىغىدەك؟! ھەرقانداق بىر جانىۋارنى قىيناشقا بولمايدۇ. ئۇ دۇنيادا سورىقى بار...،- دەۋاتقىنىدا، بوۋامنىڭ گېپىنى تارتىۋالدىم.

- ئۇ دېگەن هارام تۇرسا...،- دېدىم ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئۆزەمنىڭ توغرىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن .

- شۇنداق، چوشقا هارام هايۋان، ئەمما بۇ ئۇنى قىيىنىشىڭغا سەۋەب بولالمايدۇ. ئىتمۇ هارام هايۋان، ئېشەكمۇ هارام هايۋانغۇ. ھەرقانداق جانىۋارنى قىيناشقا بولمايدۇ، ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشىڭ كېرەك، چۈنكى ئاللاھ بىز ئىنسانلارنى ئۇلارغا هاكىم قىلىپ ياراتتىم، ئۇلارغا زۇلۇم سېلىشقا ئەمەس...،-دېدى بوۋام كەسكىن تەلەپپۇزدا، بوۋامنىڭ

گەپلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. يېڭىلغىنىمغا تەن بەرمەسلىك ئۈچۈن تېمىنى يۆتكىدىم.
- بوۋا، سەن ھېلقى خىتاينى ئېتىۋەتتىم دېدىڭغۇ، راست، نېمشقا ئۇنى ئاتىسەن؟- دەپ سورىدىم، بوۋام ئىسسىق كاڭدا ياستۇقنى بېلىگە قويۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، مەن بولسام ئۇنىڭ ئالدىدا بەداشقان قۇرۇپ، ئىككى جەينىكىمنى تىزىمغا قويۇپ، ئېڭىكىمنى تىرەپ ئولتۇراتتىم.
- ئۇلار بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئىدى، بىزنىڭ ئۆلكىمىزگە بېسىپ كىرگەنلەر ئىدى، ئۇ چاغلاردا ئۆلكە دېگەننى دۆلەت دەپ چۈشىنەتتۇق، ساڭا دۆلىتىمىزگە بېسىپ كىرگەنلەر دېسەم چۈشىنىسەن بەلكىم. ،- دېدى بوۋام كۈلۈمسىرەپ، سۇئالىمغا مەمنۇن بولغاندەك. بوۋامنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە يەنە تەپتىم:
- ھە، بىلدىم، ياپونلارغا ئوخشاش، ھى ھى ھى، بىزنى مەكتەپ كىنوغا ئاپارغانىدى، شۇنىڭدا ياپونلارنى ئاشۇنداق ئېتىۋەتكەنتى...، - دېدىم مەن باللارغا خاس ھاياجاندا بوۋامنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، ئەمما گېپىم تۈگىمەيلا كاللامغا يەنە سۇئال كەلدى:
- بوۋا، سەن خاتا دەپ قويدۇڭ، ئۇ سېمىز خىتاي ئەمەس، ياپون چوقۇم، ھى ھى ھى،- دېدىم سەبىيلەرچە كۈلۈپ، بۇ مېنىڭ بوۋامنىڭ خاتالىقىنى تېپىۋالغانلىقىمدىن مەغرۇرلىنىشىم ئىدى. ئۇنىڭ يوتۇسىغا بېشىمنى قويۇپ ئىسسىق كاڭدا ئېغىناپ ياتتىم.
بوۋام، چاچلىرىمنى سىلىغاچ:
- ياق، ئوغلۇم، ئۇلار خىتايلار، شۇ خىتايلار بىزنىڭ دۆلىتىمىزنى بېسىۋالغان...،- دېدى، بوۋام شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا دادام ئىشىكتىن كىرىپ قالدى- دە، بوۋامنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:
- دادا، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن بالىغا، كىچىك بالىنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلەپ.
بېشىمىزغا بالا تاپىسەن جۇمۇ يەنە، بولدى، ئۇنداق گەپلەرنى بۇندىن كېيىن سۆزلىمە...،- دېدى دادام بوۋامغا سەل ئاچچىقلانغاندەك تەلەپپۇزدا. مەن ھەيران بولدۇم ، يەنە سۇئال سوراشقا پېتىنالماي جىم يېتىۋالدىم. بوۋامنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدىيۇ، ئەمما دادامغا گەپ ياندۇرماي، ئېڭىشىپ پىشانەمگە بىر سۆيۈپ قويۇپ:
- ساڭا سادىر پالۋاننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟- دەپ پىشانەمنى، چاچلىرىمنى سىلاشقا باشلىدى. مەن كۈلكەم ئارقىلىق ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، كۆزلىرىمنى يۇمغىنىمچە سادىر پالۋان بىلەن يامۇللاردا، قومۇشلۇقلاردا، سېپىللاردا بىرگە بولدۇم، شۇ خىياللار

بىلەن كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ يۇگۇرۇشكە باشلىدى. بوۋام قانداقتۇر بىر ئاھاڭدا ناخشا توۋلىغاچ پىشانەمنى، چاچلىرىمنى سىلىغاچ، تۆگلۈكتىن كۆك ئاسمانغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاچ كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىرىنىڭ مېنى كۆتۈرگەنلىكى ۋە ئەتراپىدىكى يىغا ئاۋازى بىلەن ئويغۇنۇپ كەتتىم، بوۋام تامغا يۆلەنگەنچە ئۇيقۇغا كەتكەن ھالەتتە ياتاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا يىغا ـ زار قىلىشىۋاتاتتى. ئەنە ئۇ مېنىڭ بوۋامنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ئۆيدىكىلەر مېنى قوش تىللىك سىنىپقا بەردى، شۇنىڭ بىلەن خىتاي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. نورۇز كۈنى مەكتەپكە دوپپا كىيىپ كەلگەنىدۇق، گىمناستىكا ۋاقتىدا ، مەكتەپنىڭ سېمىز خىتاي مۇدىرى مەيداننىڭ ئالدىدىكى بايراق خادىسى جايلاشقان سۇپىغا چىقىۋېلىپ خىتايچە:
ـ ھەممىڭ بېشىڭدىكىنى ئېلىۋېتىش، ئېلىۋېتىشمىساڭ مەكتەپتىن قوغلايمەن! ،ـ دەپ ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى خادىدا لەپىلداۋاتقان قىزىل بايراق خۇددى قانغا بوۋالغان نەيزىدەك بىلىنگەنىدى، شۇ نەيزە ئەمەلىيەتتە ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغانىدى. دوختۇرلار بوۋامنى يۈرەك كېسىلىدە قازا قىلدى دېيىشىپتىكەن ، ئەسلىدە بوۋامنىڭ يۈرىكىنى ئاشۇ نەيزە سانجىپ كېسەل قىلغانىكەن.
ـ قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئەھدى ـ ئىمانىمىز... ـ بوۋام بېشىمنى سىلىغاچ شۇ مىسرالارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىۋاتاتتى. بوۋامنىڭ بېشىمنى سىلاۋاتقان بارماقلىرى بىردىنلا توختاپ قالغانىدى، كۆزلىرىم غەپلەتتە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بالىلىقتىكى شۇ ئەسلىمىلەرنى ئەسلىگەچ كۆك بايراققا قارىدىم، ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئالدىم، كۆز ئالدىمدا بوۋامنىڭ سىماسى زاھىر بولماقتا ئىدى. ئۇ كۈلۈمسىرەۋاتاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ماڭا ئېيتماقچى بولغان ھېكايىسى تۈگىگەنىدى. مېنىڭچۇ؟ بىزنىڭ ھېكايىمىز قانداق تۈگەيدۇ؟ شۇ سۇئاللار مېڭەمدە قايتا ـ قايتا تەكرارلانغاچ كەچكۈزنىڭ غازاڭلىرىنى دەسسىگەچ يىراقلارغا كېتىپ باراتتىم...

# تىرىك جەسەت

ھېكايە

خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدا تۆنۈگۈن ئېشىپ قالغان پولونى ئىسسىتىپ مەززە قىلىپ ئولتۇراتتىم، يېنىمغا ئەزەلدىن سالام-سائەت قىلىشىپ باقمىغان بىر خىزمەتدىشىم كېلىپ ئولتۇرۇپ، قاچامغا قاراپ:

-پولو يەۋاتامسەن؟- دەپ قالدى، ياۋروپانىڭ يات تۇپراقلىرىدا سېرىق چاچلىق بىرىنىڭ «پولو» دېيىشىدىن ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدىم.

- سەن پولونى قانداق بىلىسەن؟- ئۇ تەخسىسىدىكى ياكيۇئۇمىچىنىڭ يېنىدىكى توخۇ كاۋىپىنى كەسكەچ، ماڭا قاراپ:

- بېيجىڭدا ئۇيغۇر ئاشخانىسىدا يىگەنىدىم،- دەپ ئېرەڭسىزلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ بولۇپ، دېرىزىدىن يىراقلارغا قارىغاچ ماڭا:

- سەن جۇڭگولۇق ئەمەسقۇ دەيمەن؟!- دەپ سۇئال ئاھاڭىدا سوراپ بولۇپ، نەزىرىنى ماڭا يۆتكىدى. ئۇنىڭ شۇ ھالىتى ماڭا خۇددىي مېنى سوراق قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟ «ياق، مەن جۇڭگولۇق» دەپ جاۋاب بېرەي دېدىم- يۇ، ئەمما كۆز ئالدىمغا نەچچە يىللار بۇرۇنقى ئىيۇلدا كۆز ئالدىمدا كوچىدا قانغا بويۇلۇپ يېتىپ قالغان جەسەتلەر زاھىر بولدى.

- ئاداش، ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگىنىم، ئېنگىلىس تىلىدا 4-دەرىجىدىن، خەنزۇچىدا 8-دەرىجىدىن ئۆتكىنىمنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىدى، نەگىلا بارسام «مىللىيلارنى ئالمايمىز» دەپ بوسۇغىدىنلا ھەيدىدى، تېخى « مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدە مىللىيلارنى خىزمەتكە ئالمايمىز دېگىنىڭلار قانۇنغا ئۇيغۇنمۇ؟!»-دېگەن سوئالىم ئۇچۇن تاس قالدى مېنى مىللىي بۆلگۈنچى، قانخور تېرورچى قاتارىدا تۇتۇپ كېتىشكىلى، ھېلىقى ئۇيغۇر ساقچىنىڭ « ھە نېمە دەيسەن، قانۇن-پانۇن دەپ قاپسەنغۇ، قانۇن بار جاينى كۆرستىپ قويايمۇ ئۇكا!» دەپ كاچىتىمغا بىرنى سالغانلىقىنى ئويلىساملا ئەركەك تورۇپ مېنى يىغا تۇتىدۇ. ئاداش، ئۆزەمنىڭ «مىللىي» بولۇپ قالغانلىقىمغا تويغۇزىۋەتتىنغۇ بۇلار!- دەپ تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق تارتىپ، نىكوتىنىنىڭ كۈچىدە ئۆزىنى بېھوش قىلىشقا، بۇ تەڭسىزلىكلەردىن بىردەم بولسىمۇ غەپلەتتە قېلىشقا ئىنتىلگەنلىكى ئۇنىڭ كوچىدا قانغا مىلىنىپ يېتىپ قالغان جەسىتى بىلەن گىرەلىشىپ كۆرۈنۈپ كېچىلىرى ئۇيقۇمغا كىرىپ مېنى بىئارام قىلاتتى.

- قاچ ئاداش، قاچايلى، ساقچىلار ئادەم ئاتتى. ۋايجان...!- ئەكرەم شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، كوچىدىكى كېسەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكەنىدى.
«ئۇيغۇر،ئۇيغۇر،ئۇيغۇر....» دېگەن ئۈنلۈك ئاما ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي كېتىپ بارغىنىمدا، دۇكانغا تاماكا ئالغىلى كەتكەن دوستۇمنىڭ «پوجاڭزا»ئاۋازىدىن كېيىنلا مەن تۇرغان تار كوچىغا يۈگۈرۈپ كېلىشى مېنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. يىراقلاردىن كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ئەمما ئۇ ئاۋاز يېقىنلىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىگە قىزىقىپ مېڭىپتىمەن، ئاللاھقا شۈكۈر، ھېلىمۇ شۇ مەيداندا بولۇپ قالماپتىمەن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئەكرەمنىڭ ئارقىدىنلا يۈزلىگەن كىشىلەر سەلدەك يۈگۈرگىنىچە بىز تۇرغان كوچىغا قۇيۇلدى، ھەممە ھەرياققا قاچماقتا، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا دوستۇم ئەكرەمنى يۆلۈدۈمدە بىزمۇ تامدىن ئارتىلىپ، قۇرۇلۇش بولىۋاتقان يېڭى بىنانىڭ ئىچىگە كىرىۋالدۇق، ئاياللارنىڭ يىغلىغان، ياشلارنىڭ ئاللاتوۋلاشقان ئاۋازلىرى كېلىۋاتاتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۇ جايدا تۇرغانلىقىمىز نامەلۇم،«پوجاڭزا» ئاۋازىنىڭ بىر مەھەل ياڭرىشىدىن كېيىن، ئەتراپ جىمىپ قالغاندەك بولدى، بىز مۆكۈنگەن جايىمىزدىن ئەمدىلا چىقىپ، ئۆيگە كېتەيلى دەپ تۇرۇشىمىزغا، قۇرۇلۇش مەيدانىغا قېچىپ كىرىۋاتقان «جەنۇبلۇق چىراي» ئىككى ئەر، بىر قىزنى قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان خىتايلارنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى كۆردۇق. ئاۋاق،

قارامتۇل كەلگەن پاكار خىتاي گۆرجەكنىڭ بىسلىق يېرى بىلەن ئۇچىنىڭ ئارىدىكى ياش يىگىتنىڭ يوتىسىغا كۆچەپ ئۇردى، يىگىت يەرگە يىقىلىشىغا قالغان خىتايلار قولىدىكى نەرسىلەر بىلەن ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچىلا، ئۇنىڭ ئارقىدا تۇرغان خىتاي كېسەك بىلەن ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىگە ئۇرۇپ يىقىتتى، ئۇمۇ يىگىت بىلەن بىرگە «چالما كېسەك» قىلىنماقتا ئىدى. بېشىغا «يېزا سۈپەت» ياغلىق ئارقان قىزنىڭ ياغلىقىنى چېچى بىلەن قوشۇپ تارتىپ، بىرقانچە خىتاي ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىپ سالغۇزدىدە، ئۇنىڭغا جەسەتلەرنىڭ يېنىدا نۆۋەت بىلەن باسقۇنچىلىق قىلدى. بىز خۇددى تۇمۇزدا ئېچىدىغان يۇندا تاپالماي ئەخلەت ساندۇقىنىڭ سايىسىدا يېتىپ قالغان لالما ئىتلارغا ئوخشاش بۇ ۋەقەلەرگە كۆز شاھىدى بولۇپ، جان ساقلاش تەمەسىدە تىرناقلىرىمىزنى چىشلەپ، يىگىتلەرگە خاس بولمىغان ھالدا قورقۇنچ تىترىكىدە دۇغدىيىپ، تىزلىرىمىزنى قۇچاقلىغىنىمىزچە ئولتۇرۇپ قېلىشتۇق. توۋۋا، بۇ مەنزىرىلەر قانچە قېتىم چۈشلىرىمدە زاھىر بولدى بىلمەيمەن، چىرايىنى ئۇچۇق كۆرمىگەن «جەنۇبلۇق» قىزنىڭ يالىڭاچ ھالەتتە قالغان جەستىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ گېلىمنى بوغقانلىقىنى چۈشەپ قارا بېسىپ قالىدۇ گاھىدا. قورۇلۇشچى خىتايلارنى ھەربىيىنىڭ كۆك ماشىنىسى كېلىپ ئېلىپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈپ قاراڭغۇدا چىراق نۇرى يوق جايلاردىن مېڭىپ ئۆي تەرەپكە قاراپ مېڭىشتۇق. پۈتلىرىم تىترەۋاتاتتى، ماغدۇرسىز ئىدى، ئاچلىقتىنمۇ ياكى قورقۇنچتىنمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۈنى پاجىئەلەرگە، ھېچ بولمىغاندا شۇ ئۈچ ئىنساننىڭ پاجىئەسىگە شاھىت بولۇپ، ئۆيگە ساق-سالامەت قايتىپ كېلىۋالدۇق.

ئەمما، شۇنداق بىر پاجىئەنىڭ يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن بېشىمىزغا كېلىشىنى ئويلىمىغانىدۇق. ئەكرەم بىلەن قوشنا ئولتۇراتتۇق، مەھەللىنىڭ ئالدىغا چوڭلاردىن ئوغۇرلۇقچە تاماكا چەككىلى چىققانىدۇق، قېلىچ-توقماق تۇتۇشقان بىر توپ خىتايلار باستۇرۇپ كېلىپ ئۇچۇرغاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇچۇرغان دۇكاننى-ئۆينى چېقىپ سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتاتتى. مەھەللىنىڭ دارۋازىسىغا يۈگۈرۈپ قاچتۇق، ئۇجايغا كېلىپ بولغان خىتايلارنى كۆرۈپ ئارقامغا يېنىپ قاچتىم، ئەكرەمنىڭ قانداق بولۇپ ئارقامدا قالغانلىقىنى بىلمەيمەن، تېرەكنىڭ ئېگىز جايىغا چىقىۋېلىپ، قويۇق

يوپۇرماقلار ئارىسىدا ساق قالدىم، ئەتراپ جىمىغاندا لالما ئىتتەك تام ياقىلاپ مەھەللە تەرەپكە ماڭدىم، قورقۇنچ ئادەمنى ئالقىنىغا ئېلىۋالغاندا ئىنساندا نە ۋىجدان، نە ئىمان بولمايدىكەن. دەرۋازا يېنىدا ئەكىرەمنىڭ قانغا بويالغان ھالدا ياتقان جەسىتىنى كۆردۈم-يۇ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا پېتىنالمىدىم....

- نېمە بولدۇڭ؟ جاۋاب بەرمەيسەنغۇ؟!- خىزمەتدىشىمنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ ئېسىمنى يىغدىم-دە، ئۇنىڭغا جاۋاب بەردىم:

- شۇنداق، جۇڭگولۇق. - بۇ جاۋابىم ئۆزەمگىمۇ يات ئاڭلىنىپ كەتتى، توۋۋا، ماڭا زادى نېمە بولدى؟!....

كەچ، ئېغىر تىنىقلار بىلەن تاماكىنىڭ ئىسىنى ئۆپكەمنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا سۈمۈرۈپ نىكوتىنىنىڭ كۈچىدە بېھۇش بولماقچى بولدۇم، نە ھاراق، نە نىكوتىن مېنى مەست قىلالمايۋاتاتتى، چۈنكى قەلبىمنى قوۋقۇنچ ئۇۋۇلىۋالغان، قورقۇنچ مېنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانلىقتىن ياتلاشتۇرغانىدى. ئاھ، ئاللاھ، مېنى نېمە ئۈچۈن ساڭا بولغان قورقۇنچ قاپلىمايدۇ؟!... كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرى دېرىزىدىن كارۋاتتا ياتقان تىرىك جەسىتىمگە چۈشۈپ، مېنى قۇرۇلۇش مەيدانىدا قالغان ئۈچ جەسەتنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ تاشلىدى...

# ۋەتەن دېگەن نېمە؟

28- سېنتەبىر، تۈنۈنسپىدىن ھالقىغىچە خىزمەت ۋە تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك خىياللىرى، ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش، شېرىن ۋە ئازابلىق ئەسلىمىلەر بىلەن ئۇخلىيالمىغان بولسامۇ، ئادىتىم بويىچە سەھەر ئويغۇنۇپ كەتتىم. ئالىي مەكتەپ ۋاقىتلىرىمدا شەكىللەندۈرگەن بۇ ئادەت ماڭا كۆپ پايدىلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. رەھمەتلىك بوۋامنىڭ :" غەپلەپ بەك يامان نەرسە ئوغلۇم، بولا ، ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ كەت. سىرتلاغا چىقىپ باشقا ئىش قىلمىساڭمۇ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئال. .." دەپ مېنى

سەھەر بامدات ۋاقتىدا ئويغاتقاندا تەكرار- تەكرار قىلغان سۆزى قۇلاق تۈۋىنىدە قايتا جاراڭلىغاندەك قىلدى. بىردىنلا ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشىم قايتا قوزغىلىپ قالدى. كەسپىي تەپەككۇر قىلىش شەكلىمۇ، ياكى بوۋام ئۆگەتكەن :" بالام مەسىلىنىڭ نېگىزىنى بىلىشنى بىل، پېشكەللىكىڭ بولسا يىلتىزىنى تاپ، ئاندىن ئۇنى ھەل قىلالايسەن..." دېگەن ھېكمەتنىڭ تەسىرىمۇ، ھەرقانداق ئىش بولسا نېگىزىنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ نېگىزىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ باقتىم. ۋەتەن ئۇنىڭ نېگىزى دېيىش ئەلۋەتتە بەك ئاددىي بولۇپ قالاتتى. مەن ۋەتەندە بەلكىم 18 يىل ياشىغان بولسام كېرەك، كېيىن خىتايدا 6يىلدىن ئوشۇق ياشىدىم، يەنە باشقا بىر دۆلەتتە بىر يىلدىن ئوشۇق ياشىدىم، ئويلاپ باقسام قۇرامىمغا يەتكەندىن بۇيان ۋەتەندىن ئايرىلىپ ياشاپتىمەن. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشىم ئارتىپ بارسا بارىدىكى، ھەرگىز كەملەپ ياكى ئازلاپ قالمىدى. بۇ سېغىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئەلۋەتتە ھىجرەتتە ۋە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر كىشىگە ئايان بولسا كېرەك. بىر گېرمانىيىلىك بىلەن سۆزلىشىپ قالغانىدىم، ئۇيغۇرلارنى خېلى بىلىدىغان بۇ كىشىدىن، ئۇيغۇرلاردىن ئالغان ئەڭ چوڭ تەسىراتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا:« ئۇيغۇرلار نەگىلا بارسا يۇرتىنى سېغىنىدىكەن، مەن بىر ئۇيغۇرنى كۆرگەن، 15 يېشىدا يۇرتىدىن ئايرىلغان، ھازىر ئاتمىش ياشتىن ئاشتىمىكىن، چەتئەلدە 40 نەچچە يىل ياشاپمۇ يەنىلا 15 يىل ياشىغان جايىنى سېغىنىپ كۆز يېشى قىلغان...» دېگەنىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كەلگۈسىدىكى ئۆزەمنى ۋە ماڭا ئوخشاش ئۇيغۇرلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۆزۈمگە لىق ياش كەلگەنىدى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇردا بولىدىغان بۇنداق ھېسسىياتنى باشقىلارنىڭ چۈشۈنىشى قىيىن ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سۇئال يەنە كاللامغا كېلىۋېلىپ مېنى قىيناشقا باشلىدى. ۋەتەندە بولغان نۇرغۇن ئەسلىمىلىرىمنى ئەسلىدىم. ئەنە جىلتكەمنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغان تۇنجى كۈنۈم، مومام قولۇمدىن يېتىلەپ مېنى مەكتەپكە ئېلىپ ماڭغانىدى. مەكتەپكە دەسلەپتە بېرىشقا شۇ قەدەر نارازى ئىدىمكى، تۇغۇلۇپ 6 ياشقا كىرگىچە بەلكىم ھېچقانداق ئىشقا ئۇ قەدەر نارازىلىق ۋە قارشىلىقىمنى بىلدۈرۈپ باقمىغان بولسام كېرەك. شۇڭلاشقىمۇ موماں مېنى مەكتەپكە بارماي قويمىسۇن دەپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە قولۇمدىن تۇتۇپ ئېلىپ بېرىپ، تاكى دەرس

تۆگىگىچە يېنىمدا ئولتۇرغانىدى. ئاجايىپ شېرىن ئەسلىمە، مومامنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ مەن بىرگە دەرس ئاڭلىغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلگىنىدە كۆزۈمگە لىق ياش كەلدى. بىلىشمىچە بوۋام روسلارنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن ئېنژېنېر ياكى تېخنىك ئىدى. بوۋامنىڭ ماڭا ئۇيغۇرچە خەت يېزىشنى ئۆگۈتۈش ئۈچۈن قولۇمدىن تۇتۇپ خەت يازغۇزغانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا، ئۇنىڭ كۈچلۈك ئالقانلىرىدىن كەلگەن ھارارەت ھېلىمۇ بارماقلىرىمدا قالغاندەك. كۆزۈمگە يەنە ياش كەلدى. كۈن چىقىشقا ئاز قالغانىدى، ئادەتتە بۇنداق چاغلاردا كەسپىي ماتېرىيال ياكى تىل ماتېرىيالى كۆرەتتىم. مانا بۈگۈن كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ بۇ سېنىنشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلماقتىمەن. بۇ سېغىنىش بەلكىم شۇ ئەسلىمىلەردىن بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ ئەسلىمىلەرگە قايتقىلى بولمايتتى، ۋەتەنگە بولسا قايتقىلى بولاتتى. ۋەتەنىدە نېمە قالدى؟ بوۋايلارنىڭ قەبرىسىمۇ؟ ياق، قەبرىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ جىسمى كۆمۈلگەن تۇپراقلار، ئەڭ مۇھىمى ۋەتەن تۇپرىقى ئەسلىمىلەرنىڭ شاھىدى ئىدى.

يەنە ئەسلىمىلەرگە غەرق بولدۇم، ئاتا-ئانام بىلەن بىرگە چاغلىرىم، بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەن چاغلار. دىمىقىمغا شۇ تاماقلارنىڭ پۇرىقى كەلگەندەك بولدى. كەچلىك بازارلارغا بىرگە چىقىپ تونۇر كاۋاپ يېگەن چاغلار، ئۆپكە- ھېسىپ يېگەنلىرىمىز، پۇرچاق ئۇيۇتمىسى- سېرىق ئاش، سامسا، كاللا- پاقالچەك، تۈرلۈك زىلىق - زىقسىز كاۋاپلار... ، رېستۇرانلاردا بولىدىغان تۈرلۈك نامدىكى قورىما-قورداقلار، مەززىلىك كۆكلەر- چۆپلەر، شورپىلار، مانتۇ، سامبوسا، پۈرە... دېگەندەك تۈكمە تائاملار، قازان كاۋاپلىرى...، مەززىلىك ھىدلار، ئوخشىمىغان يۇرتنىڭ ئوخشىمىغان تاماقلىرى، تۈرلۈك -تۈمەن ناملاردىكى نانلار...، شۇلار خىيال قىلغىنىمدا ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلدى. ئانا-ئانام بىلەن بىرگە يېزىلارغا بېرىپ يېگەن مېۋە-چېۋىلەر، شېرىن مېۋە شەربەتلىرى...، قىززىق ياز كۈنلىرىدە كۆللەردىكى زۇمرەتتەك سۇلار، دەرەخلەرنىڭ سايىلىرىدا ئولتۇرۇپ قىلىشقان پاراڭلار، سۈرۈشكەن ئارمانلار، تۈزۈشكەن پىلانلار...پاھ، شۇ تۇرقى ئاتا-ئانام بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن شۇ مەنىلىك دەقىقىلەرنىڭ ئەسلىمىگە ئايلانغانلىقىدەك رېئاللىق مېنىڭ گېلىمنى بۇغماقتا ئىدى. دادام بىلەن بىرگە دۇنيانىڭ ھەممە تېمىسى توغۇرلۇق پاراكلىشىپ قالاتتىم، دادام ماڭا گويا ھەممىنى بىلىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش، ئۇنىڭ دوستلىرى

بىلەن مۇڭداشقاندا ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش مېنىڭ بالىلىق ئەسلىمىلىرىمدىكى ئەڭ قىززىقارلىق ئىشلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ نېمىلەر توغۇرلۇق مۇڭداشقانلىقى ماڭا تازا ئايدىڭ ئەمەس چاغلار كۆپ بولغانىدى. ئۇلار دىن توغۇرلۇق سۆزلىشىۋېتىپلا مىللەتنىڭ پارىڭىغا، مىللەتتىن دۇنيانىڭ، دۇنيادىن ئۆزىنىڭ تۇرمىشىغا، تۇرمۇشىدىن قانداق ساياھەت قىلىش دېگەندەك تېمىلارغا يۆتكۈلەتتى، بالىلىق تەپەككۇرۇم ئۇلارنىڭ تېما ئالمىشىشىغا يېتىشەلمەي گاڭگىراپ قالاتتى. دادام بىلەن كىتابخانىغا تۇنجى كىرگەن چاغ ھېلىمۇ يادىمدا، شۇ چاغدا خىتايلارنىڭ چاتما رەسىملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش مودا بولغان ۋاقىتلار بولسا كېرەك، بىر پارچە چاتما رەسىملىك كىتابنى قولۇمغا ئېلىۋېلىپ تاشلىغىم كەلمىگەنىدى.

ئاتام قولۇمدىكى كىتابنى بىرقۇر كۆرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ قولۇمدىن يېتىلەپ بېرىپ « ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن توم كىتابنى قولۇمغا تۇتقۇزغانىدى. ئارىسىدا قىستۇرما رەسىممۇ بولمىغان، سىرتقى بېزىلىشى ھەم كىشىنى قىزىقتۇرالمايدىغان بۇ توم كىتاب مېنى ئۆزىگە قەتئىي جەلىپ قىلالمىغانىدى. شۇ چالاردا ساۋادىم چىقىپ، كىتاب ئوقىيالايدىغان دەرىجىدە چوڭ بولغان بولسام كېرەك، قانچە ياش ۋاقتىم ئىكەنلىكى يادىمدا يوق. قانداق جېدەللەر بىلەن ئۇ كىتابنى ئالغانلىقىم، قانداق چاغلاردا ئۇنى ئوقۇشقا باشلىغانلىقىم ھەم يادىمغا كەلمىدى. ئەمما ئۇ كىتابنى ئېلىپ ئوقىغىچە بولغان ئارىلىقتا كىتابنىڭ سىرتى بىر قۇر يىرتىلىپ بولغانىكەن. كېيىن ئۇ كىتابقا قىزىقىپ قالدىم، چۆچەكلەردىكى تۈرلۈك-تۈمەن ئوبرازلار، رەڭدار ۋەقەلىكلەر، ئاق-قارا دېۋىلەر، يالماۋۇزلار، گۈزەل مەلىكىلەر، پالۋان يىگىتلەر، پادىشاھلار، پادىچىلار، تىلسىماتلار، كوھىقاپ سەپەرلىرى، پاھ، شۇ چاغدا قانداق بىر دۇنيا كۆز ئالدىمغا زاھىر بولغانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇ كىتابنى بىر توم، بىر تومدىن قىلىپ قانچە تومىنى ئوقۇپ بولغانىدىم. پالۋانلارنىڭ يالماۋۇزلار بىلەن، دېۋىلەر بىلەن سۆيگەن يارىنى، چىرايلىق سىڭلىسىنى، ياشانغان بوۋا-مومىسىنى،يۇرت- خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇربانلىق بەرگەنلىكى، كۈرەش قىلغانلىقى ئاستا-ئاستا مېنىڭ خاراكتېرىمدە ئۆزگۈرۈش ياساشقا باشلىغان بولسا كېرەك، شۇ چاغلاردىكى ساددا ھېسلىرىمدا كىملەرنىدۇر دېۋىلەرگە، كىملەرنىدۇر جادۇگەرلەرگە، كىملەرنىدۇر ھىلىگەرلەرگە، كىملەرنىدۇر يالماۋۇزلارغا ئوخشىتىپ

ئۆچمەنلىك قىلىپ قالاتتىم، ئەلۋەتتە ئۇنداق كىشىلەر مەن قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن نارازى بولغان كىشىلەر ئىدى. قاچانلاردا قايسىدۇر قىزلارنى مەلىكىلەرگە، پەرىشتىلەرگە ئوخشىتىدىغان بولغانلىقىم يادىمدا قالماپتۇ. ئەمما يىگىتلىك قىزىقىشىنىڭ ئويغۇنىشىنى ھېس قىلغان ۋاقىتلىرىم ھېلىھەم يادىمدا تۇرىدۇ.

ئاپام ئەتكەن سۇيقاشىنىڭ تەمى ئاغزىمغا كەلگەندەك بولۇپ يەنە ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلگەندەك قىلدى. ئاپامنىڭ تاماقلىرى ئۆزگىچە ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان ئاشپۇزۇللارغا، رېستۇرانلارغا كىرىپ غىزالىنىپ باقتىم، ئەمما ئاپام ئەتكەن تاماقتەك مەززىلىك تاماقنى قايتا يەپ باقمىدىم. كېيىن بىلسەم، ھەركىمگە ئۆز ئاپىسى قىلغان تاماق ئەڭ مەززىلىك بىلىنىدىكەن. تۇنجى شېئىرىمنى ئاپام ئىچكىرىگە ئوقۇشقا كەتكەن چاغدا ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىم بىلەن يازغانىدىم. ئۇ شېئىرنى بىر پارچە رەسىمىم بىلەن ئاپامغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلاپ ئوقۇتقۇچىمغا بېرىپتىمەن، كېيىن مەكتەپ مەيدانىنىڭ قارا دوسكىسىغا ئۇ شېئىرنىڭ چىقىپ قالغانلىقى مېنى كۆپ خىجىلچىلىققا سالغانىدى. باللار شائىر ياكى قوشاقچى دېگەن لەقەمنى قويىۋالغانىدى. باللار شۇنداق ئاتىغاچقىمۇ ياكى ئۆزەمنىڭ راستلا شېئىر يازغىم بارمۇ، بىكار بولسامال شېئىر يېزىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرىۋالغانىدىم. بىر ئوقۇتقۇچۇم بار ئىدى، ئۇ ماڭا شېئىر يېزىشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگەتكەن ۋە شېئىر تۈرلىرى بىلەن تونۇشۇشۇم ئۈچۈن ماتېرىياللارنى بەرگەنىدى. ھەر قېتىم بىر نەرسە يېزىپ تاماملىسام شۇ ئوقۇتقۇچۇمنىڭ يېنىغا كىرەتتىم، ياشانغان ئوقۇتقۇچۇم مەن ئىشىكنى چېكىپ كىرگىنىمدە خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى، يازغان شېئىرىمنى ئوقۇپ بەزىدە كۈلۈپ كېتەتتى، بەزىدە قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ قولىغا توم سىياھ قەلىمىنى ئېلىپ يەنە بىر قەغەزگە قايتىلاپ يېزىپ كېتەتتى. قانداقتۇر قاپىيە، روبىرو، رېتىم، بوغۇم سانى دېگەنلەرنى ماڭا تەكىتلەيتتى، تىل موللىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن مەزمۇننى گىرەلەشتۈرۈش ھەققىدە خۇددىي مەن ئۇ گەپلەرنى چۈشىنىدىغاندەك سۆزلەپ كېتەتتى. ئەپسۇس، رەھمەتلىك ئوقۇتقۇچۇم بىلەن ئاخىرقى قېتىم يۈز كۆرۈشەلمەي قالدىم، ئۇنىڭ قەدرىنى تونۇپ يەتكىنىمدە ئۇنىڭ قەبرىسىگە تىكەنلەر ئۈنۈپ بولغانىدى. ئاپام شېئىرلىرىمنى ئوقۇشقا بەك ئامراق ئىدى، شېئىرلىرىمنى ئوقىسام شۇ قەدەر دىققەت بىلەن ئاڭلايدىكى، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ پەخىرلىنىپ، مەغرۇرلىنىپ

كېتەتتىم. ئاتام ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇمىغانلىقىغا باقماي، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ كېتەتتى، قايسىدۇر شائىرلارنىڭ ھاياتىغا ئائىت كىتابلارنى ماڭا ئېلىپ بېرىشكە ۋەدىلەرنى قىلىپ كېتەتتى. كىتابلىرىم چىقلاشقا، كىتاب جاھازام لىقلىنىشقا باشلىدى. تووۋا، ئاتا-ئانام بىلەن چەتكە چىقىشتىن ئاۋۋال خوشلىششتىن بۇرۇن كىتابخانامغا كىرىپ كىتابلىرىمغا قاراپ كۆز يېشى قىلغانلىقىم تۇيۇقسىز يادىمغا يېتىپ قالدى، بۇ مېنىڭ كىتابلىرىم بىلەن ئىككىنچى قېتىم خوشلىشىم ئىدى. ختايغا مېڭىشتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغانىدىم.

ئەمما ئۇ چاغدا يىلدا ئىككى قېتىم كېلىپ ئاتا-ئانام مەن يوق ۋاقىتلاردا ئېلىپ قويغان يېڭى كىتابلارنى ئوقۇپ بولۇپ جاھازىنى قايتا رەتلەپ قوياتتىم. ھازىر ئۇ پۇرسەتمۇ يوق ئىدى. ئاپام بىلەن بىرگە كىتاب رەتلەش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. بىر قېتىم ئاپام بىلەن بىرگە كىتاب رەتلەۋېتىپ بىر كىتابنىڭ ئىچىگە يۇشۇرۇپ قويغان خەت يادىمغا كېلىپ قالدى، ئۇ كىتابنىڭ نېمە كىتابلىقى يادىمدىن چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدىكى ئەندىكىش ھازىر خۇددىي تاتلىق چۈشتەك يۈتكىمگە كونا رېتىمنى قايتىلاتقاندەك قىلدى. ئەجبا ۋەتەن شۇنداق ئاجايىپ يۈرەك رېتىملىرىمۇ؟! ئاتا-ئانامغا « قاچان كېلىشىمنى ئېيتالمايمەن» دەپ چىڭ قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىكى يۈرەك رېتىمى ھېلىھەم مېنى ئازابلىماقتا.

سەھەر ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئىشقا ماڭغاچ ماشىنىدا كېتىۋېتىپ يولدا مەكتەپكە كېتىۋاتقان باللارنى كۆرۈپ يۈرىكىم يەنە ئېغىپ كەتتى. بىرچاغلاردا مەھەللىداشلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىم بىلەن مەنمۇ شۇ باللارغا ئوخشاش مەكتەپكە مېڭىشاتتۇق. يولدا بەزىلىرىمىز كېچە ئىشلىمگەن تاپشۇرۇقنىڭ غېمىدە تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغانلارغا تاتلىقلارنى شېرىنكانى قىلىشىپ تاپشۇرۇقنى كۆچۈرۈشنىڭ كويىدا ماڭساق، بەزىلىرىمىز تەنەپپۇستە ۋە مەكتەپتىن قايتقاندا نېمە ئويۇنلارنى ئويناشنى مەسلىھەتلىشەتتۇق. يەنە بەزىلىرىمىز بولسا كېچە ئويۇن ئوينىغاندا نېمىلەرنىڭ بولغانلىقى، قايسى مەھەللىنىڭ باللىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ۋە كىملەرنىڭ قانداق نوچىلىقى ھەققىدە سۆزلىشىپ ماڭاتتۇق. تۇرۇپلا، شۇ باللار يادىمغا يېتىپ قالدى.

ئۆلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە تۇرلۇك ۋەقەلىكلەر خۇددىي كىنو لىنتىسىدەك كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى. ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ يېزىشقا تېگىشلىك، رەتلەشكە تېگىشلىك ماتېرىياللارنى يېزىپ ۋە رەتلەپ بولۇپ، قەھۋە تەنەپپۇسىدە يەنە كومپيۇتېرنى قولۇمغا ئېلىپ شۇ بالىلىق ئەسلىمىلىرىمگە قايتتىم. باشلانغۇچ ۋاقىتلاردا قەغەز ئايروپىلان ياساپ ئويناش مودا بولغانىدى، تەنەپپۇستە ياكى گىمناستىكىدىن كېيىن ئاسماندا يۈزلىگەن قەغەز ئايروپىلانلار ئۇچۇپ يۈرىشەتتى، كىملەرنىڭدۇر بېشىغا كىملەرنىڭدۇر مۈرىسىگە قونۇپ قالاتتى بەزىلىرى. ئاجايىپ قىزىقارلىق ئوغۇللار ئويۇنلىرى بولاتتى، پۇتلىرىمىز ياكى قوللىرىمىز كۆكۆرۈپ كېتەتتى. توپ ئويناپتتۇق بەزىدە، بەزىدە كىملەرنىڭدۇر ئۇرۇشۇشىغا ئوتقويرۇقلۇق قىلىپ تاماشا كۆرۈشەتتۇق. ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋاسكىتبول ئويناش مودا بولغانىدى، ۋاسكىتبول ئويناش شۇ چاغلاردا ئەڭ مەنىلىك ئىشلارنىڭ بىرى بولغانىدى. كىملەردۇر مەندىن قايسىدۇر قىزلارغا تەلەپ خېتى ئۈچۈن شېئىر يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىدىغان بولىۋالغان، مەن ئەزەلدىن تونۇمىغا، ئۆلپەتلەشمىگەن بالىلار مەن بىلەن ئۆلپەت تارتىشىدىغان، ۋاسكىتبول ئوينىسام بىرگە ئوينىشىپ بېرىدىغان بولىۋالغان. ئويلاپ باقسام، شۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىرنىڭ كۈچىدىن بولغان ئىكەن. نېمە دېگەن شېرىن ئەسلىمىلەر ھە؟! قايسىدۇر قىزغا ئوغۇرلۇقچە قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىم، قاچانلاردا بىرىنچى قېتىم بۇرتۇمنى ئالغانلىقىم، قاچانلاردا كىملەر بىلەن كىملەرنىڭدۇر ئۆيىدە تۈنەپ مۇڭداشقانلىرىمىز، ھەممىسى يادىمغا بىردىن-بىردىن كەلمەكتە. بەدىنىمدىكى شۇ چاغلارغا مەنسۇپ تاتۇقلارنىڭ قاچان، قەيەرلەردە قالغانلىقى ئاستا-ئاستا يادىمغا كېلىشكە باشلىدى. قەھۋە ئىچكەچ كومپيۇتېر ئېكرانىغا قاراپ خۇددىي شۇ ئەسلىمىلەر ئېكراندا قويۇلىۋاتقاندەك كۆلۈمسىرەپ قويدۇم. ئاجايىپ تۇيغۇ قايتا دىلىمنى، يۈرىكىمنى، جىگىرىمنى، پۈتۈم جىسمىمنى ئورىۋالدى. ئاھ ۋەتەن، سەن شۇ ئەسلىمىلەرنىڭ شاھىدى-سەن. ئەمما، سەن زادى نېمە؟

ۋەتەن سېغىنىشىدىن تۇغۇلغان خىياللار بىلەن ۋەتەنىنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىقلاش ئىستىكىم مېنى بارغانچە قىستىماقتا ئىدى. قانداقتۇر رومانتىك، شائىرانە خىياللار ماڭا ۋەتەننى تەبىرلەپ بېرىشكە ئۇرۇنماقتا، تارىخنىڭ سارغايغان ۋاراقلىرى ماڭا ۋەتەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شەرھىيلەشكە تىرىشماقتا. ئەسلىمىلەر ماڭا ۋەتەنىنىڭ نېمە

ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشقا تىرىشاقتا ئىدى. ۋەتەن دېگەن زادى نېمە؟ دېگەن سۇئال ماڭا جاۋاب تېپىشنى ئۆگەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. تۇنجى قېتىم مەكتەپتە بىز ئۇيغۇرلار دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىز بىلىپ، ئۆيگە كېلىپ ئاپامغا :« ئاپا،ئاپا، سەن بىلەمسەن، بىز ئۇيغۇركەنمىز!» دېگەن سەبىيلىكتىكى تاتلىق سۆزۈم يادىمغا يېتىپ كۈلگۈم كەلدى. ئۇ بەلكىم مېنىڭ ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى تۇنجى بولۇپ ئۆگەنگەن ۋاقتىم بولسا كېرەك؟! بەلكىم شۇندىن كېيىن ۋەتەندىكى بارلىق تۇرمۇش ۋە هايات ئەسلىمىلىرىنى ئۇيغۇر سۆزى بىلەن تامغىلىغانلىقىم ئۈچۈن، شۇ ئەسلىمىلەر ماڭا ۋەتەن بولۇپ بىلىنگەندۇر؟ ياق، ئۇ ئەسلىمىلەر مېنىڭ باتىنىي قۇرۇلمامنى قۇرغان ۋە تەپەككۇر شەكلىمنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى ئۇلى بولغان ئەندىزىنى شەكىللەندۇرگەن، شۇڭلاشقا ئۇلار ماڭا كىملىك تۇيغۇسى بەرگەندى. ئەنە شۇ كىملىك تۇيغۇسى ياكى تونۇش بەلگىسى مەندە هامان ۋەتەن سېغىنىشنى ئويغىتىپ تۇرغاندى. ۋەتەن دېگەن سۆزنى گەرچە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ساختا ۋەتەننى تونۇشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان تەشۋىقاتلىرىدىن بىلگەن بولسام كېرەك، ئەمما قاچانلاردا ئۇنىڭ مەن ئويلىغان ياكى مەن تەئەللۇق بولغان ۋەتەن ئەمەسلىكىنى تونىغانلىقىم نامەلۇم. مەنچە، هەرقانداق بىر ئۇيغۇر كىملىك تۇيغۇسى بار ئۇيغۇردا شۇنداق تېگىرقاش بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى، بىزدەك دۆلىتى بولمىغان مىللەتكە نىسبەتەن ۋەتەن تەبىرىنى ئېنىقلاش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. باشقىلار، دېمەكچى بولغىنىم دۆلىتى بارلار، ياكى ئۆزىنى مەلۇم دۆلەتكە تەۋە دەپ ئويلايدىغانلاردا بەلكىم ۋەتەن ئۇقۇمىغا نىسبەتەن بۇ قەدەر مۇرەككەپ تەپەككۇر بولۇشى ناتايىن. چۈنكى شۇ دۆلەتنىڭ جۇغراپىيۋي، ئىجتىمائىي، كۇلتۇر-مەدەنىي مەۋجۇدلىقى ئۇلارغا ۋەتەننى مەلۇم دەرىجىدە تەبىرلەپ بېرەلەيتتى. ئەمما، ئۇيغۇرغا نىسبەتەن ئۆزىنى «جۇڭگولۇق» دېيىش ئۇنداق ۋەتەن ئۇقۇمىنى بېرەلمەيتتى. چۈنكى، ئىستىمالدىكى بۇ «جۇڭگو» ئۇقۇمى بىلەن ئۇيغۇردىكى كىملىك تېگىرقىشى هەل بولمايتتى. چۈنكى ئۇ «جۇڭگو» تەبىرىدىكى كۇلتۇر- مەدەنىيەت، تىل، تارىخ، ئېرق، تۇيغۇر... هەممىسى ئۇيغۇرغا تونۇش، ئەمما تەۋە بولمىغان نەرسىلەر ئىدى. ئەجەبا ۋەتەن شۇنداق كىملىك تېگىرقىشىمىدۇ؟ ياكى شۇنداق كىملىك تېگىرقىشنىڭ جاۋابىمىدۇ؟

ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش تۇيغۇم تەپەككۇرۇمنىڭ يىراقلىشىشى بىلەن بارغانچە مۇرەككەپلەشمەكتە. تەپەككۇرۇم بىردىنلا ماڭا زامان باسقۇچلىرىنىڭ ۋەتەنگە تەبىر بېرىشتە ھېچقانداق چەكلىمىلىكى يوقلىقىنى تونۇتقاندەك بولدى. بىردىنلا بىر مۇھاجىر ئۇيغۇر بوۋاي بىلەن بولغان سۆھبىتىم يادىمغا يەتتى، ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدىكى ۋەتەن مېنىڭ ئەسلىمەمدىكى ۋەتەندىن تامامەن پەرىقلىق ئىدى، ئەمما ئىككىلىمىزنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىمىز ۋە سېغىنىشىمىز ئوخشىشاتتى. مەن زامانىۋىي ئاۋات كوچىلارنى ۋە خىتاي تائام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاچچىق تائاملارنى ئەسلەپ قالاتتىم، بوۋاي بولسا توپىلىق يېزا يوللىرىنى، سەھەردا مەھەللىدە بولىدىغان خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، ئېتلاۋىنىڭ قاۋالىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەلىرى ۋە ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرىنى ئەسلىگەنلىكى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئىككىمىز ۋەتەنىنىڭ ئوخشىمىغان كۆرۈنۈشىنى ۋە ئوخشىمىغان زامانىنى ئەسلىشەتتۇق. ئەمما بۇ ئەسلەشنىڭ مەنبەسى بولغان ۋەتەن دېگەن ئۇقۇمغا بولغان تۇيغۇمىز ئوخشايتتى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىز ئوخشايتتى. بىردىنلا تەپەككۇرىمدا ۋاقىت ۋە زامان ھالقىغان ۋەتەن ئۇقۇمى ئاستا-ئاستا زاھىر بولۇشقا باشلىماقتا. ۋەتەن تارىخىدىكى ۋەقەلەر، پاجىئەلەر قەغەز يۈزىدە كۆرگەن بولسامۇ، ئەمما ئوبرازلىق ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلمەكتە. ئۆزەم شاھىت بولغان ۋەقەلەر كۆز ئالدىمغا كېلىپ، بەزىدە سىياسەتتىن يىرگىنىپ قالىدىغان تۇيغۇمغا باسقۇنچىلىق قىلغاندەك مېنى يەنىلا سىياسىي زىيانكەشلىكنىڭ ۋە ئويۇنلارنىڭ قۇربانى بولغان شۇ خەلقىم ياشايدىغان تۇپراقتا بولغان ئىشلار خاتىرەمگە كۆرۈنمەكتە. سىياسىي سەۋەبلەر بىلەن قىسقا مۇددەتلىك تۈرمىگە سولانغان ۋاقتىمدىكى كۆرگەنلىرىم ۋە ئاڭلىغانلىرىم قايتا يادىمغا كېلىپ تېنىم قايتا شۈركىنىشكە باشلىماقتا. بىردىنلا مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان خوتەنلىك بالىنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولدى، ئۇنىڭ بېلەكلىرىدىكى كىشەندىن قالغان تاتۇقلار، دۈمبىسىدىكى، پۇتىدىكى تاتۇقلار، بارماقلىرىدىكى، يۈزىدىكى يارا ئىزلىرى... يۈرىكىم ئېغىپ، شۇ چاغدىكى غەزەپكە ئايلانغان، ئەمما پارتىلاشقا پېتىنالمىغان تۇيغۇلىرىمنى قايتا ئويغاتقاندەك بولدى. باشلانغۇچتىكى چىرايلىق قىز ساۋاقدىشىمنىڭ نامىزىغا بارغان كۈن يادىمغا كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ خىتاي ئىشلەمچىلەر تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى جامائەتكە ئاشكارىلىنىشى

چەكلەنگەن سىر ئىدى. شۇ كۈنكى نامازغا كەلگەن ساقچىلارغا بولغان يىرگىنىش ھېسسىياتىمنى تۈرمىدە كۆرگەنلىرىم تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. كىچىكىمدە بىرگە ئوينىغان باللاردىن قانچىسىنىڭ جاھان ھەلەكچىلىكىدە ساقچى بولغانلىقى ماڭا تېخى ئېنىق ئەمەس، ئەمما بەشىنچى ئىيۇل قىرغىنىدىن كېيىن ۋەتەنگە قايتقىنىمدا شۇلاردىن بىرىنىڭ مېنى توسىۋالغانلار ئارىسىدا ئىكەنلىكى يادىمغا يەتتى.

شۇنداق ئاچچىق ئەسلىمىلەرمۇ ۋەتەنگە بولغان ھېسسىياتىمنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدىم. قايسىدۇر بىرىنىڭ :«مىڭلىغان قۇربانلارنىڭ قېنى بەدىلىگە كەلگەن ئاپتونۇم رايون بۇ، ئەمدى بىز بۇ جايدا يات خەق بولۇپ قېلىۋاتىمىز دېسە ماۋۇ كەلگۈندىلەرنىڭ ئالدىدا...» دېگەن سۆزى بىلەن غايىپ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى نەۋرە ئاكام. شۇ سۆز يادىمغا يەتكەن دەقىقىدە ۋەتەن تۇپرىقىدا بولغان تارىخي ۋەقەلەردىن قانلىق ئىنقىلابلار ۋە كۈرەشلەر خاتىرەمنى چەكتى، شۇنداق، ئۇلارمۇ ۋەتىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

«ۋەتىنىڭ قەيەردە» دېسە خەرىتىدىن كۆرسىتىپ بېرىدىغانلارغا ھەۋەسلىنىپ كېتىمەن. چۈنكى، ئۇلار خەرىتىدىن ۋەتىنىنى كۆرسەتكىنىدە كىشى كاللىسىغا ئازدۇر-كۆپتۇر شۇلارغا ئائىت ئۇقۇم كېلەتتى. ئەمما، مەندىن باشقىلار ئوخشاش سۇئالنى سورىغاندا مەن خەرىتىنى تۇرۇپ ھېچ نېمىنى ئۇلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم. چۈنكى، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇ توخۇسىمان دائىرىنىڭ قويرۇق تەرىپىگە جايلاشقان تېررىتورىيىمۇ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا ئىت-مۈشۈك گۆشى يەيدىغان كۇلتۇر-مەدەنىيەت چەمبىرىدە ئىدى. بىردىنلا ۋەتەن كۇلتۇر- مەدەنىيەت بولسا كېرەك، دېگەن تار مەنىدىكى مۇتلەقلەشتۈرۈش پىسخىكىسىدا بولدۇم. ئەمما بۇنداق قىلىپ ئۆزەمنى ئالدىيالمايتتىم. ئەسلىمىلىرىمگە سىڭىپ كەتكەن، چۈشلىرىمدىمۇ ۋە ئوڭۇمدىمۇ تونۇش بولغان تىل ۋە كۇلتۇر-مەدەنىيەت ئامىللىرى ماڭا ۋەتەندەك بىلىنىدى. شۇنداق، ئۇلارمۇ ۋەتەن تۇيغۇسىنىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىللار ئىدى. تەپەككۇرۇم ئائىلىۋي دائىرىدىن ھالقىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلەرگە قاراڭ ماڭماقتا. ئەمما، بۇ دائىرە قانچە ھالقىسىمۇ، گېئوپولىتىكىلىك جەھەتتە بىزگە «قېرىنداش مىللەت» بولغان ئاشۇ خەقنىڭ كۇلتۇر- مەدەنىيىتى ماڭا ھەرقانچە تونۇش بولسىمۇ، مېنىڭ تەپەككۇر دائىرەم

ئىچىدە ماڭا ۋەتەن ھېسسىياتى بېرەلمىگەنىدى. دېمەك مەن ئويلىغان ۋەتەن خەرىتىدىن ۋەتىنىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ۋەتەن بىلەن كۆپ پەرىقلىق ئىدى. بۇ ۋەتەن تېرىتورىيىسى سىياسىي چېگرالار ئايرىلغان خەرىتىلەردە ئېنىق چېگراسى ئايرىلغان ۋەتەن ئەمەس ئىدى. ئاھ، ۋەتەن، سېنى ئاستا-ئاستا تونىۋاتقاندەك قىلىمەن. سەن شۇنداق بىر ۋەتەنكى، قەلبىمىزدە باشقىلارنىڭ ۋەتىنى ئۇلارنىڭ قەلبىدە قانداق ئۇلۇغ بولسا، سەنمۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە شۇنداق ئۇلۇغدۇرسەن! ئەمما، سەن بىزنىڭ كىملىكىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشتە نۇرغۇنىمىزنىڭ تېڭىرقىشىغا سەۋەبچى بولىسىز. بۇ سېنىڭ كەمچىللىكىڭ ئەمەس، بىزدەك قۇربان بېرىشكە پېتىنالمايدىغان پەرزەنتلىرىڭنىڭ سەۋەبىدىندۇر. شۇنداق، سەندە سەن ئۈچۈن بارلىقىنى تەسەددۇق قىلغان ئانىلار، ئاتىلار، قىزلار ۋە يىگىتلەر يېتىلىپ چىققان، ھەم داۋاملىق يېتىلىپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ سېنىڭ باغرىڭدا ياشاۋاتقان، زۇلۇمدا، خىرىستا، قوقۇنچتا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرى بار، ئەمما ئۇلار سەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى سېغىنىشنىڭ جاۋابى دەپ بىلگەنلەر بولسا كېرەك، ھامان قۇربانلىق بېرىپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ، يەنە نۇرغۇنلار قۇربانلىق بېرىش يولىنى تاللاش ئالدىدا تەمترەۋاتىدۇ. بىزنىڭ ساڭا بولغان ھېسسىياتىمىز ئوخشاش، ئەمما بۇ ھېسسىياتقا جاۋاب ئىزدەش يولىمىز ئوخشمايدىكەن. ھەتتا بەزىلىرىمىز بۇنداق ھېسسىياتقا جاۋاب ئىزدەش تەپەككۇرىنىمۇ قىلىشنى ئۆزىگە ئەرزىمەس ھېس قىلىدىكەن ياكى ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. سەن بەزىدە سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇنىمىز ساڭا بولغان ھېسسىياتىمىزنى ئۇنداق سىياسىي ئۇقۇملاردىن چېگرا ئايرىغان ھالدا ئېنىقلاشقا تىرىشىدىكەنمىز، ئەمما ئۇ خاتا يۆنىلىشتە ساڭا تەبىر بېرەلمەي قالىمىزكەن. ئەي ۋەتەن، سەن قۇربان بېرىش يولى ئوخشىماسمەن؟! قۇربان بېرىش ئارقىلىق ساڭا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىمىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىدىغان ئوخشىمامدۇق؟! بۇنىڭغا ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى ئوخشىمىغان جاۋابلارنى بېرىشكە تىرىشىدۇ. بەزىلەر قۇربانلىقنىڭ ۋىسال يولى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ، بەزىلەر «زامانغا قاراپ ئىش تۇتۇش » دېگەن پەلسەپە بىلەن تەسلىم بولۇشقا ماڭىدۇ...
مەنچۇ؟ سىزچۇ؟ سىلەرچۇ؟

ۋەتەنگە بولغان ھېسلىرىم تەپەككۇرىمنى يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. كۆك ئاسمانغا قاراپ كۆزلىرىم ياشقا تولدى، كۆزلىرىمنى ئاچچىق يۇمشۇپتىپ ياشلارنى يۇتۇۋەتتىم-دە، ئىشخانىغا كىرىپ خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدىم. ئاھ يۈرىكىم، سېغىنىش رېتىملىرىدا تىپىرلاپ كېتىۋاتاتتىڭ، سېغىنىشنىڭ مەنبەسى بولغان ۋەتەن ئىبارىسگە جاۋابىڭنى تاپتىڭمۇ؟

# باتۇرنىڭ پاناھلىق تىلىشى

ھېكايە

باتۇر لاگىردىن چىقىپ ئاپتوبۇس بىلەن بەخت يولىدىكى كۆچمەنلەر ئىدارىسگە سىياسي پاناھلىق كۆنۈشمىسى بەرگىلى ماڭدى، ئۇ ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ ئانا تىلىدىكى يول بەلگىلىرىگە، ئېلان تاختىلىرىغا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

- مانا ئۇيغۇرنوڭ دۆلىتى دېگەن، بۇ تۇپراققا مىڭ جاپالارنى تارتىپ، قانچە چاقىرىم يوللارنى پىيادە بېسىپ ئاران قەدەم باستىم. ئەي ئانا تۇپراق، سەن ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىنىڭ بەلگىسىدۇرسەن! ئۇيغۇرنىڭ كۆكىرىدىغان ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلايدىغان تەختىدۇرسەن. بۇ قەدىمي مىللەتنى دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا دائىم قەت كۆتۈرگۈزىدىغان سەھنىسىدۇرسەن! سېنىڭ ئۈچۈن قانچىلىغان قانلار تۆكۈلدى؟! مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىغىچە قانچىلىغان قۇربانلىقلارنى بەرگەنىدى، سوۋىت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ۋە ھەربىي قوماندانلارنىڭ بويرىقى بىلەن قوشۇن ماناس دەرياسىدا ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ قالغاندا، قانچىلىغان كىشىنىڭ ئىچى ئاچچىق

بولغاندۇ؟ قانچىلىغان مىللىي ئەسكەرلەر قان يىغلاپ بۈيۈك غەلبىنىڭ قولغا كېلىشى ئۈچۈن قۇربان بولغان سەپداشلىرىنى ئەسلەپ ماتەملەر تۇتقاندۇ؟! ...

- دىڭ-دوڭ، ئالدىمىزدىكى بېكەت كۆچمەنلەر ئىدارىسى... - ئاپتوبۇسنىڭ ئاپتوماتىك سىگنالى ئۇنى خىياللاردىن ئويغاتتى. ئۇ پاكىزە كېيىنگەن كىشىلەر بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ كونا، ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلىتىنىڭ پۈخرالىق سالاھىتى بىلەن مەغرۇر يۈرۈيدىغان مىللەتداش ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىرگە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىنا قىلىنغان، قويۇق مىللىي مىمارچىلىق پۇرىقىدىكى بىناغا كۆز تاشلىدى. مۇشۇ بىنا ھەققىدە كۆپ ھىكايەتلەرنى ئاڭلىغانىدى باتۇر.

باتۇر كوممۇنىست خىتاي دۆلىتىدە ئۆز كىملىكى ئۈچۈن تەمترەپ يۈرگەن چاغلىرىنى ئەسلىدى. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان، خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە قىسملىرى سوۋېت قىسملىرى بىلەن غەربىي ۋە شەرىق تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ مىليونلىغان تاجاۋۇزچىلار يەرچىشلەپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خىتاي دۆلىتىدە ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان ئومۇمىي مىللىي نەپرەت شەكىللەنگەنىدى. خىتاي زېمىنىدا قېلىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ مىللىي نەپرەت سەۋەبىدىن مىللىي زۇلۇم تارتقان ۋە قىرغىن قىلىنغانىدى. باتۇر ئائىلىسى ئەنە شۇنداق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۇنىڭ كۆڭۈلشمە ۋاقتىغا يەنە بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بار ئىدى. باتۇر ئىككى يۈز مېتىرچە يىراقلىقتىكى ماناس مىللىي قۇربانلار باغچىسىغا بېرىپ قارىغايلار ئارىسىكى بىر ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىياللىرى پەرۋاز قىلىپ ئۇ ئوقىغان تارىخ بەتلىرىگە كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ماناس قەھرىمانلىرى زاھىر بولماقتا:

مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسمى بىلەن ھۇجۇمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. مىللىي قوشۇن ئارىسىدا باتۇر ئىسىملىك قىران پىدائىي يىگىتمۇ بولۇپ، ئۇمۇ باشقا ئەسكەرلەرگە ئوخشاشلا تىت-تىت بولماقتا ئىدى، " ئەنە ئۈرۈمچى شەھىرى كۆز ئالدىدا دېگۈدەك جايدا، قانچە جاپالار بىلەن مۇشۇ جايغىچە قانچىلىك قۇربانلارنى بېرىپ كەلدى مىللىي قىسىم؟! ئەجىبا بىزنىڭ قۇربانلىق

بىرىشىمىز پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا مىللىي ھاكىمىيىتىمىزنى تىكلەپ، ئىستىلاچى خىتايلارنىڭ ئىشغالىدىن قۇتۇلۇش ئەمەسمىدى؟!“ دېگەن ئويلار ئۇنىڭلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ كاللىسىدا يوغان سوئال بەلگىسىنى قويغانىدى.

-ياق، بۇنداق بولغاندا خىتايغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك بولىدۇ، ھازىر بار بولغان ئەسكىرىي كۈچىمىز بىلەن تامامەن خىتاي ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز! - باتۇر پىدائىي ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى يوشۇرمايلا پىشقەدەم ئەسكەر توختاخۇنغا ئېيتتى.

- دېگىنىڭ ئورۇنلۇق يىگىت، ئەمما بىزنىڭ بېشىمىزدا ھازىر ئاۋۇ ئۆيدىكى رەسىيلىك قوماندانلار بار، ئۇلار توختا دېسە توختىماي ئامالىمىز يوقتە...- توختاخۇن موخۇركىسىنى ئورىغاچ سەل قازاق چىراي، تەمبەل بەستلىك ئۇيغۇر يىگىت باتۇرغا تىكىلدى.

- ياق ئاكا، بىز ئۆز تەغدىرىمىزنى ھامان ئۆزىمىز قولىمىزغا ئېلىشنى بىلىشىمىز كېرەك!

- ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بىزدەك كىچىك مىللەتنىڭ كۈچى يوق تۇرسا، روسلار خىتاي بىلەن بىرلىشىپ باستۇرۇپ كەلسە بىزنى يوق قىلىۋېتىدۇ، بىلمەمسەن ستالىن ياۋروپادا مىليون كىشىلىك قوشۇن بىلەن نېمىسلارنى مەغلۇپ قىلدى، ئۇ قولىنى بىرلا شىلتىسە بىزنى يوق قىلىۋېتىدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇڭدىكى قۇرال شۇلاردىن كېلىدىغان تۇرسا...- روھلان ئىسىملىك خېلى ئوقىغان پىدائىي موسابايلارنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن خۇرۇم بىلەن تىكىلگەن ئۆتۈكىنى لاتا بىلەن ئەرتىكەچ، شۇ گەپلەرنى قىستۇردى.

- ياق، بىزدە كۈچ يوق ئەمەس، بىزدە ئىرادە بار، ئىرادە دېگەن كۈچتۇر! نىشانىڭغا بولغان ئىرادەڭ يوق بولدى دېگەنلىك، كۈچۈڭ يوق بولدى دېگەنلىكتۇر! ...- پىدائىي باتۇر شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردىدە يىراقتىكى قارىغاينىڭ تۈۋىگە كېتىپ قالدى.

تۇن قاراڭغۇسى تاغنىڭ سوغۇقىدا گۈلخانلار ئەتراپىغا توپلاشقان ئەسكەرلەرنى يوشۇرۇپ قېلىشقا قابىل بولالمىغانىدى. گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پىلىموتنىڭ ئاۋازى تاتىلداپ كەتتى. روس مەسلىھەتچى ۋە قوماندانلار تۇرغان ئۆي ئوت دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ قۇراللىرىنى ھەر تەرەپكە قاراتقاچ:

ـ خىتايلار كەلگەن ئوخشايدۇ! دىققەت!...ـ دەپ ۋارقىرىشۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا قولىغا مەشئەل كۆتۈرگەن بىر قارا سايە يوغان تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ۋارقىرىدى:

ـ قېرىنداشلار! ....ـ جاراڭلىق ئاۋاز خۇددى زەمبىرەك ئاۋازىدەك يىراقلاردىن ئەكس سادالارنى قايتۇرۇپ ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

ـ قېرىنداشلار، بىز بۈگۈنگە كەلگىچە قان كېچىپ كۈرەش قىلدۇق، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز شېھىت بولدى، نۇرغۇنىمىز ئاكا-ئىنىمىزدىن، ئاچا-سىڭلىمىزدىن، ئاتا-ئانىمىزدىن ئايرىلدۇق، ئۇلار مۇشۇ جايغا كەلگىچە بولغان ئۇرۇشلاردا قۇربانلىق بەردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە شۇنداق بىر ئارمان بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ مۇستەقىل دۆلىتىمىزنى قۇرۇش ئارمانى ئىدى! توختاخۇن ئاكىنى بىلىسلەر، ئۇ ئەنە ئاراڭلاردا تۇرىدۇ. ئۇ خىتاي ئايرۇپىلانلىرى بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە ئۇلارنى پىلىموت بىلەن ئېتىپ چۈشۈرگەن مەرگەن! ئۇنىڭ قىزى ئارزىگۈل تارانچىلار ئىچىدە ھەممە پەخىرلەنگىدەك ئەقىللىق ھەمشىرە ئىدى، ئارزىگۈلنىڭ ئارىمىزدىكى قانچىمىزنى قۇتقۇزغانلىقى، قانچىمىزنىڭ يارىسىنى ئادالاپ تاڭغانلىقىنى ھېچكىم ساناپ باقمىغان. ئاراڭلاردا قانچىلىغان ياش يىگىتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئاشىق ئىدى، ئۇ بىزنىڭ پەرىشتىمىز ئىدى! ئۇنىڭ جەسىدىنى ئېچىنىشلىق ھالەتتە تاپقان كۈن يادىڭلاردىمۇ، خىتايلار ئۇنى دەپسەندە قىلىپ، ئىچكى ئەزالىرىنى نەيزە بىلەن يىرتىپ ئېلىپ، پەرىشتىدەك جىسمىنى قارىغايغا پۇتىدىن ئېسىپ قويغانىكەن. ئابدۇللا ئىنىمىز يادىڭلاردىمۇ، ئۇ غۇلجا ئايرۇپورتقا ھۇجۇم قىلغانىدا ئەخەتجاننى قۇتقۇزىمەن دەپ ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغانىدى، بىچارە ئۆلۈش ئالدىدا بىزگە " ۋەتەن ئۈچۈن چوقۇم غەلىبە قىلىمىز!" دەپ جان ئۈزمىگەنمىدى. ئەمەتچۇ، تۇرسۇنچۇ، باھاۋدىنچۇ، بابۇرچۇ، ئاكا-ئۇكا ھەبىبۇللالارچۇ، ئەزھەرچۇ، خالمۇراتچۇ، سېيىتچۇ، ... نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز قۇربانلىق بەردى، ئۇلار ھېلىمۇ يادىڭلاردىمۇ؟! نۇرغۇنىسى قۇچىقىڭلاردا جان ئۈزدى،

ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ۋەتەنىنىڭ ئەركىن كۆكىگە قادىلىپ جان ئۈزدى! بىزنىڭ مەقسىتىمىز، شۇ شېھىتلىرىمىزنىڭ مەقسىدى ئۈرۈشنى مۇشۇ جايدا تاماملاشمىدى؟ ياق، بىزنىڭ مەقسىتىمىز مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئىدى! ئەنە، خىتاي باسمىچىلىرىنىڭ مەركىزىگە ئاز قالدۇق، بۇ جايدا لاگىر تىكىپ يېتىشىمىز بىزنى مەغلۇبىيەتكە باشلاپلا قالماي، بەلكى مىڭ تەسلىكتە مىڭلىغان قۇربانلارنى بېرىپ تىكلىگەن مىللىي ھاكىمىيىتىمىزنى بەربات قىلىدۇ، مىللىتىمىزنى قايتىدىن قۇللۇققا، مۇستەملىكىگە مۇپتىلا قىلىدۇ! بىزنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن تەسلىم قىلدۇرماقچى بولغان رەسلىكلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىۋەتتىم. ئەمدى بىزنى توسۇيدىغان ئادەم يوق! ياراتقۇچىمىزدىن كەلگەن كۈچ بىزگە ھەمراھ! بىزنىڭ بۈگۈنكى قۇربانلىقىمىز ئەتىكى ئەۋلادلارنىڭ مۇستەقىللىقتىن ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمان بولۇشى ئۈچۈندۇر! قۇربانلىق شەرەپتۇر، بىز قۇربان بولۇشقا بەل باغلىغان، ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى دېگەن شۇئار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان پىدائىيلارمىز! قولۇڭلارغا قۇرالنى ئېلىڭلار، ئۇرۇمچىگە قاراپ ئاتلىنىمىز، ئۇرۇمچىدىن تۇرپانغا، تۇرپاندىن قۇمۇلغا قاراپ ماڭىمىز، قۇمۇلنى ئالدۇق دېگەنلىك دۆلىتىمىزنى ئالدۇق دېگەنلىك، خىتاينىڭ كىرىش ئېغىزىنى ئېتىۋالدۇق دېگەنلىك! مەيلى قانچىلىك قۇربان بېرىش بولسۇن، ھامان غەلبىنى قولغا كەلتۈرىشىمىز لازىم! ھۇررا!...

باتۇر ماناس قۇربانلار باغچىسىدا ئولتۇرۇپ شۇ تارىخنى ئەسلەشكە باشلىدى، ئەلۋەتتە ئۇ تارىخنى باتۇر قەغەز يۈزىدىن كۆرگەن، ئەمما ئالدىدا ئۇ مىڭ مۇشەققەتتە كەلگەن مىللىي دۆلىتى تۇرۇپتۇ، تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر شەھەرلىرى تۇرۇپتۇ، مانا بۇلار ئاشۇ تارىخنىڭ داۋامى ياكى بۈگۈنكى ئەينىكى ئىدى.

باتۇر سائىتىگە بىر قارىۋېتىپ كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئارىلىق گەرچە ئىككى يۈز مېتىردەك قىلسىمۇ، ئەمما ماناس دەرياسىدىكى ھەربىي ئۆزگۈرۈشتىن مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بۈگۈنكە قەدەر تەرەققىي قىلىپ، كۆچمەن قوبۇل قىلغۇدەك دەرىجىگە كېلىشى ئۈچۈن قانچە مىڭ چاقىرىملىق مۇساپىلەردە نۇرغۇنلىغان شېھىتلەرنىڭ قەبرىسى قالغانىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزىگە تايىنىشنى ئۆگىنىپ مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغاندىن، مۇستەقىللىقنى ساقلاش ئۈچۈن سوۋېت بىلەن ۋە

خىتاي بىلەن قانلىق ئۇرۇشقاندىن ھازىرغىچە مىللىي مۇستەقىللىقىدىن پەخىرلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر زامان قان ۋە جان بېرىشكە تەييار ئەۋلادلارنى تەربىيلەپ چىققانغا قەدەر قانچىلىق قۇربانلار بېرىلگەندۇ؟! باتۇر ھەربىر قەدىمىنى ئالغىنىدا مىللىي تېررىتورىيىسى بولغان بۇ زېمىنغا بولغان مۇھەببىتى ئاشماقتا ئىدى.

- مەن بۇ تۇپراققا قان ۋە جان بېرەلەيدىغان ئۇيغۇر نەسلىدىن بىرنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كەلدىم، مىللىي خورلۇقنى ئۇنۇتمايدىغان ئەۋلادلارنى ئۆز دۆلىتىدە چوڭ بولسۇن دەپ كەلدىم.- باتۇر كۆچمەنلەر ئىدارىسىدىكى چىرايلىق بۇرت قويغان خىزمەتچى يىگىتنىڭ :"نېمە ئۈچۈن پاناھلىق تىلەيسىز؟ "دېگەن سۇئالىغا شۇنداق جاۋان بەرگەچ ئۇنىڭ ئارقىدىكى تامغا ئېسىلغان كۆك بايراققا مۇھەببەتلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى.

خاتىمە:

مەزكۇر ھىكايە ئىككىنچى قېتىنلىق جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى 21-ئەسىرگىچە ساقلانغان دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقىلىق يېزىلغان بولۇپ، بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەن خىياللىرىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلدى. مەقسەت مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئىدى. ئەلۋەتتە بۇندىن باشقا ھېسلارنى ۋە مەنىلەرنى ھېس قىلغانلار بولسا، ئىجابىي مەنىلەر بولسا ھەم مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەقستى دېيىشكە بولىدۇ. ياراتقۇچى ئىگىمىز مۇرات-مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزگەي!

# زۇلمەت كېچە

هېكايە

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئاياقلىشىپ ، قالدۇق قالغان جىددىيلىككەيپىياتى مېنى تېخى ئەمدىلا قويۇپ بېرىشكە باشلىغان ئىدى. نېمە ئۈچۈنكىن ،يېقىندىن بۇيان يۈرىكىم بىر خىل ئىسسىق ئېقىملاردا بولىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئاپام ئاشخانىدا تاماق قىلىۋاتىدۇ، بۇگۈن ئۇ ماڭا تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىپ بارىدۇ، ئۆز ئاپامنىڭ بۇنچىلىك گۈزەللىكىنى ھاياتىمدا خۇددىي بىرىنچى قېتىم ھېس قىلغاندەك، خۇشاللىق ۋە مەغرۇرلىنىش تۇيغۇسى باتىنىمغا تولدى. ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئارقىدىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ئاپام مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنمىدى بولغاي:

ـ ۋايجان، چوپچوڭ بولۇپ قېلىپمۇ مۇنداق ئەركىلىگەن بارمۇ، ماڭ مېھمانخانىغا چىقىپ ساقلاپ تۇر، بۇنداق قىلساڭ قولۇمنى كۆيدۈرىۋالىمەن جۇمۇ.ـ دەپ تاتلىق كۈلۈپ تۇرۇپ مېنى ئاشخانىدىن چىقىرىۋەتتى. ئاپامنىڭ ئانىلىق ھىدى قىلىۋاتقان مەززىلىك تاماق ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ پەرزەنت بولغان مېنى تېخىمۇ مەست قىلدى. گەرچە كۈندە كۆرۈپ تۇرساممۇ ئاپامغا بولغان بۇنچىلىك كۈچلۈك مۇھەببىتىمنى بۈگۈن ھېس قىلغاندەك قىلىۋاتاتتىم. گۈلى رەيھاننىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلىپ تۇرغان سۇيقاش پەتنۇستا ئېلىپ كېلىنىپ ئۈستەلگە قويۇلدى.

ـ ۋاھ، بەك ئوخشاپتۇ جۇمۇ، ئاپا،ـ دەپ بولۇپ، ئاشنىڭ ئىسسىقلىقىغا باقماي، پۈۋلەپـ پۈۋلەپ قويۇپ، نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك تېزـتېزيېيىشكە باشلىدىم. ئاپاماڭا ھەيران بولغاندەك قاراپ قويۇپ:

- ۋاي بالام، بۇگۇن باشقىچىلا تۇرىسەنغۇ؟ بىرەر قىز ساۋاقدىشىڭدىن خەت تاپشۇرۇۋالمىغانسەن؟- دەپ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويىدى. توۋۋا، ئاپام بىلەن بەزىدە دوستتەك ئۆتەتتۇق، ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئەسرارىم ئىدىم. ئۇنىڭ ھازىرقىدەك كۈلۈمسىرىشىنى مەن بەكلا ياخشى كۆرەتتىم، ھەر قېتىم ئۇنىڭ بۇنداق كۈلكىسىنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆزۈمنى ئەمەس، بەلكى مەرھۇم ئاتامنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك قىلاتتىم. بەلكىم بىچارە ئاپام شۇنداق چاغلاردا مەندىن ئاتامنىڭ كېلىشكەن سىماسىنى كۆرگەندەك بولىدىغاندۇ- ھە.

بەزىدە ئاپامنىڭ ھوجرىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئاتامنىڭ رامكىلانغان سۈرىتىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالىمەن، لېكىن بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يىغلاپ سېلىشتىن تولىمۇ قورقىمەن. يۈرىكىمدە ئۇزۇن مەزگىل بېسىلىپ قالغان ياشلارنىڭ بىراقلا تۆكۈلۈپ، ئاپامغا تەسەللىي بېرەلمەكتە يوق، ئۇنى تېخىمۇ ئازاپقا قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئاھ، ئاتا! ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، پەرزەنتنىڭ ئۈلگىسى بولغۇچىدۇرسەن، ماڭا تېخى ئۈلگە بولمايلا كېتىپ قالغانلىقىڭدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن!

ئاتا، سېنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۈرمىگە كىرگەنلىكىڭنى ھېچكىم ماڭا دەپ بەرمىدى، مېنىڭ يادىمدا قالغىنى سېنىڭ باشقىلار ھۆرمەت قىلىدىغان يازغۇچى ئىكەنلىكىڭ ئىدى. قانداقلارچە بولۇپ تۈرمىگە مەھكۇم جىنايەتچى بولۇپ قالغانلىقىڭ پەقەتلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. ئوغرىلىق قىلغانمىدىڭ؟ ياق، مېنىڭچە بۇ مۇمكىن ئەمەس، سەن ھەر قېتىم سىرتلارغا چىقىپ قايتىپ كەلگىنىڭدە قولۇڭدا ئۇنچە-مەرۋايىت ئەمەس، بەلكى كونا كىتابلار بولاتتى. شۇ كىتابلارنى كىملەرنىڭدۇر ھاجەتخانىلارغا تاشلاپ ،ئوچاققا قالاپ خار قىلغانلىقلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتىڭ. شۇڭا سەن ئۇلارنى ئوغرىلىغان ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولغان تەغدىردىمۇ تۈرمىگە كىرگىدەك گۇناھ ئەمەس. ئادەم ئۆلتۈرگەنمىدىڭ- يا؟ ياق، مېنىڭچە بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس، سەن شۇنچە تەمبەل- بەستلىك كىشى بولساڭمۇ، ھەتتا قوي سويۇشقىمۇ قولۇڭ بارمايتتىم. ھېلىقى قېتىم قۇربان ھېيت بولغاندا چوڭ دادىملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇربانلىق قوي سويماقچى بولغاندا، «قاراپ تۇرۇپ بىرتىرىك جاننى قۇربان قىلىشقا كۆڭلۈم

ئۇنىمايدىكەن، باشقا بىرىنى چاقىرىپ سويدۇرايلى» ،- دەپ قوينى ئۆزۈڭ ئۆلتۈرۈشكە ئۇنىمىغانلىقىڭ، قوي سۈيۈپ بەرگەن قوشنىمىزنىڭ:«ئاتاڭغا ئوخشاش قاندىن قورقىدىغان بولۇپ قالما»- دەپ ، ئۇنىمىغىنىمغا باقماي قوينىڭ قېنىنى يۈزۈمگە سۈركەپ قويغانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. گۆشنى يەيدىغان قوينى ئۆلتۈرۈشكە بارمىغان قولۇڭنىڭ، ئىنساننىڭ جېنىنى ئېلىشقابارىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن...

مەززىلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئاپامغا ياردەملىشىپ قاچىلارنى يۇيۇپ بەرگەچ يەنە خىيالغا كەتتىم. سېنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئۆيگە بىرتېرە- بىرئۇستىخان بولۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىڭ ھەر قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلگىنىدە قارچۇقامنى ياش تۇمانلىرى باسىدۇ. ئاتا، شۇ چاغلاردا سېنىڭ بەستلىك قەددىڭنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىم، شۇ ھالىتىڭ بىلەن ئىلگىرىكى سالاپەتلىك قامىتىڭ سېلىشتۇرما بولۇپ كاللامدا نۇرغۇن سۇئاللارنى تۇغدۇرغان ئىدى. نېمە ئۈچۈنكىن ھەتتا مەسئۇلىيەتسىز دەپ سېنى قەلبىمدە ئەيىپلەپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدىم. ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان ئىنسان ۋە ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان ئائىلە بىردىنلا ھەممە قاچىدىغان، ھەتتا يىرگىنىدىغان ئىنسان ۋە ئائىلىگە ئايلانغان، ھەممە ھەۋەس قىلىدىغان پەرزەنت، ھەممە مەسخىرە قىلىدىغان پەرزەنتكە ئايلانغان ئىدى. شۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولغان ئىدى. نۇرسىزلانغان قارچۇغلىرىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن قۇرۇقلانغان كىتاب ئىشكابىڭغا تىكىلگەندە كالپۇلىرىڭ بىلەن تەڭ رەۋىشتە تىترەپ كېتەتتى. شۇ چاغلاردا سېنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازىڭنىڭ قانچىلىك خۇنۇكلەشكەنلىكى، ئاپام بىلەن ئىككىمىزنى ئاشۇ كىتابلارچىلىكمۇ كۆرمىگەنلىكىڭنى ھېس قىلغاندەك بولغانلىقىم ئۈچۈن، سەندىن قانچىلىك نەپرەتلەنگەنلىكىم ھېلىمۇ يادىمدا. ئاتا، سېنىڭ يۈرىكىمدىكى ئوبرازىڭنىڭ قانچىلىك مۇرەككەپلىكىنى تېخى تونۇپ يېتەلمەيۋاتقان بولسام كېرەك.

- ئارمان، بۈگۈن ھېچ يەرگە چىققۇچى بولما جۇمۇ!- ئاپامنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن قىلغان سۆزى مېنى خىياللاردىن ئويغاتتى.

- نېمە بولدى، ئاپا؟ تۇيۇقسىزلا بۇ گەپنى قىلىپ قالدىڭغۇ؟ - دەپ سورىدىم ئاپامنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىنى يوشۇرالمىغان چىرايىدىن ھەيران بولۇپ.

- ھېچ نېمە بولمىدى، ئىشقىلىپ بۈگۈن تالاغا چىقمايسەن - ھە!- ئاپامنىڭ كەسكىنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭغا ماقۇل بولماي قايىل قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ بېشىمنى لىڭشىتقاچ « لەببەي ئاپا!» دەپ ئاپامغا ئەركىلەپ ئۇنى رازى قىلماقچى بولدۇم. ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئادىتى بويىچە چاچلىرىمنى قالايمىقان قىلغاچ بېشىمنى سىلاپ پەس قىلىپ، پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ:« پاكىزە يۇيۇغىن» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. گەرچە ئاپام نېمىدىنىدۇر جىددىيلىشۋاتقاندەك قىلسىمۇ، مەندىن ئۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇشنى تاللىغاندەك قىلاتتى. «بوپتۇلا» دېدىم ئىچىمدە، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئادەتلەنگەن خۇيى ئىدى.

ئاتا، خىياللىرىم يەنە سەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن شۇ چاغلارغا كەتتى. ئۇ چاغلار ھاياتىمدىكى ئەڭ ئازاپلىق چاغلار بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن دائىم شۇ چاغلارنى خىيالىي زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىم ماڭا نامەلۇم. بەلكىم ئىنسان مېڭىسى ئەڭ ئازاپلىق چاغلارنى ئەڭ ياخشى ئەسكە ئالىدىغان بولسا كېرەك؟ سەن تۈرمىدىن قايتىپ كېلىپ سەكراتقا چۈشكەن بىماردەك چۈشىنىكسىز ئازاپلاردىن ئىڭراپ ياتقان شۇ بىرنەچچە كۈن ماڭا قايتا- قايتا قىلغان ھېلىقى سۆزۈڭ ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ.:« ئاتاڭ ئۇيغۇر، ئۇيغۇر بولۇپ ياشاپ ئۆتتى، يەنە ئۇيغۇر پېتى ئۆلىدىغان بولدى، سەنمۇ ئۇيغۇرلۇقىڭنى ئۇنۇتما بالام!» - دەپ ماغدۇرسىز ئاۋازىڭ بىلەن شۇنداق ئېيتقان ئىدىڭ. ئۇ چاغلاردا سېنىڭ شۇ ئەقىدەڭ ئۈچۈن ئائىلىمىزنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرىنى كۆرۈپ ساڭا نارازى بولغان، ھەتتا سەندىن نەپرەتلەنگەن بولسامىمۇ، ھېلىقى كۈنى بولغان «ساۋاقداشلار تارقاش چېيى »دا * ( ئاپتوردىن: مەكتەپپۈتتۈرگەندىن كېيىن ساۋاقداشلار ھەر جايغا تارقىلىش ھارپىسىدا بولىدىغانىيغىلىش.) چىن يۈرىكىمدىن كۆيگەن، ئۇزۇندىن بۇيان ئاشىق بولغانلىقىمنى بىلدۈرەلمەي يۈرگەن شۇ قىزنىڭ ماڭا سەن توغرۇلۇق دېگەن سۆزىدىن كېيىن ساڭا بولغان ھېسسىياتىمدا زور ئۆزگىرىش بولغان ئىدى.

- ئارمان، مېنىڭ سىزگە قانچىلىك ھەۋەس قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ مەن ئاتامنىڭ قىزى بولسام، سىز مىللەت ئوغلىنىڭ بالىسى!- ئۇ قىزنى خالىي جايدا سۆيۈۋېلىش

تەمەسىدە تۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بۇ دەبدەبىلىك سۆزى غىدىقىمنى كەلتۈرگەن ئىدى.

- ھا-ھا-ھا، سىزنى بىكارغا بىزنىڭ مەكتەپنىڭ شائىرەسى دېمەيمىز- دە! ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىسىز جۇمۇ، ئەقىدە.- دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاچ. يۈرىكىمدە قىزغا بولغان ئىشق ئوتى لاۋۇلدىماقتا ئىدى. قۇترىغان توڭگۇزغا ئوخشاش قىزغا ئېتىلغۇم كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تومۇرۇمدىكى يېشىمغا ئەگىشىپ قويۇقلىشىۋاتقان ئەرلىك ھورمۇنىنىڭ غىدىقلىشىدىن بولىۋاتقان بۇ ۋەسۋەسگە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قارشى تۇرىۋاتاتتىم.

- سىز قايسى مەكتەپنى ئارزۇغا تولدۇردىڭىز؟- قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى مېنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىمنى ئاياقلاشتۇردى.

- ئىچكىردىكى بىر قانچە مەكتەپنى تولدۇردۇم، سىزچۇ؟- مەنمۇ قىزدىن قايتۇرۇپ سورىدىم، گەرچە قىزنىڭ قايسى مەكتەپلەرنى تولدۇرغانلىقىنى بىلسەممۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپكە بېرىپ قېلىش ئارزۇسىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپلەرنى تولدۇرغان بولسامۇ، لېكىن يەنىلا قەستەن ئۇنىڭدىن سورىغان ئىدىم.

- مەنمۇ ئىچكىردىكى بىرقانچە مەكتەپنى تولدۇردۇم، لېكىن ئوقۇش پۈتتۈرگىچە داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇشۇم ناتايىن، چۈنكى ئىچكىردىكى مەكتەپلەرنى يېزىشتىكى سەۋەبىم، ئىچكىرگە ئۆتۈپ قالسام، نوپۇسۇمنى يۆتكەپ بارغاندىن كېيىن پاسپورت ئېلىش، ئاندىن چەتكە چىقىپ ئوقۇيمەن....

- زەيتۇنخانىنىڭ بويىندا ئالتۇن بىلەن كۆمۈش بار...- تېلفونۇم سايراپ كەتتى. «نازىركوم»نى قۇڭغۇراق مۇزىكىسى قىلىپ قويغان ئىدىم. خىياللىرىم يەنە بىر قېتىم بۇزۇلدى، قاچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ چايقاۋاتقان ئىدىم. قولۇمنى پەشتامىغا ئەرتىپلا تاماق ئۈستىلىگە قويۇپ قويغان يانفونۇمنى ئالماقچى بولدۇم.

- ۋەي، كەچۈرۈڭ، ئارمان يوق، خوش ئەمسە!- ئاپام يۈگۈرۈپ كېلىپ تېلفونۇمنى ئېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايلا قويۇۋەتتى. ئاپامنىڭ بۇ نورمالسىزلىقلىرى مېنى تېخىمۇ بەك ئەجەپلەندۈرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزەمنى بېسىپ ئۇنىڭغا:

- ئاپا، ھەجەپ قىززىق بولۇپ قاپسەنغۇ بۈگۈن؟ مېنى قىزلاردىن كۈنلەۋاتامسەن نېمە؟- دەپ ، چاندۇرماي زورىغا چاقچاق قىلدىم.

- ئارمان، بۈگۈن مەيلى نېمىلا بولمىسۇن سىرتقا چىقمايسەن جۇمۇ بالام،- ئاپام تېخىمۇ بەك جىددىيلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بۇنداق بىنورماللىقى مېنى ئەنسىرىتىپ قويغىلى تۇردى. « زادى نېمە ئىش بولدى؟» - دېگەن خىيال بىلەن قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ، كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرغان ئاپامنىڭ يېنىغا كىرىشمىگىلا، ئاپام كومپيۇتېر ئېكرانىنى ئۆچۈرىۋەتتى.

- ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟ بەك غەلىتىلا ئىشلارنى قىلىسەنغۇ بۈگۈن؟- دېدىم ئاپامغا چاقچاق ئارىلاش مەسخىرىلىك كۈلكە بىلەن.

- بالام، ماڭ ياتىقىڭغا كىرىپ ئۆتكەندە ئالغان رومانىڭنى ئوقۇغىن. بۈگۈن كۆڭلۈم بىسەرەمجان، كىرىپ بالدۇر ئۇخلاپ ئارام ئالغىن.- دېدى ئاپام بويرۇق مەنىسى چىقىپ تۇرغان تەلەپپۇزنى سىلىقلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ.

- بولىدۇ، ئاپا. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۆڭلۈڭگە شەيتان كىرىۋالغان ئوخشايدۇ، قورقما.- دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

ھوجرامغا كىرىپ تورۇستقا قاراپ ياتقاچ يەنە خىيالغا پاتتىم. « سۇئۇستى باغچىسى»دا ئەقدە بىلەن پۈتىمىزنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرغان ئىسسىق كۈن:

- زەر تۇمارنى ئېسىۋېلىپ دىۋانە،

ھاياجاندا سۆزلەر:« ئاتام مىراسى،»

سۆيىۋېلىپ ئۆزگىلەرنىڭ يارىنى،

« ۋىسال قۇچتىم ھاياتنىڭ نە دەۋاسى.»- دەپ ئادىتى بويىچە ماڭا شېئىردېكلىماتسىيە قىلىپ بەردى ئەقدە.

- پاھ، بىزنىڭ سەنەمجان ئالامەت شائىر قىز جۇمۇ! ئۆزىڭىز يازدىڭىزما؟-دەپ سورىدىم. مەن ئاشىق گۈزەل قىزنىڭ لەۋلىرىگە قاراپ قېلىپ، شېئىرنىڭ نىمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىگە دىماللىققا دىققەت قىلالمىغان بولساممۇ، لېكىن ئەقىدەنىڭ ئاغزىدىن مەنىسىز شېئىرنىڭ چىقمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم بار ئىدى.

- ياق، باشقا بىر شائىرنىڭ. مەنىسىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟- سورىدى قىز ماڭا ئاتەش كەبى نۇرلۇق كۆزلىرىنى تىكىپ.

- بىر ئالجوقا دىۋانىنىڭ ھېكايىسىكەنغۇ؟ ساتىرامۇ نىمە، ئادەمنى چالىدىغان گەپلەرنى قىلىپتۇ.- دېدىم ئۆزۈم يادىمغا ئالالىغان بىرقانچە سۆزنى يادىمغا ئېلىپ.

- ئۆتەپ بېرىگە، سىزنىڭ ئەلسۆيگەن يازغۇچىنىڭ پۇشتى بولۇپ قالغىنىڭىز! خۇمسىلىق قىلىۋاتىسىز ھە؟ ئاۋۇ دىۋانىنىڭ «ئۇيغۇر»نىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ....- قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپى يادىمغا كېلىپ، مەرھۇم ئاتامنىڭ شۇ چاغدىكى سىماسى كۆزئالدىمدا زاھىر بولدى. تۇنىسپى، ئاپام مېنى سىلكىپ ئويغۇتۇپ:

- قوپە بالام، ئاتاڭ بولالماي قالدى.- دېگەن يىغلاپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بارغانىدىم. ئاتامنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى چىراقنىڭ نۇرىدىنمۇ، ياكى جەننەتنىڭ سايىسىدىنمۇ بىلمىدىم يۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ خۇددىي نەپەستىن قىينىلىۋاتقاندەك تىترىسىمۇ، ئېغىر نەپەس ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. ئورۇق، ماغدۇرسىز قوللىرى بېلىكىمنى چىڭ سىقىپ تۇراتتى.

- ئۇيغۇر...- ئاتامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپى شۇ بولغان ئىدى.

-ئۇيغۇر!ئۇيغۇر!ئۇيغۇر!ئۇيغۇر!...- دېرىزىدىن كىرگەن ئاۋازخىياللىرىمنىڭ يەنە بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ سىرتقا قارىدىم، قىزىرىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن شەپەق نۇرىدا يۈزلىگەن ئۇيغۇر قىز- يىگىتلەر، ئاكا- ھەدىلەر، ئاتا- ئانىلار «بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق» تۇتقان بىرقانچە كىشىنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ توۋلاشقىنىچە، قۇرۇق قول ھالدا رەتلىك قەدەمدە تويلىشىپ كېتىپ باراتتى.

ـ ئاپاـ ئاپا، قاراڭ نامايىش بوپتۇ!ـ ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا ئاپامنى چاقىردىم. ئاپام مېنىڭ چاقىرىشىمغا قاراپ ئولتۇرمايلا مەن بىلەن تەڭ دېگۈدەك دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ بولغان ئىكەن. ـ ھەممىسى ئۇيغۇر دەپ توۋلىشىۋاتىدۇ، بىزمۇ چىقەمدۇق ئاپا!ـ دېدىم يېنىمدا پەستكە قورقۇنچ نەزىرىدە قاراپ تۇرغان ئاپامغا قاراپ.

ـ چاڭ!ـ كاچىتىمغا تەگكەن تەستەك دەستىدىن ھاياجانلىرىم بىردىنلا غەزەپكە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپامنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئاچچىقىمنى بېسىپ تۇرۇپ ئۈنىڭغا:

ـ ئاپا، مېنى نېمىگە ئۇرۇسەن؟ ـ دېدىم ئامال بار غەزەپ تەلەپپۇزىنى يوشۇرۇپ. ئاپام مېنى تۇيۇقسىزلا چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

ـ بالام، مۇشۇنداق بىر كۈنلەرنىڭ كېلىپ سېنىڭمۇ ئاتاڭغا ئوخشاش كېتىپ قېلىشىڭدىن بەك قورقاتتىم. مەيلى نېمىلا ئىش بولمىسۇن قۇلاق تېنچ بولغانغا يەتمەيدۇ، سەن مېنىڭ بىر تاللا بالام، ھەرگىز ئۇ كىشىلەر قاتارىغا قوشۇلۇپ قالما! ـ دېدى ئاپام يىغا ئارىلاش تىترەڭگۈ تەلەپپۇزدا.

ـ توۋۋا قىلدىم، ئاپا. قىززىقچىلىق بولامدىكىن دەپ چىقايلى دەپتىمەن، خاپا بولمىغىنە! بۇنچە قورقۇپ كەتكىدەك ئىش يوق،ـ دېدىم ئاپامغا ئۆزۈمنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلدۈرىدىغان تەلەپپۇزدا. بايىقى شاپىلاق دەستىدىن يۈزىم قىزىۋاتقان بولسىمۇ، ئاپامغا غەزەپلىنەلمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭ يېشىدا ئېرىپ كەتكەن ئىدىم.

ـ ئۇيغۇر! ئۇيغۇر! ئۇيغۇر!....ـ دېرىزىدىن نامايىشچىلارنىڭ جاراڭلىق ساداسى داۋاملىق كىرىۋاتاتتى. ئۇ جايدا كىملەرنىڭ بارلىقى، نېمە ئىشلارنىڭ سادىر بولىۋاتقانلىقى مېنى قىززىقتۇرسىمۇ، لېكىن ئاپامنىڭ ئالدىدا بەرگەن رازىلىقىم بويىچە سىرتقا خالىغانچە چىقالمايتتىم. چىقسام نېمە ئىشلارغا چېتىلىپ قالىدىغانلىقىم ماڭا نامەلۇم ئىدى. كاللام بىردىنلا يۇرۇپ كەتكەندەك بولدى، ئاپامنىڭ نېمە ئۈچۈن بىردىنلا غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭدىن:

- ئاپا، سەن بۇ ئىشنى بۇرۇنلا بىلىدىكەنسەن- ھە؟ غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىڭ شۇ سەۋەبتىنمۇ؟ - دەپ سورىدىم.

- ئارمان، ئاتاڭنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇرمىدە ياتقانلىقىنى بىلەمسەن بالام؟- تولۇمدىن توقماق چىققاندەك جاۋاب كۈتۈپ تۇرغىنىمدا سورالغان بۇ سوئال مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

- ياق ئاپا، ماڭا ھېچكىم دەپ بەرمىدى، لېكىن باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە سىياسىي جىنايەتچى بولۇپ ياتقان ئىكەن، شۇمۇ؟- قايتۇرۇپ سورىدىم ئاپامدىن. دېمىسىمۇ تاكى يېقىنغا قەدەر ئاتامنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن ئاڭلىغان كوچا پاراڭلىرىدىن ئاتامنىڭ يازغان كىتابى ئۈچۈن تۇرمىدە ياتقانلىقىنى تېخى يېقىندا بىلگەن ئىدىم.

- ئاتاڭ ھېچقانداق بىر ئىشنى خاتا قىلغىنى يوق، پەقەتلا ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇ ئاقىۋەتكە قالغان. ئاتاڭ «ئۇيغۇر»نى سۆيگەنلىكى، بۇ ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقىلارغا ئوخشاش ۋاز كېچەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھاياتىنى سېلىپ بەردى. ...- ئاپام ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، يىغلاۋاتاتتى. يىغىسىنى بېسىشقا تىرىشاتتى. - رەھمەتلىكنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان سۆزى يادىڭدىمۇ؟ بىچارە بايقۇشۇم ئۆلىدىغان چاغدىمۇ «ئۇيغۇر» دەپ جان ئۈزگەن ئىدى...- ئاپام يىغىسىنى كونترول قىلالماي قالدى. مەن ئادىتىم بويىچە ئاپامغا تەسەللىي بېرىش ماغدۇرىنى ساقلاش ئۈچۈن يىغلىماسلىققا تىرىشىۋاتاتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ دېرىزە سىرتىدىكى قاراڭغۇلۇق بېسىشقا باشلىغان كۆك ئاسمانغا قارىدىم، تۇمانلىششقا باشلىغان قارچۇغامنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن چىشىمنى چىڭ چىشلەپ كۆزەمنى يۇمدۇم. «ئۇيغۇر! ئۇيغۇر! ئۇيغۇر! ...» ئاتامنىڭ مىڭلىغان روھى دېرىزەسىرتىدا چۇقان سېلىۋاتاتتى.

- زەيتۇنخاننىڭ بوينىدا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بار!- تېلفون يەنە سايرىدى. بۇ قېتىم تېلفۇننى ئۆزۈم ئالدىم.

- ۋەي، ئارمان، بۇ مەن، ئەقىدە. سىرتتا نامايىش بولىۋاتىدۇ، بىلدىڭىزمۇ؟ خۇددىي ھەممە ئۇيغۇرلار ئويغۇنۇپ كەتكەندەك، ھەممىسى «ئۇيغۇر!» دەپ توۋلىشىۋاتىدۇ.- بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈرىكىم غارت قىلىپ قالدى. ئەقىدە سىرتتىن تېلفۇن قىلىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋاراڭ- چۇرۇڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ نامايىشچىلار بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

- ئەقىدە! سىز ھازىر نەدە؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟...

- پاڭ!.... ۋايجان،....- گېپىم تۈگىمەيلا ئېتىلغۇچىنىڭ* ئاۋازىدىن كۈچلۈكرەك بىر ئاۋاز تېلفۇننىڭ ئۇتەرىپىدىن ئاڭلاندى، يۈرىكىم ئېغىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلۇشىشقا باشلىدى. - تىت، تىت، تىت ...- تېلفۇن قويۇلۇپ كەتكەنلىك سىگنالىنى ئاڭلاتتى. يۈرىكىم تېز- تېز سوقۇشقا باشلىدى، مەن ئاشىق قىزنىڭ تېلفۇنىدىن ئوق ئاۋازى ئاڭلانغان ئىدى. قەلبىمدە سىرتقا چىقىش، ئەقىدەنى مەيلى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىش تەقەززاسى قوزغالدى. بارلىق جەريانغا شاھىت بولۇپ تۇرغان ئاپام مېنىڭ چىرايىمدىكى ئۆزگۈرۈشتىن قەلب دۇنيايىمدىكى دولقۇننى ھېس قىلدى بولغاي، مېنى يەنە چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

- بالام، ئۇنداق قىلما! ھېچ يەرگە بارما، سىرت بەك خەتەرلىك!....- ئاپام يەنە قانداقتۇر باشقا گەپلەرنىمۇ قىلغاندەك قىلدى، لېكىن ھېچبىر گەپ قۇلىقىمغا كىرمىدى.

- ئاپا، مەن ئەمدى سىرتقا چىقمىسام بولمايدۇ، باشقا ئىش قىلمايمەن، ئاشۇ دوستۇمنى تېپىپ كېلەي!...- ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي، مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان ئاپامنى ئىتتىرۋېتىشكە قولۇمنى كۈچ بىلەن ئۇزاتتىم يۇ، ھەركىتىمنى ئۆزگەرتىپ ئاپامنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم.

- ئاپا، ئەگەر مېنى بۈگۈن چىققىلى قويمىسىڭىز، مېنى بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىغا قويىسىز!...- ئاۋازىم ھاياجان ۋە تاقەتسىزلىك تۇيغۇسىدىن تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

- ئاپا! ئاپ——-ئا! - دەپ ۋارقىرىۋەتتىم ئاخىرى. ئېمىشقىدۇر، ئاپام بىردىنلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، مېنى قويىۋېتىپ، چىرايىمغا قاراپ تۇرۇپ، كۆزىدىكى ياشلىرىنى ئەرتكەچ، كۈچىنىڭ بارىچە تەمكىن تەلەپپۇزدا:

- بالام، ماڭا ۋەدە بەر، تېز بېرىپ تېز كەلگىن!....

- تاك!- ئاپامنىڭ قۇچىقىدىن قۇتۇلۇپلا، گېپىنى ئاڭلاپ بولۇشقا ئۈلگۈرمەي دېگۈدەكلا سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ كەتتىم.

كوچىدا كېتىپ بارىمەن، نورمال ۋە بىنورمال چىراي ئىپادىلىرىدە بولىۋاتقان تۈرلۈك كىشىلەر يولدا ئۇچراۋاتاتتى. يۈگۈرۈپ ماڭغاچ ئەقىدەگە تېلفون ئۇردۇم.

ۋەي، ئارمان! بەك قورقۇنچلۇق بولدى، ساقچىلار ئادەم ئاتتى بايام....
تووۋا!...ۋايجان، ئاۋۇ باللار بىر خىتاينى ئۇرۇپ كەتتى، هوۋ، بېشىغا تېپىۋاتىدا ئاۋۇ بالا....- ئەقىدەنىڭ تاققا- تۇققا گەپلىرىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك قورقىۋاتقانلىقى، قانچىلىك جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن،ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم خېلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

- جېنىم، سىز نەدە هازىر؟ - ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىگە تاقەتسىز بولغان هالدا گېپىنى داۋاملاشتۇرمايلا بېلىگە تېپىۋەتتىم. - ماقۇل ئەمىسە، شۇ جايدا جىم تۇرۇپ تۇرۇڭ- هە! مەن هازىرلا يېنىڭىزغا بارىمەن.- تېلفۇننى قويۇپلا كۆنگەن خۇي بويىچە ئىككى كوچا نېرىدىكى ئەقىدە تۇرغان جايغا بېرىش ئۈچۈن «قارا تاكسى»توسماقچى بولدۇم، لېكىن كوچىدا ماشىنىلار توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يۈگۈرگەن پېتىم ئەقىدە بار كوچا تەرپكە كېتىپ بارىمەن، ئادەتتە خىتايلار كۆپ كەلمەيدىغان بۇ كوچىلاردا، بۈگۈن ئۇيغۇرلار تېخىمۇ يامراپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، نەگىلا قارىسا ئۇيغۇرلار.« ۋاه، مۇشۇنداقلا مۇستەقىل بولۇپ قالساق- هە! »- دېگەن خىيالدا بولۇشقىمۇ ئۈلگۈردۈم. يۈگۈرەپ كېتىپ بارىمەن، ئەتراپىمدا ئۇيغۇرلار تۈرلۈك چىراي ئىپادىلىرىدە ئۇچرىماقتا، قورقۇنچ، ئۈمۈد، ئىشەنچ، ئەندىكىش، هودۇقۇش، تېنەش، تەمتىرەش.... تۈرلۈك چىراي ئىپادىلىرىدە بولىۋاتقان كىشىلەر بار ئىدى.

دۇكانلارئىچىلىشكە باشلىغان، بەزى كىشىلەر خىتايلارنىڭ كىچىك ماگىزىنلىرىنى چېقىشقا باشلىغان ئىدى. بېشى قان ھالدا قورقۇنچتا روھىنى يوقۇتۇپ كېتىپ بارغان بىر خىتايىنى كۆردۇم، ئۇ مېنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ دەرھاللا بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يەردە ئولتۇرىۋالدى، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتىم. راست گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ چىرايىغا بىرنى تەپكىم بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قورقۇنچ تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سەل ئىچ ئاغرىتىپ قالغاندەكمۇ قىلاتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەقىدەنىڭ يېنىغا كېتىپ باراتتىم، شۇڭا ئۇ نىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرماي، ئۇنىڭغا مەسخىرە بىلەن قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدىم. جاھان قاراڭغۇلۇق قۇچىقىغا كىرگەن ئىدى، چىراق يۇرۇقى بولمىغان بولسا ئەقىدەنى قانداقمۇ تاپار ئىدىم-ھە!

- خىتايلارنى ئۆلتۈرەيلى! جۇرۇڭلار باللار، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» يەنە پارتلىدى، ھەممىسىنى ئۆلتۈرەيلى بۇ كاپىرلارنىڭ! ...- بەش- ئونلىغان ياش باللار قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق، ئۈرۈمچىنىڭ يەرلىك پەدىسى بويىچە پو ئاتقان تەلەپپۇزدا توۋلىشىپ يېنىمغا كېلىپ قالدى.

- بالاڭزا، جۆرە بىللە كاپىرلارنى تازلايمىز!- دېدى ئۆلاردىن بىرى ماڭا قاراپ.

- ھە ؟ بىر قىز باللنى كۆردىڭلارمۇ؟ بويى خېلى ئېگىز، قارا قاش، قاراكۆز، چېچى توم...

- ئۇكاڭزا سىڭلىڭنى ئىزدەۋاتامسەن خوتۇنىڭنىمۇ؟ بايا چىرايلىق بىرقىزنى كۆرگەن، شۇ بولۇپ قالسا، ئاۋۇ يەردە يۈرىدىغۇ دەيمەن... - گېپىمنى ماز پاراڭ بىلەن ئۈزۈپ قويغان بۇ «چېڭلوڭ توۋ» بالا ئاخىرى ماڭا كېرەكلىك ئۇچۇرنى بەردى. «رەھمەت ھە!» دەپ قويۇپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە ھەسرىگىنىمچە كېتىپ قالدىم.

- ئارمان! - ئەقىدەنىڭ مېنى توۋلىغان ئاۋازىدىن ئۇنى تونۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ئاھ! بۇ مېنىڭ ئۇنى تۇنجى قېتىم قۇچاقلىشىم ئىدى. باياتىن يۈگۈرۈپ تېزلىشىپ كەتكەن نەپىسىمگە قىزنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلۇپ يۈرىكىمنىڭ سوقۇش رېتىمىنى يەنە باشقىچە بىر رېتىملارغا يۆتكەشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئەقىدە مېنىڭ قۇچىقىمدىن قۇتۇلۇپ چىقىۋالدى.

- ئەقىدە، يۈرۈك، ئادەم تۇرىدىغان جاي ئەمەس بۇ، كېتەيلى تېز!- دېدىم قۇچىقىمدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ چىققان قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتقاچ. قىز مېنىڭ ئارقىمدىن ماڭدى، نەگە بېرىشنى سوراپمۇ قويماي، ئارقىمدىن ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى. قىز قورقۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەندىكىپ ئىككى يېقىغا پات- پاتلا قاراپ قويۇشىدىن، گۈزەل كۆزلىرىدە ئېنىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان قورقۇنچتىن يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. بايا مەن يۈگۈرۈپ كەلگەن كوچىدىن ئۆيۈم تەرەپكە كېتىپ باراتتۇق، تۇيۇقسىز، پىلىموتنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ، كوچىنىڭ ئۇ چېتىدە توپلىشىپ تۇرغان ياش باللارنىڭ تېرە- پېرەڭ بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ يەرگەيىقىلغانلىقىنى كۆردۇق. كارامەت! خۇددى ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىدىكىدەك جىپ ماشىنا كوچىنىڭ ئۇ باللار تۇرغان تەرىپىگە كىردى، پىلىموت ئاۋازى بىلەن ئۇيغۇرچە ئىگىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلىدۇق. راست گەپنى قىلغاندا، مېنى قورقۇنچ چىرمىۋالدى، كۆرئالدىمدا يۈزبەرگەن بۇ قىرغىنچىلىق مېنى چۆچۈتكەن ئىدى. تەبىئي ئىنكاس نەتىجىسىدە ئەقىدەنىڭ قولىنى تۇتۇپ كوچىنىڭ قاراڭغۇ جايىغا يۈگۈرۈپ يۇشۇرۇنىدىغان جاي ئىزدىدىم، خۇداغا شۈكرى، سۈيدۈك پۇراپ تۇرغان تاشلاندۇق قاڭالتىر بوتكا ئارقىسىدىكى تام بىلەن بوتكا ئارىلىقىدا ئىككى ئادەم پاتقۇدەك جاي بار ئىكەن. شۇ قاراڭغۇ جايدا ئەقىدەنى يەنە بىر قېتىم چىڭ قۇچاقلىدىم. قىزنىڭ دىمىقى يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، كۆكرىكىم قىز كۆكسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ- پەسىيىپ جىددىي نەپەس ئېلىشىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. تووۋا، مۇشۇنداق چاغدىمۇ قىزغا بولغان مۇھەببەتلىك قىزىقىش تۇيغۇم قورقۇنچنى يەڭگەندەك قىلاتتى. جىپ ماشىنىنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ كوچىنىڭ بىز تۇرغان تەرىپىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. بىردىنلا قورقۇنچ يەنە ۋەسۋەسىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە ئۆتۈپ مېنى تىترەك باسقاندەك بولدى. قىزنى بار كۈچۈم بىلەن چىڭ قۇچاقلىۋالدىم، شەپە چىقارماي جىم تۇرىۋالدۇق.

- ئاللاھ! ... قاچ!...- تۇيۇقسىز بىزگە يېقىنلا بىر جايدىن بىرى يۇگۇرەپ چىقتى، قاراڭغۇلۇقنىڭ قانداقتۇر بىر جايىدىن يەنە بىرىنىڭ شۇنداق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

- پاڭ- پاڭ- پاڭ ! - پىلموتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، يوروۇق كەڭرى كوچىغا يۇگۇرۇپ چىققان بىر ياش ئۇيغۇر بالا ئىچىنىشلىق چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى. جىپنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرغان ئىككى ھەربىي پىلموتلىرىنى ھەر تەرەپكە تەڭلىگىنىچە چۇشۇپ بالىنىڭ جەستى يېنىغا بېرىپ ئۇنى كۇچەپ تەپتى.

- ئاللا كارامەت! .... بالام!....- ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى كوچىنىڭ يەنە بىر قاراڭغۇ دوقمۇچىدىن قۇرۇق قول يۇگۇرەپ چىقىپ بالىنىڭ جەستى تەرەپكە ئېتىلدى.

- خوۋ مىئەن! ... پاڭ- پاڭ! ....- جىپتىكى قايسىدۇر بىرى ئوق چىقاردى. ئۇ كىشى قۇچىقىنى كەرگىنىچە يۇگۇرۇپ قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ چىراق يورۇقى ئاستىدىكى بالىسىنىڭ جەستىنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغىچىلا يەرگە يۇزچىلەپ يىقىلدى. ئۇنىڭ ئېغىر گەۋدىسى يەرگە يىقىلغاندا «پوك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى. خىتاي ئەسكەرلەرنىڭ ئوق ئاۋازىدىن كېيىنكى دەقىقىلىك تىمتاسلىقتا ئۇ ئاتىنىڭ ئۆلۇم ئالدىدا يۇزىنى ئاسمانغىمۇ قىلالماي، ئاجىز نەپەسلىرىدىن مەينەت يەردىكى توپىلارنى پۇۋلەپ نېملەرنى دېگەنلىكىنى پۇتۇن جاھان ئاڭلىغاندەك قىلدى. ئەمما شۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان مەن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى قورقۇنچتىن ئاڭلىيالمىغان ئىدىم. ئۇ بەلكىم، مەرھۇم ئاتامغا ئوخشاش «ئۇيغۇر» دەپ جان ئۇزگەندۇ؟ ياكى، ئۇنىڭ ئۇچۇن پات يېقىندا بولغۇسى ئاخرەت سورىقى ئۇچۇن جاۋاب تەييارلىماق چىبولغاندۇ؟ ۋەياكى «ئوغلۇم،قورقما، مەن كەلدىم...» دېگەندۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، خىتاي ئەسكەرلەر ئۇچۇن ئۇنىڭ نېمە دېگىنى مۇھىم ئەمەس ئىدى. قورقۇنچ ئىچىدە جان ساقلاش تەمەسىدە قالغان مەن ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سېلىش ھاجەت ئەمەستەك قىلاتتى. ئەقىدەنى قۇچاقلاپ، قورقۇنچتىن ئۇ جايدا قانچە ئۇزاق تۇرغانلىقىمنى سەزمەيتتىم. ئىشقىلىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ كەتكەنلىكىنى جەزىملەشتۇرگەندىن كېيىن، ئاستا ئۇ قاراڭغۇلۇقتىن چىقتىم ۋە ئەقىدەنىڭ قولىنى

يەنە چىلىك تۇتقىنىمچە چىراق يۇرۇقى بولمىغان جايلارنى بويلاپ ئۆي تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدىم.

يۈگۈرگىنىمىزچە قاراڭغۇلۇقنىڭ دالدىسىدا كوچىلاردىن ئۆتۈپ ئاخىرى مەھەللىگە يېقىنلاپ قالدۇق. بىر تار قاراڭغۇ كوچىدىن تېنىچ ئۆتىۋالساقلا ئامان-ئېسەن ئۆيگە يېتىپ كېلەتتۇق. باياتىن بىز جان ھەلەكچىلىكىدە تىپىرلاپ يۈگۈرۈۋاتقاندا توختىماي زىل چالغان يانفونۇم ئەمدى پۈتۈنلەي سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. مەھەللىگە يېقىنلاشقانسىرى بىر ئاز خاتىرجەم بولغاندەك ھېس قىلغان چېغىم ئاپامغا تېلفۇن قىلدىم. لېكىن تېلفۇن ئۇلانمىدى. ئاپتوماتىك ئىنكاسىنىڭ خىتايچە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلاشقا زېھنىم يوق ئىدى. قاراڭغۇلۇقتا يىقىلىپ چۈشتۈم. يۈزۈمگە يۇندا چاچرىغاندەك قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ پۇرىقىنى سېزىدىغانغا دىمىقىم ئاللىقاچان قورقۇنچتىن سەزگۈسىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. يۈزۈمنى سۈرتكەچ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن يانفونۇمنى تېپىپ ، ئەقىدەنىڭ قولىنى قايتا تۇتقىنىمچە داۋاملىق ئۆي تەرەپكە يۈگۈردۈم. ئەقىدە ئېپادىسىز مۇردىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. بەلكىم مەنمۇ شۇنداق بولۇپ قالغاندىمەن...

بىز ئۆيگە كىردۇق. ئاپام مېنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتتى. كېيىن بىلدىمكى، بايام يىقىلغاندا ماڭا چاچرىغان «يۇندا» ئەسلىدە قان ئىكەن. سىرتتا ئاڭلىنىۋاتقان ئوق ئاۋازىدىن قورقۇپ تۇرغان ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ يۈز-كۆزى قان ھالەتتە قايتىپ كەلسە شۇنداق ئىنكاستا بولۇشى ئەلۋەتتە نورمال بولسا كېرەك!

يىراقلاردىن ئوق ئاۋازى داۋاملىق ياڭراۋاتاتتى. كىملەرنىڭ يەر چىشلەپ، كىملەرنىڭ قىرغىن قىلىنىۋاتقانلىقىنى بەلكىم ئىنسانى ھېسقا ئىگە ھەممە كىشىنىڭ بىلىشى تەبىئى...

ئەقىدەنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن ساباھ ۋاقتىغىچە ئالاقىلىشالمىدۇق. ئۇنىڭ دادىسى ئىچكىرىگە قاق توشۇيدىغان، ئىچكىرىدىن باشقا ماللارنى كىرگۈزىدىغان سودىگەر كىشى ئىدى . شۇ كۈنلەردە ئۇ ئىچكىرىدە بولۇپ ئەقىدەنىڭ ئاكىسىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەن. تاڭغا يېقىن مىڭبىر مۇشەققەتتە ئەقىدەنىڭ ئاپىسى بىلەن ئالاقىلاشتۇق - سانجىغا تۇغقان يوقلاپ كەتكەن ئىكەن. خۇداغا شۈكرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان

ئېسەن دېمەك. ئەقىدە ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلگەندىن كېيىن تېلفۇننى قويدى ـ دە، شاتلىقتىن ھاياجىنىنى باسالماي باغرىمغا ئۆزىنى تاشلىدى.

مۇدھىش زۇلمەتكە تولغان بۇ كېچە تۈن پەردىسىنى ئاستا ـئاستا يىغىشقا باشلىماقتا ئىدى...

# بىر تىلەمچىنىڭ ھېكايىسى

ھېكايە

مەلۇم كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئاغزى قىڭغىر، پۇتى باسماس، قولى تۇتماس، تىترەپ تۇرغان كالپۇكلىرىدىن شەكلى ئۆزگەرگەن ئېڭىكىنى بويلاپ ئاققان شۆلگەي ئالدىغا قويۇلغان پۇچۇق قاچىغا تېمىۋاتقان، ناھايىتى ۋەيرانە ۋە بىچارە ھالەتتىكى بىر تىلەمچىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا پورتمالىمدىن 10سوم چىقىرىپ بەرمەكچى بولدۇم. نېرىراقتا ماڭا سەپ سېلىپ تۇرغان تاۋۇزچى يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنى بىر ياققا تارتتى ـ دە، بۇ تىلەمچى ھەققىدە ھەيران قالارلىق بىر ھېكايىنى باشلىدى....

ئۇ سوراقخانىدا ئاخىرقى مەھبۇس بىلەن ھەپىلەشمەكتە. مەھبۇسنىڭ كۆز قارچۇقلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان ، يۈزلىرى ئەسلى شەكلىنى پەرق ئەتكۈسىز ھالەتتە ئىششىپ كەتكەن ئىدى. قانغا مىلەنگەن يىرتىق كۆڭلىكىدىن بەدىنىنىڭ كۆكىرگەن ۋە قانىغان جارائەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوڭ قولى گەجگىسىدىن، سول قولى بىقىنىدىن ئارقىغا قايرىلىپ تەتۈر كىشەن سېلىنغان، پۇتلىرىدىكى ئىشكەلنىڭ ھالقىسى مۇسكۇللىرىغا پېتىپ، قانسىرىغان ھالەتتە ئولتۇراتتى. تىرناقلىرى تارتىۋېتىلگەن بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا بېغىردەك ـ بېغىردەك قان ئۇيۇپ قالغان ئىدى.

ئۇنىڭ چاچ ساقاللىرى ئۇزۇن ئۆسكەن بولۇپ، چەك، چەك يېرىۋېتىلگەن باشلىرىدىن سىرقىغان قانلار قېتىشىپ چاچلىرى پەتىلە، پەتىلە بولۇپ كەتكەن، ئارىلاپ يۇلۇۋېتىلگەن ساقىلىنىڭ ئىزىدىن چىققان قانلار بۇرۇنلىرىدىن، كۆز-قۇلاقلىرىدىن چىققان قانلارغا قوشۇلۇپ ئېقىپ چۈشۈپ، كۆكرەكلىرى ۋە قۇرساقلىرىدىن ساقىغان قانلار بىلەن بىرلىشىپ يوتىلىرىدا بېغىردەك ئۇيۇپ قالغان ئىدى. بۇ ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئەمدىلا 16 ياشتىن ھالقىغان گۆدەك ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سوراقخانا شۈنچىلىك ھەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق .

_ ئېيتە، كىم ساڭا يوليۇرۇق كۆرسەتتى؟ قانچە شېرىكىڭ بار؟

_ ئاللاھقا بولغان ئىمانىم ماڭا يوليۇرۇق كۆرسەتتى، 20 مىليون ئۇيغۇر شېرىكىم بار. ھۆر ۋەتىنىمگە بولغان ئىشەنچىم ماڭا ھەمراھ بولدى....

_ دا!....

باياتىن ئۇنى ئۇرۇپ ھېرىپ كەتكەن ئىككى خىتاي ئەسكەر تېخى ئارامىنى ئېلىپ بولمايلا تاپشۇرۇپ ئالغان ئۇرۇش بويرۇقىغا بىنائەن ئۇنى يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار تولىمۇ ھەيران ئىدى . چۈنكى مۇشۇنىڭدەك نۇرغۇن ياشلارنى ئۇردى، جازالىدى، كۆپۈنچىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئەمما بۇنداق « جېنىدىن تويغان ئەخمەقلەر» تېخىچە تۇگىگىنى يوق.

_ ئېيتە، كىم ساڭا يوليۇرۇق كۆرسەتتى؟ مەقسىتىڭ زادى نېمە؟ كىم سېنى تەربىيلىدى؟

_ ئاللاھقا بولغان ئىمانىم ۋە خەلقىمگە بولغان مۇھەببىتىم ماڭا يوليورۇق كۆرسەتتى. مەقسىتىم مىللىتىمگە ھۆرلۇك ۋە ئەركىنلىك، ئىنسانى قەدىر قىممەت ئېلىپ كېلىش! مېنى ئىمانىم ، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىم، يەنە سىلەرنىڭ ۋەھشىيلىكىڭلار، قانخورلىقىڭلار، زالىملىقىڭلار تەربىيلىدى...

_ دا!!

ئەسكەرلەر يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. راستىنى دېگەندە ئۇلار ئۇرۇپ زېرىككەن ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى « ۋەتەن ، مىللىتىم ئۈچۈن » دەپ چۈشۈنۈشكە شۇنچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ماۋۇ دېهقان بالىسىنىڭ ئۇلارنىڭ « ۋەتەن، مىللىتى » گە قانداق بولۇپ دۈشمەن بولۇپ قالغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

_ هەي مۇناپىق ئوغرى، قانداق بېغەرەز نېمە سەن؟ سېنى قىينالمىسۇن، بىر ئۇيغۇر بولغاندىكىن ياردەم قىلىپ قوياي دېسەم، نېمىلەرنى جۆيلۈپ يۈرسەن؟ ئۆزەڭنى قەھرىمان سانايدىغان ئوخشىمامسەن؟ رېئاللىققا قارا، سەن تېخى كىچىك، هايات تېخى ئۇزۇن....

_ ماڭا قارا ئاكا، ماڭا ئوخشاش قانچىلىغان باللارغا ياردەم قىلغانسەن؟ بۇلار زېمىنىمىزغا كېلىۋېلىپ، سەنلەر كۆچمەن - دېيىشتى. بايلىقىمىزنى ئېلىۋېلىپ _ ئەزەلدىن بىزنىڭ دېيىشتى، خوپ، ئۇنىڭغا ئىچىڭ قايىنمىسا، هەدە-سىڭىللىرىڭ هاملدار بولسا، قانۇنسىز- دەپ قورسىقىنى يېرىشتى. تېخى توي قىلمىغان سىڭىللىرىمىزغا قارا قول سېلىپ تۇغماس قىلىشتى. يۇرتىمىزغا پاتقۇزماي يىراقلارغا سۈرگۈن قىلىشتى، قىزلىرىمىزنى پاهىشىگە زورلاشتى، ئوغۇللىرىمىزنى زەهەرگە، ئوغۇرلۇققا بەنت قىلىشتى. ئوقىمىدى دېسە، ئوقىدۇق، بىزگە خىزمەت بەرمەي كوچىدا قويىدى. بۇلارنىڭ دەردىدە يا بىر خاتىرجەم ناماز ئوقىغىلى بولمىسا، قورساقتىكى هاملىدىن تارتىپ ئۈچىۋاتقان قۇشقىچە هەممىنى كوچىلاپ ئارام بەرمىسە. ئاپتونۇم رايۇن دەپ قويۇپ، تىلىمىزنى ئىشلەتكىلى قويمىسا، باللارنى كىچىكىدىن خىتاي قىلىشقا ئۇرۇنسا.... مەن بىر ئۇيغۇر يۈشتى، مۇسۇلمان بالىسى تۇرۇپ، مۇشۇلارغا شېرىك بولۇپ جىم ياتامدىم؟ بۇدۇنيا ئۇزۇن دەيسەن، ئۇ دۇنيا تېخى ئۇزۇن! مەن بەلكىم، بۈگۈن - ئەتە ئۆلۈپ كېتىمەن، ئىچىمگە قان چۈشكەنلىكىنى بىلىمەن، سېزىپ تۇرىۋاتىمەن. ئەمما قەلبىم ئىنتايىن خوشال، چۈنكى مەن مەڭگۈلۈك جەننەتكە ئىگە بولىمەن. ئاكا، سەنچۇ؟

_ ماۋۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا!.... هەي، مېنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ قوي ئۇنداق ....،- كېلىشكەن بەستلىك ساقچى ئورنىدىن قوپۇپ، چىرايى تونىغۇسىز

بولۇپ كەتكەن يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىغا بىرنى تەپتى. يىگىتنىڭ ئىڭىكى سۇندى بولغاي، ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان يېنىشقا باشلىدى.

_ ئەمدى سۆزلە- ھە!... - ئۇ غەزەپ بىلەن يىگىتنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. يىگىت كۆلۈمسىرىگەندەك قىلدى. شەكلى ئۆزگەرگەن ئىڭىكىنى مىدىرلىتىپ گەپ قىلىشقا تىرىشتى _ ئاللاھۇ ئەكبەر، ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ...، - ئۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ قانغا تولغان ئاغزى ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن ئىڭىكى ئۇنى سۆزلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىشقا مۇيەسسەر بولغاندەك قىلاتتى...

سوراقچى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ بۇنىڭغا ئوخشاش 16- 17 ياشلىق بالىلاردىن نۇرغۇننى سوراق قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغىنى ئۇلارنىڭ نادانلىقى بىلەن، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايۋاتقانلىقى ئىدى.

قارا ئاۋۇ بالىنى شۇنداق قىيناپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نۇرغۇن بالىلارنىمۇ شۇنداق قىيناپ ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ نامىنى ئېيتىپ، شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ جان ئۈزدى. قىساسى بار دەيدىكەن، ھەجەپ ماڭا قىساس كەلمىدىيا؟ _ دېگەندەك ئويلار ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولۇپ قالاتتىيۇ، ئۆيىگە بېرىپ چىرايلىق خوتۇنى ۋە بارغانسېرى تاتلىق چوڭ بولىۋاتقان ئوغلىنى كۆرگىنىدە _ شۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن، باياشات تۇرمۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ، تېخىمۇ ياخشى ئىمتىيازلارغا ئېرىشىشنى ئويلايتتى. ھەممە كىشى ھەتتا ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن « ئىت » دەپ تىللىسىمۇ ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا جاھاننىڭ بېقىشىغا ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراش كېرەك ئىدى.

تېلېفوننىڭ ئەنسىز زىل چېلىشى بىلەن ئۇنىڭ شىرىن خىياللىرى چېچىلدى:

_ ياخشىمۇسىز، دەرھال جىددى قۇتقۇزۇشقا كېلىڭ! گاز ئوچاقتىكى چەينەك ئۆرۈلۈپ، قايناۋاتقان سۇ بالىڭىزنىڭ بېشىغا تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئايالىڭىز

يۆگۈرۈپ كېلىپ، پولدىكى سۇدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكەن بولۇپ قولىدىكى چوكا مەيدىسىگە قادىلىپ قاپتۇ! .... تېز بولۇڭ! - ساقچى يىگىت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ھۇشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي كوچىدا غۇيۇلداپ كېتىپ بارغان قۇتقۇزۇش ماشىنىسى مېڭىسىگە قان چۈشكەن بىر ياش ئۇيغۇر ساقچى يىگىتنى ئېلىپ ماڭغانلىقىغا نۇرغۇن كىشىلەر شاھىت بولدى. بۇلار ئاشۇ تىلەمچىنىڭ ھېكايىسىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بىراق ئۇنىڭ داۋامىنى ئاڭلىمايلا، كاللامدا سۇئال پەيدا بولدى _ بۇ تىلەمچىگە زادى سەدىقە بېرىش كېرەكمۇ يوق؟...

# جەك سۇنىيىنىڭ ئاۋازى

ھېكايە

تۈرمىنىڭ يوغان تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىپ قارا بۇلۇتلار كۆتۈرۈلىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ دەقىقە تۇرۇپ قالدىم، يۈرىكىم رېتىمسىز سوقماقتا ئىدى. دىمىقىمدا ھېلىمۇ تۈرمە كامىرىنىڭ قاڭسىق ھىدى، تۈرمىداشلىرىمنىڭ جاراھەتلىرىدىن ئاققان قانلارنىڭ، يىرىڭداپ سېسىغان جاراھەتلەرنىڭ ھىدى ئەگىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئېگىز بىتون تامغا، مىخلىق سىملار بىلەن قورشالغان تۈرمە تېمى ئۈستىدە قۇراللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭا مەنىلىك قاراۋاتقان قاراۋۇللارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ يەنە پەسكە قارىۋالدىم. جىسمىم شۇ قەدەر ئاجىزلاشقان، سوراق ۋە تاياق دەستىدىن جاراھەتلەنگەن قەلبىم ۋە جىسمىم مېنىڭ مەۋجۇدلۇقىمنى ھېس قىلدۇرۇپ ئېچىشماقتا، ئاغرىماقتا ئىدى.

- بالام، جېنىم بالام...، - كۆز يەتكۇدەك يىراقلىقتىن خۇدىنى يوقاتقان ھالەتتە يىغلىغىنىچە يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئانامنى كۆرۈپ يۈرىكىمدىن تارىغان تىترەك پۇتۈن جىسمىمنى تىترىتىپ ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى كېلەڭسىز قەدەملەرگە باشلىدى. ئىلگىرى توپىلىق مەيداندا پۇتبولنى جېنى باردەك ئوينىتىدىغان ماغدۇرلۇق پۇتلىرىمدا ئەمدى ماغدۇر- قۇۋۋەت قالمىغانىدى. ئانامنى چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە ھەربىر تامچە قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن ئازاپلىرىم ۋە خورلۇقلارنىڭ قىستىشىدا ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم.

- ئاھ ئانا، سېنى كۆرۈلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دېگەن قورقۇنچتا قانچە تۈنلەرنى كىشەنلەنگەن پۇتلىرىمنى چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ئۆتكۈزدۈم، ئۇلۇغ رەببىم ئاللاھقا قانچە مەرتە ساپ ئىمانىم بىلەن دۇئالار قىلدىم! ...، - يۈرىكىم ، ھەربىر ھۈجەيرەم شۇ سۆزلەرنى ئۈنسىز تەكرارلىغاندەك قىلدى. بىر كامىردا ياتقان، سۇنغان سۆڭەكى مۇسكۇللىرىنى، تېرىلىرىنى تېشىپ چىقىپ ئىتتىنىڭ چىشىدەك چىقىپ قالغان ھېلىقى بالىنىڭ «ئانا، جان ئانا، مەندىن رازى بولغىن ئانا!....ساڭا...» دەپ پىچىرلىغىنىچە ماڭا يۈلۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىڭغىيىپ قالغانلىقىنى، جىسمىنىڭ سوۋۇپ، ئۇچۇق قالغان كۆزىنىڭ قارچۇقلىرىنىڭ كېڭىيىپ، قانغا بويالغان يىرتىق كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسىنى چىڭ سىقىمدىۋالغان كىشەنلەنگەن قولىنىڭ سوغاق سېمونت پولغا «تاك!» قىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە «مەنمۇ شۇنىڭدەك ئانامنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي كېتىپ قالارمەنمۇ؟» دەپ ھەربىر مۇسكۇل تالالىرىمغىچە تىترەپ كەتكەنىدىم. مانا، ئەمدى ئانامنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنى ھىدلاۋاتىمەن....

ئۆي، بالىلىق سادىلىقىم قالغان، ئاپام ئەتكەن ئاشلارنىڭ پۇراقلىرى سىڭگەن ئۆيگە قايتا قەدەم باستىم. قۇلاق تۈۋىمدە دادامنىڭ:« ئوغۇل بالا ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىسا بولمايدۇ. ئوغۇل بالا كىچىك جەھەتتىن ئائىلىسى، چوڭ جەھەتتىن مىللەت ئۈچۈن ياشايدۇ، شۇندىلا ئەركەك بولالايدۇ...» دېگەن سۆزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى. ئەنە، دادام ئۇ سۆزلەرنى مېھمانخانا ئۆيدىكى ئاۋۇ ساڧادا ئېيتقانىدى.

- بالام، مېنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىمنى سېغىنغانسەن-ھە؟ ...، - ئانام كۆك چۈشكەن يۈزلىرىمنى، يېرىلغان لەۋلىرىمنى سىلىغاچ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي مېنى يەنە

باغرىغا چىڭ بېسىۋالدى. ئاھ، ئانا قۇچىقى، سەن نېمانچە ئىللىق، نېمانچە شېرىن. كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ بارلىق ئەسلىمىلەرنى يىراقلارغا چۆرۈشكە تىرىشىپ مەنمۇ ئانامنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. جاھان نەقەدەر رەزىل، نەقەدەر ئادالەتسىز-ھە؟! دادامنى نېفىتلىكنىڭ ماشىنىسى سوقىۋېتىپ بىزنى يېتىم قىلغانىدى، شۇنىڭدىن تۆۋرۈكسىز، تايانچىسىز قالغان ئائىلىمىزنى قامداش ئۈچۈن ئانام،سىڭلىم ئۈچىمىز ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ جاھاندارچىلىق قىلدۇق، كۈندۈزلىرى رەخت ساتتۇق، پايپاق ساتتۇق، بەلۋاغ ساتتۇق، كېچىلىرى كەچلىك بازاردا سېرىق ئاش ساتتۇق، كاۋاپ ساتتۇق، ئۆپكە-ھېسىپ ساتتۇق. دادامنىڭ مائاشىغا رەنىگە قويۇپ ئالغان ئۆيىمىزدىن قەرز قايتۇرالماي ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن قاچىمىز ئايلاپ گۆش كۆرمەي تىجەدۇق، تىرىشتۇق، جاپا تارتتۇق. سىڭلىم قىزلارنى ئىچكىرى زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، ئوبدان مائاش بېرىدىكەن دېگەننى ئاڭلاپ زور ئۈمىد ۋە ھاياجان بىلەن نەسىھەتلىرىمىزگە ۋە توسۇشىمىزغا قارىماي ئىچكىرىگە كەتتى. تۇرمۇش بىزنى ھەر كويلاردا، ھەر تەرەپكە تارتىتىۋەتتى. شۇ سىڭلىمغا ئوخشاش قىزلارنىڭ، ماڭا ئوخشاش يىگىتلەرنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇر توقماق قىلىنىپ ۋەھشىيلەرچە چالما-كېسەك قىلىنغانلىقىنى كومپيۇتېر ئېكرانىدىن كۆرۈپ بىچارە سىڭلىمنىڭ سىماسى شۇ مەنزىرىدە زاھىر بولۇپ يۈرىكىم مۇجىلاندى، ۋۇجۇدىم غەزەپكە كەلدى. نامايىش بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ھەق يولىدا قۇرۇق قول نامايىشقا چىقتىم. ھېچكىمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلمىدىم، ھېچكىمكە قول شىلتىمىدىم، ھېچكىمگە لەنەت قىلمىدىم، ھەتتا ھېچكىمگە ئالايمىدىم. ئەمما دۇبۇلغا ساۋۇت كىيگەنلەر قوللىرىمنى قايرىپ كىشەنلەپ شۇ زۇلمەتلىك تۈرمىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. ھېچقانداق سوراقسىز ئۇرۇپ دۇمباللىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرغانلىقى يەتمىگەندەك خىتاي مەھبۇسلارغا ئۇرغۇزدى. قورسىقىمغا ئوكۇل بىلەن سۇ ئۇردى. خۇداغا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا ئانامنىڭ دىدارىنى قايتا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم...

- بالام، مەن چىقىپ تاماق قىلاي-ھە. ھۇجرىڭغا كىرىپ بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋال،- ئانام مېنى قويىۋېتىپ ئاشخانىغا بۇرۇلدى. تۇرغان جايىمدىلا پۇت-قوللىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ ساڭاغا ئۆزەمنى تاشلىدىم.

- بالام، ھۇجراڭغا كىرىپ ياتساڭچۇ، ساۋادا بويىنىڭ ئاغرىپ كەتمىسۇن...،- ئانام بىر چىنە سوغاق چاينى ئىلىپ كىرگەچ ماڭا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

- بولدى ئانا، مۇشۇ جايدا ساڭا قاراپ ياتاي...،- ئانامغا قاراپ ئاراملىق بىلەن كۈلۈمسىرىدىم. ئانام جاپا ۋە ئەمگەك دەستىدىن يىرىكلەشكەن ئالقانلىرى بىلەن چاچلىرىمنى، يۈزلىرىمنى سىلاپ قويۇپ، پىشانەمگە خۇددىي كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك سۆيۈپ قويۇپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئاھ، ئانا، شۇ تۇرقى سىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىڭ ماڭا جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل ئۇسسۇلدەك بىلىنمەكتە ئىدى. قۇرسۇقۇم قاتتىق تولغۇنۇپ ، سانجىپ ئاغرىپ، يۈرەك سوقۇشۇم تۇيۇقسىز تېزلىشىپ كەتتى. بۇنداق ئاغرىق تۈرمىدىمۇ بولاتتى، بىر ھازا داۋاملىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

- رەزىل خىتايلار، مېنى نېمە قىلىشتىڭ...،- شۇنداق دەپ غەزەپ بىلەن پىچىرلاپ لەۋلىرىمنى چىڭ چىشلىۋالدىم. كۆزلىرىم قاراڭغۇلۇشۇشقا باشلىدى. بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ ئانامغا يەنە بىر قارىۋالماقچى بولدۇم، ئانامنىڭ سىماسى غۇۋا كۆرۈنگەندەك بولدى. بىردىنلا پۈتۈن جىسمىم شۇنداق يېنىكلىشىپ قالغاندەك، جىسمىم غايىۋى بىر مۆجىزىدە شىپا تاپقاندەك تۇيغۇدا بولدۇم.

- خەپ، ماغدۇرۇمغا كەلسەم سەنلەرگە نېمىنىڭ ھەقلىقنى بىر تونۇتمىسام!...،- شۇ خىياللاردا سەزگۈسىز يانغا قىيسىيىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم، دېمىقىمغا ئانام ئەتكەن ئاشنىڭ ھىدى پۇرىغاندەك بولۇپ شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە ئۇزۇن ئۇيقىغا غەرىق بولغاندەك بولدۇم....

* * * * * * * * * * * * * * * *

ئانا قىرزىق ئاشنى كۆتۈرگىنىچە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ قىڭغىيىپ يېتىپ قالغان ئوغلىنى كۆرۈپ ھوشۇنى يوقاتقىنىچە بالىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئاچچىق چىرقىرىۋەتتى. ئانىنىڭ ئاۋازى گويا جەڭ سۇنايلىرىنىڭ ئاۋازىدەك كۆككە كۆتۈرۈلۈپ يىراق-يىراقلارغا تارقالدى.

# كۆك ھىجرانى

ھېكايە

كۆككە قاراپ ياتقىنىمچە ياستۇققا يۆلۈنۈپ خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدۇڭ. ئاپئاق بۇلۇتلار كۆكتە لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەندەك خىياللىرىڭدا ھىجران ئازابى شۇڭغۇپ دولقۇن ياسايتتى. كۆزلىرىڭنى ئازاپ بىلەن يۇمدۇڭ، دەقىقە قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن پارلاق نۇر ئىچىدە ئۇنىڭ سىماسى زاھىر بولۇشقا باشلىدى.

- جېنىم، سەن راستلا چەتئەلگە چىقىپ كېتەمسەن؟ مېنى تاشلاپ شۇ يىراقلارغا سەرسان بولۇپ كېتەمسەن؟...- قىزنىڭ گۈزەل سىماسى كۆز ئالدىڭدا خۇددىي ئۇ ئالدىڭدا تۇرغاندەك زاھىر بولدى، چۆچۈپ كۆزلىرىڭنى ئاچتىڭ، ئالدىڭدا تار ياتىقىڭ، ئاددىي ئائىلە سايمانلىرىڭ تۇراتتى. كۆزلىرىڭ نەملەندى، يىراقلارغا باقتىڭ، يىراقلاردىن بولسىمۇ ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىشقا ئىنتىلگەندەك ئورنۇڭدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن ياۋروپانىڭ كوچىلىرىغا باقتىڭ. يات ئېرقنىڭ ئىنسانلىرى كوچىدا كېتىپ باراتتى...

- ئالو، مانا مەن ھازىر بارىمەن...- يانفۇنۇڭ سايراپ، جاۋاب قايتۇردۇڭ. ئىشىكتىن چىقتىڭ، كوچىدىكى ئىنسانلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتىڭ. كېتىپ بارىسەن، قەيەرلەردىدۇر كىملەرنىڭدۇر ئىزلىگەندەك ئەتراپقا قاراپ-قاراپ قويۇپ كېتىپ بارىسەن.

- جېنىم...- بىرى سېنى توۋلىغاندەك ئاڭلاندى، تۇيۇقسىز توختاپ ئارقاڭغا بۇرۇلدۇڭ. ئەپسۇس، ھېچكىم سېنى چاقىرمىغانىدى. جانانىڭ يىراقلاردا قالغان، قانداق قىسمەتلەردە قالغانلىقى ساڭا نامەلۇم...

بىر جۇپ ئاشىق-مەشۇق چەتئەللىك دوستۇڭ بىلەن بىرگە دېگىنىز بويىدا ئولتۇراتتىنىڭ، كۆزلىرىڭ يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. چەتئەللىك دوستۇڭنىڭ قىز دوستى سەندىن قىز دوستۇڭ بار يوقلىقىنى سورىدى.

- قىز دوستۇم بار...- تېزلا جاۋاب بەردىڭ. ئەمما بىردىنلا نېمىنىدۇر ئەسلىگەندەك بولۇپ،- بار بولسا كېرەك؟!...- دەپ قوشۇپ قويدۇڭ، تىترەڭگۈ تۆۋەن ئاۋازدا...

- چۈشىنەلمىدىم...- قىز ساڭا سۇئال نەزىرىدە باقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيرانلىقنى كۆرۈپ سەل ئەندىكتىڭ، چۈنكى سىرلىرىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتىشىڭ، شۇ ئازاپلىق كەچمىشلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلىشىڭ كېرەك ئىدى.

- شۇنداق بىر چىرايلىق قىز دوستۇم بار ئىدى، بىر-بىرىمىزنى شۇنداق سۆيەتتۇق. توي قىلىش، بەختلىق ئائىلە قۇرۇش خىياللىرىنى سۈرەتتۇق...

- شۇنداقمۇ، بىز كىلەر يىلى توي قىلماقچى بولىۋاتىمىز، كىلەر ئايدا نىشانلانماقچى...- قىز ھاياجاندا گېپىڭنى بۆلۈپ يىگىتكە تاتلىققىنە قاراپ قويدى. شۇ چاغدا قىزنىڭ سىماسى يەنە كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولدى، ئۇ سېنىڭ يېنىڭدا ئولتۇراتتى. خۇددى شۇ قىزغا ئوخشاش ساڭا مۇھەببەتلىك تاتلىق قاراپ:

- جېنىم...- دەپ سېنى چاقىراتتى.

- كېيىن قانداق بولدى؟...- قىز قىزىقىپ گېپىڭنى داۋامىنى سورىدى. خىياللاردىن ئويغاندىڭ، يېنىڭدا بوش تۇرغان ئورۇنغا بىر قارىدىڭ، قىز يېنىڭدا يوق ئىدى. ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىڭ، كۆككە باقتىڭ...

- كېيىن، ۋەتىنىمدە نامايىش بولدى، مېنىڭ سىلەرنىڭكىدەك مۇستەقىل دۆلىتىم يوق. ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلار 1949- يىلى ئىشغال قىلىۋالغان. كېيىن ئۇلار بىزگە زۇلۇم سالدى، مىللىتىم ئويغۇنۇپ تېنچ يولدا نامايىش قىلدى. ئەمما ئۇلار بىزنى باستۇردى. شۇ نامايىشتا مەنمۇ بار ئىدىم. ...- گېپىڭنىڭ داۋامىنى چۈشۈرەلمەي قالدىڭ. كۆز ئالدىڭغا قىرغىن قىلىنغان قېرىنداشلىرىڭنىڭ جەستى ، يۈز-كۆزى قانغا

بويالغان قىرىنداشلىرىڭ كەلدى... ئۇلار ساڭا چۈشۈنۈكسىز نەزەرلەردە قاراۋاتاتتى. ياق، ئۇلار ساڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتاتتى...

- مەن شۇ نامايىشقا قاتناشتىم. نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، نۇرغۇن پاجىئەلەرگە شاھىت بولدۇم. بىزنىڭ شەھەردە مەن دېمەتلىك بالىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك خىتايلار تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. قىز دوستۇم ئائىلىسى بىلەن بىللە غايىپ بولدى... - كۆزلىرىڭگە يەنە ياش كەلدى، گېپىڭنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىڭ...

- ئۇنى ئىزدەپ باقمىدىڭمۇ؟...- يىگىت سەندىن مۇشتلىرى تۈرۈلگەن ھالدا سورىدى.

- ئىزدىدىم، ئۇ چاغلاردا تېلفون ۋە ئىنتېرنېت ئۈزۈۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۆيىنىڭ ئىشكى سۇلاقكەن. كەچكىچە ساقلىدىم، ساقچىلار كېلىپ مېنى سوئال-سوراقسىز قولللىرىمغا كىشەن سېلىپ تۇتۇپ كېتىشتى. كېيىن ئۆيدىكىلەر مېنى پۇل خەجلەپ ئېلىپ چىقتى...

- توۋۋا، قانداق دۆلەت ئۇ؟...- يىگىت بىلەن قىز بىرلىكتە غەزىپىنى ئىپادىلەشتى...

- دۆلىتىڭ بولمىسا شۇنداق بولىدىغان گەپ... - ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ سۆزىڭنى داۋام قىلدىڭ..

- نايامىش بولۇشتىن بۇرۇنلا ئۆيدىكىلەر مېنى چەتكە ئوقۇشقا چىقارماقچى بولغانىدى ۋە تەييارلىقلار پۈتۈپ قالغانىدى. ئاتا-ئانام مېنى مەجبۇرلاپ دېگەندەك يولغا سېلىۋەتتى. كېيىن مۇشۇ دۆلەتكە كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىدىم...

- شۇنداق قىلىپ قىزنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىدىمۇ؟....- ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە رايىڭ يوق ئىدى. شۇ چاغدا كۆزلىرىڭنى يەنە كۆككە تىكتىڭ، ئاق بۇلۇتلار كۆكتە لەرزان ئۈزۈپ يۈرەتتى...

دەريا بويىدا يالغۇز ئولتۇراتتىڭ، تۈرلۈك شەكىلدىكى كېمىلەر، قولۋاقلار سۇ يۈزىدە لەپىلدەيتتى. ئۆز ئۆزۈڭگە سۆزلەشكە باشلىدىڭ...

- ئاھ تەقدىر، مەنمۇ شۇ كېمىلەردەك ھايات كۆلىدە لەيلەپ قالغاندەك قىلىمەن. يۈرۈكۈمدىكى ھەسرەتلەر خۇددىي شۇ كېمىلەرنىڭ قىرغاققا باغلانغان ئارغامچىسىدەك

قەلبىمنى ۋەتەنگە باغلاپ تۇرماقتا. ۋىسالسىز قالغان ھىجران دىللىرىمنى جاراھەتلىمەكتە. ئاتا-ئانا سېغىنىشى، يۇرت سېغىنىشى، جانان سېغىنىشى... تۈرلۈك تۈمەن سېغىنىشلار يۈرۈكۈمنى مۇجۇپ، قەلبىمنى گويا تۈگمەن تېشى ئارىسىغا كىرىپ قالغان بۇغدايدەك يەنجىمەكتە. ئاھ ھىجران، سەن نېمانچە ئاچچىقسەن... ۋەتەنسىزلىك مېنى مۇشۇ كۈنلەرگە مۇپتىلا قىلدى، ۋەتەنسىزلىك مۇھەببىتىمنىڭ ھىجرانىغا سەۋەب بولدى، ۋەتەنسىزلىك ئاتا-ئانامدىن ئايرىلىشىمغا، يۇرتتىن چىقىپ سەرسان بولۇشۇمغا سەۋەب بولدى. بۇ يات ئەللەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ، شۇ چۆللۈك ۋەتەنىنىڭ تۇپراقلىرى مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى. ئاھ ۋەتەنسىزلىك....

- جېنىم...،- بىردىنلا يېنىمدا ئۇ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ گۈزەل جامالى، ئۇنىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرىشى شۇ قەدەر ھەقىقىي ئىدى. ئۇ تەرەپكە بۇرۇلدۇم. ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتۇم.

- جېنىم، سىز بۇ يەردىمۇ؟ مەن سىزنى بەك سېغىندىم

- جېنىم، مەنمۇ سىزنى سېغىندىم. ئەمما شۇ رەزىل خىتايغا باغلانغان تەقدىر بىزنى ھىجرانغا مۇپتىلا قىلدى. ئىككىمىزدەك نۇرغۇن ئاشىق-مەشۇقلار ھىجرەتتە يات ئەللەرگە پالاندى. ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاندى. ئاتا-ئانىمىزدەك نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ھىجرانغا مۇپتىلا بولدى، يەنە نۇرغۇنلىرى ئىككى ئالەملىك ھىجرانغا مەھكۇم بولدى. جېنىم، سىزنى سۆيىمەن! سىزنىڭ ئەركەكلىكىڭىزنى، ھەقىقىي ئوغلانلىقىڭىزنى سۆيىمەن! ....- ئۇ سېنىڭ قوللىرىڭنى چىڭ سىقتى. قوللىرىڭغا باقتىڭ، ئۇنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا راستىلا مەۋجۇدلىقىغا ئەمدى ئىشەنگەندەك قىلاتتىڭ...

- جېنىم... ،- كۆزۈڭنى ئۇنىڭ جامالىغا يۆتكىدىڭ، كۆز ئالدىڭ بوشلۇق، يېنىڭدا بوش ئورۇن، كۆزلىرىڭ قايتا نەملەنگەندەك بولدى...

ئاشخانىڭدا تاماق قىلدىڭ، قىزىق ئاشنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىرىپ تاماق شىرەسىگە قويدۇڭ. ئالدىغا پەشتامە ئارتقان ھالدا ئۇ قولىدا چەينەك بىلەن ئىككى چىنىنى ئېلىپ كېلىپ شىرەدە سېنىڭ قارشى تەرىپىڭدە ئولتۇردى. ئۇنىڭغا قايتا باقتىڭ، بولارنىڭ

ئۆز خيالىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭ. شۇنداقتىمۇ ئۇ زاھىر بولغاندا ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭدىكى سۆزلەرنى قىلۋاتقىنىڭدەك كەلدى.

- جېنىم، سىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭىز ماڭا نامەلۇم، سىزنىڭ نەدىلىكىڭىزنى بىلسەم بەك ياخشى بولاتتى. سىزنى تاپسام، سىز بىلەن توي قىلسام، مۇشۇنداق مەززىلىك تاماقلارنى كۈندە بىللە قىلىپ يىسەك، باللىرىمىز بولسا... - قىز ساڭا قاراپ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىغاچ، تاتلىق كۈلۈمسىرەۋاتاتتى..

- جېنىم، ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئەل بېشىغا كۈن چۈشكەندە مەيدە تۇتماق پەرز. ۋەتىنىمىز ئازات بولماي تۇرۇپ بىزگە ھەقىقىي بەخت نىسىپ بولمايدۇ....- قوشۇماڭ تۈرۈلدى، ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن - خىيالىمدا بولسىمۇ شېرىن خىياللارغا يول بەرسىڭىزچۇ!... دېدىڭ. ئۇ كۈلۈمسىرىگەچ ساڭا يەنە تاتلىق قاراپ قويدى. تاماقتىن بىر كاپام ئاغزىڭغا سېلىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىدىڭ، ئالدىڭدىكى ئورۇن بوش تۇراتتى...

ھېلىقى چەتئەللىك دوستۇڭ ئىشىكىڭنى چەكتى، ئەمما ھېچكىم ئىشىكىڭنى ئاچمىدى. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولغاندا پەلەمپەيدىن يەنە بىر ئۇيغۇر دوستۇڭ چىقىپ قالدى. ئۇ ئىشىكىڭ ئالدىدا تۇرغان چەتئەللىك دوستۇڭغا

- ئۇنى ئىستەپ كەلگەنمىدىڭ؟ بىچارىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم. - دېدى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ.

- نېمە بولدى؟ - چەتئەللىك دوستۇڭ سورىدى.

- يېقىندا ئۈرۈمچىدىن بىر بالا پاناھلىق تىلەپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە خىتايلار ئاغىنىمىزنىڭ قىز دوستىنى 7-ئىيۇل كۈنى ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىللە قەتلى قىلىپىكەن... - دوستۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق بىلەن ئىشىكىڭگە يەنە بىر قارىۋېتىپ، يۈگۈرگىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى...

دېڭىز بويىدە قۇچاقلىرىڭنى كەرگىنىڭچە يىراقلارغا قاراپ تۇراتتىڭ. مەيىن شامال سېنى يەلپۈرتتى. ئەمما دىماقلىرىڭغا قۇملۇقنىڭ شاملى ئۇرۇلغاندەك كۆزلىرىڭدە قۇملۇق زاھىر بولاتتى...

- جېنىم، سىز چەتئەلگە راستلا مېنى تاشلاپ چىقىپ كېتەمسىز؟!...- بىردىنلا ئۇنىڭ بىلەن كۆل بويىدا بىرگە ئولتۇرۇپ دېيىشكەن سۆزلىرىڭ كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولدى.

- تەييارلىق پۈتۈپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئەمما مېنىڭ سېنى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارغىم يوق!...- ئۇنىڭغا قىيمىغان ھالدا باقتىڭ.

- ساراڭ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ياخشى ئوقۇڭ، مىللىتىمىز ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلالايدىغان ئادەم بولۇڭ!...- قىز ساڭا ئىلھام بەرمەكچى بولغاندەك كۆز ياشلىرىنى يۇشۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى.

- ۋايجان، نېمانچە ئەتىدىن كەچكىچە شۇنداق پاراڭلارنى قىلىسىز، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى چوكانلاردەك...- سەنمۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ئېيتىشقاچ كۆزلىرىگە باقتىڭ.

- ھاھاھا، شۇ، مەن شۇنداق قېرى چوكان...ھاھاھا،- قىز تاتلىق كۈلۈمسىرەپ قىزلىق نازى بىلەن ساڭا باقتى.

- جېنىم كۆزىڭىزنى يۇمۇڭە.- قىز ساڭا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرىڭنى يۇمۇشۇڭنى ئىلتىماس قىلدى. كۆزلىرىڭنى يۇمدۇڭ.

- ئەمدى ئېچىڭ،- قىز بېشىڭنى يېنىك بۇراپ ئاسمانغا قاراتتى.

- نېمىنى كۆردىڭىز؟- قىز سەندىن ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى.

- كۆكنى كۆردۈم...،- يېنىك جاۋاب بەردىڭ. كۆزلىرىڭنى ئاچتىڭ، كۆز ئالدىڭدا كۆك ئاسمان زاھىر بولدى. دېڭىز شامىلىدىن ئۇلۇغ نەپەس ئېلىپ كۆككە پۈيلەپ بولۇپ، بىلەكلىرىڭنى چۈشۈرۈپ ئارقاڭغا بۇرۇلدۇڭ. يىراقتىن كۆك بايراقنى كۆردۈڭ.
چەتئەللىك دوستۇڭ، ئۇيغۇر دوستۇڭ بىرلىكتە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆتۈرگەنچە سەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈڭ،

توغرىسى كۆك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈك. كۆز ئالدىڭدا قىزنىڭ سىماسى زاھىر بولدى. قىزنى چىڭ قۇچاقلىدىڭ. ئۇ ساڭا، - ھەر قېتىم كۆكنى كۆرگەندە مېنى كۆرگەندەك بولىسىز... - دەۋاتاتتى. دوستلىرىڭ كۆك بايراقنى قۇچاقلاپ يىغلىشىڭغا قوشۇلۇپ سىنى قۇچاقلىدى...

# يىمىرىلگەن ھايات

ھېكايە

لاگېرنىڭ ياتىقىدا ئولتۇراتتىم، بۇ جايغا قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىم، قانداق مەقسەتتە بۇ يولنى بېسىپ قالغانلىقىم ماڭا ھېلىھەم تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى.

«ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى پاناھلىق تىلەيدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغانلىقىم ئۇچۇنمۇ؟ ياق، پاناھلىق تىلىمەيمۇ ئوقۇش-تەتقىقات بىلەن، خىزمەت بىلەن ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بارغۇ. ئۇنداقتا قانداق بولۇپ پاناھلىق تىلەپ قالدىم؟ شۇنداق سوئاللار مۇشۇ يېقىندىن بۇيان كاللامدا تولا توۋلايدىغان بولۇۋالدى.

- كۆنۈشمەمنى تۈگەتتىم، خۇدايىم بويرىسا پوزىتىپ جاۋاب چىقسا، مۇشۇ دۆلەتنىڭ ئادىمى بولۇپ قالدىم دېگەن گەپ. بىرقانچە يىل بۇ جايدا ياشاپ رەسمىي ۋەتەنداشلىق پاسپورتىنى قولۇمغا ئالسام، ئەتىسلا خىتاي ئەلچىخانىسىغا كىرىپ ۋىزا ئېلىپ ۋەتەنگە بارىمەن!...- ئىشىكتىن ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كىرگەن ياتاقدىشىمنىڭ سۆزلىرى مېنى خىياللاردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقتۇردى.

- قارا، ۋەتەنگە ياۋروپا پاسپورتى بىلەن بارسەن، خەجلەيدىغىنىڭ ياۋرو، كىيىدىغىنىڭ ياۋروپانىڭ ماركىسى... ئالە شەرىڭنى، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىنى

ئالاچەكمەن قىلىۋېتىسەن! .....- ئۇنىڭ سۆزلىرى دىققىتىمنى چەكتى، كاللامدا شىرىن ئىشرەت خىياللىرى تۇغۇلماقتا ئىدى. ئۆزەمنى ياۋروپا پاسپورتىنى تۇتقان هالدا ۋەتەندە هېس قىلىۋاتاتتىم. ئۇستۇمدە ياۋروپانىڭ كىيىملىرى، يانچوقۇمدا ياۋروپانىڭ پۇللىرى.... پاھ، ئۇ چاغدا هەممىسى ماڭا هەۋەس بىلەن قارايدۇ. هەممىسى مېنى هۆرمەتلەپ خوشامەت قىلىدۇ.... ئوهۇي، ياسانچۇق قىز-چوكانلار چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ «مېنىمۇ ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىڭە....» دېيىشىپ ماڭا ئايناقلىسا، هى هى هى...

- قويە سېنى، قىلتىرىقتەك ۋىجدانىڭ بارمۇ سېنىڭ -هەي!؟ مىللىتىڭنىڭ تەقدىرى نېمە بولىۋاتىدۇ، قانچىلىغان قېرىنداشلىرىڭ بىگۇناھ تۇرمىلەردە يېتىۋاتىدۇ، قانلىرى ئېقىۋاتىدۇ، شۇلارنىڭ نامىنى سېتىپ بۇ جايدا پاناهلىق تىلەپ، ۋەتەنداشلىقىڭ چىقسا يەنە تەپ تارتماي ۋەتەنگە بېرىپ....- ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرگەن يەنە بىر ياتاقدىشىم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاندى بولغاي، چىرايلىرى تاتارغان هالدا ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى. هەتتىگەي، بىردەم بولسىمۇ تەخىر قىلسىچۇ، خىيالىنىڭ ئەڭ پەيزى جايىغا كەلگەنىدىم.

- ۋويى، بالاڭزا، سېنىڭ نەرىڭگە تەگدى گەپلىرىم! كۆنۈشمەڭ چىقمىسا مېنىڭ نېمە ئىشىم! خۇدايىممىچۇ، بېرىدىغان جايغا بېرىدۇ! بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن....- بايا هاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقان بالا ماۋۇ ئاداشىنىڭ گەپلىرىدىن كەيپىياتى بۇزۇلدى بولغاي، ئۇمۇ چەكچىيىپ، مۇشتلىرى تۇرۇلگەنىدى.

- پاھ، ئوغۇل بالا! مۇشتلىرىڭ تۇرۇلدى، مۇشتلىرىڭنىڭ تۇرۇلگەنلىكى كۆرۈپ سۆيۈنىۋاتىمەن. گېپىم قوپال تەككەن بولسا خاپا بولما. ئىنتېرۋيۇمنىڭ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن خاپا بولمىدىم ئاداش. سېنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ قالدىم. قارا، بىز بۇ جايغا نېمە دەپ كەلدۇق؟ پاناهلىق تىلەپ كەلدۇق، شۇنداقمۇ. پاناهلىقنى قانداق ئادەم تىلەيدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەم تىلەيدۇ. زۇلۇمغا ئۇچۇردۇقمۇ-يوق؟! ئۇچۇردۇق، بىز ئۇچۇرغان زۇلۇم هېچقانداق باشقا جايدا بولۇپ باقمىغان زۇلۇم. خىتايلار بىزنى قانۇنسىز بېسىۋېلىپ دۇنياغا قانۇنلۇق قىلىپ تونۇتتى. بىزنى بېسىۋالغان ئاتمىش نەچچە يىلدىن بۇيان قانچە قېتىملاپ قىرغىن قىلدى، قۇرال بىلەن

ئاتتى، قېلىچ بىلەن چاپتى، ئۇنىڭدىن سىرت تۇغۇلمىغان بالىلىرىمىزنى ئانىلارنىڭ قورساقلىرىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ جېنىغا زامىن بولدى. خوش، ئاز-راق ئىنسانىيلىق ھۆرمىتىمىزنى قىلسا بولاتتى، ئۇنىمۇ ھېچ قىلمىدى، تىلىمىزنى يوق قىلىشقا نۇرغۇن سىياسەتلەرنى يول قويدى، دىنىمىزدىن كەچتۈرۈشكە تۈرلۈك قىلتاقلارنى قۇردى، دىلىمىزنى ئۆزگەرتىشكە رەزىل ھىلىلەر قىلدى. ئەڭ ئەقەللىي ھەق-ھوقۇقلىرىمىزنى تەلەپ قىلساق بىزنى بۆلگۈنچى-تېرورچى دېيىشىپ سوتسىز ھۆكۈم ئېلان قىلدى، ئەڭ ئەشەددىي شەكىللەردە خالىغانچە جازالىدى...- ئاۋۇ ئاداش ئۆزىنى بېسىۋالغان قىياپەتتە بايا سۆزلىرى ئارقىلىق مېنى شېرىن خىياللار سۈردۈرگەن بالىغا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. ۋەتەندە بىلەلمەيدىغان ئۇچۇرلاردىن بۇ جايدا خەۋەردار بولدۇق. مىللىتىمىزنىڭ قانداق بولۇپ بۈگۈنكىدەك كۈنگە قالغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئېرىشتۇق. مىللىتىمىز شۇ خورلۇقلارغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خەق بىزگە پاناھلىق بېرىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ شۇ شېھىتلەرنىڭ قېنى بەدىلىگە كەلگەن بۇ ئازغىنە «ئىمتىياز»دىن پۇرسەتپەرەستلىك قىلىپ باشقىچە مەقسەتلەردە پايدىلانساق تولىمۇ پەسكەشلىك بولىدۇ. توۋۋا، بايا نېمىشقا ئۇنداق خىياللارنى قىلىپ قالدىم؟! 5-ئىيۇلدا نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆردۈم، خىتايلارنىڭ بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. شۇنداق تۇرۇپ يەنە بايىقىدەك خىياللارنى قىلسام قانداقمۇ بىر ئوغۇل بالا ئەركەك بولالايمەن.... ياق، ئوغۇل بالا ئەركەك ئەمەس، بىر نورمال مەخلۇقچىلىكمۇ بولالمايدىكەنمەن.

- قويە سېنى، ئەتىدىن- كەچكىچە سىياسەت ساتىدىكەنسەن. سىياسەتنى سىياسەتچىلەر قىلسۇن. سېنىڭ قىلغۇڭ بولسا سىياسەتچى بولىۋاله ئاداش....- ئىشكتىن ھاياجاندا سۆزلەپ كىرگەن بالا بايىقى «سىياسەتچى»نىڭ گەپلىرىنى قوپاللىق بىلەن بۆلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىئاراملىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق، ئۇ بىئارام بولمىسۇنمۇ. ئۇ كەلگەن بىرىنچى كۈنىلا شۇنداق خىياللىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ شۇنچە بەدەللەرنى تۆلەپ بۇ جايغا كېلىشى شۇ ياۋروپا پاسپورتىغا ئېرىشىش، ياۋروپانىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ۋەتەنگە قايتىپ ئىلگىرى ئۆزىنى

مەنسىتمىگەن شۇ «مەتو»لارنىڭ كۆزىنى ئالا-چەكمەن قىلىش تۇرسا. ماۋۇ «سىياسەتچى» بالا ياتاقتا كىرگەندىن بۇيان شۇنداق «لاۋزا» سۆزلەر بىلەن ئۇنى بىئارام قىلىۋاتسا، ئۇ ئازاپلانماي كىم ئازاپلانسۇن...

- توغرا دەيسەن، ھەممىمىزنىڭ ۋەتەنگە قايتقىمىز كېلىدۇ. ئاۋۇ مۇھاجىر بولغىلى ئاتمىش يىل بولغان قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەننى كۆرۈپ باقمىغان پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ۋەتەنگە قايتقۇسى كېلىدۇ. شۇنداق، ۋەتەن بىزنىڭ، ھامان قايتىمىز، قايتماي بولمايدۇ. ئەمما ئويلاپ باقە، قايتساق قايسى ۋەتەنگە قايتىمىز؟ ۋەتەنگە قايتتۇق دەپ قايتقان جايىمىزدا بىزنىڭ مىللىتىمىز يوق بولغان بولسا، دېمەكچىمەن، ئۇيغۇر نامدا يۈرگەن ئىنسانلىرىڭ باشقا تىلدا سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتسە، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، دىنى، ئۆرۈپ-ئادىتى يوق بولسا، ئۇنداق جاينى قانداق ۋەتەن دېگۈڭ كېلىدۇ. خوش، ۋەتەنگە قايتساڭ مىللىتىڭنىڭ بىر ئېغىز گەپنى ئاۋايلاپ ئېيتالمايدىغان، ئاتا-ئانىسى بالىسىغا، بالىسى ئاتا-ئانىسىغا ۋەتەن ھەققىدە يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتالمايدىغان، نەدىن كېلىپ قالغانلىقى ئېنىق ئەمەس يىرتىق كۆزلەرنىڭ سېنىڭ بوۋاڭنىڭ توپىسى سىڭگەن تۇپراقنى مېنىڭ دەپ ساڭا ھۆكۈرۈشىنى كۆرسەڭ ئىچىڭ ئاچچىق بولمامدۇ؟ مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلامنى ئۆگىنىش پۈرستى بولمىسا، ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دېگەن بىلەن مەسچەتكە كىرىپ ناماز ئوقۇساق خىتاينىڭ بايرىقىنى بۇد قىلىپ سەجدا قىلىشقا توغرا كەلسە، ئويلاپ باقە، بۇ قەدەر خورلۇققا قانداق چىدايسەن؟ خوش، باشقىسى مەيلى، ئەھلى مۇسۇلمان تۇرۇپ مۇقەددەس كىتابىمىز «قۇرئان كەرىم» قانۇنسىز نەشر قىلىنغان كىتاپ دېگەندەك بۆھتانلار بىلەن ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈلسە شۇنىڭغا قانداق چىدايسەن؟ ئۇنىڭغا چىدىساڭ ئىمانى ئىسلامدىن چىقمامسەن!؟ خوش، قىزلىرىمىزنى قۇرامىغا يەتمەي تۇرۇپلا خىتاي تۇپراقلىرىغا يۆتكىسە، ئۇ جايدا ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ نومۇسىغا تەگسە، يىگىتلىرىمىزنى يولدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر-چاپ قىلغاندەك چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسە ئىچىڭ ئېچىشمامدۇ؟ غورۇرۇڭ قايىنىمامدۇ؟! بايا ماڭا تۈرگەن مۇشتلىرىڭ تۈرۈلمەمدۇ!....- ئۇ سۆزلىگەنسېرى يۈرىكىم ئېغىۋاتاتتى. بۇ سۆزلەر ئاۋۇ ئاداشقا ئېيتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇدۇل كېلىپ يۈرۈكۈمگە ئۇرۇلىۋاتاتتى. توۋۋا، ماۋۇ «ئالا-جوقا سىياسەتچى» ئالامەت گەپلەرنى قىلدى دېسە...

- ئىچىڭ قايىنسا قانداق قىلالايسەن-ھە! ئىچىڭ قايىنغان بولسا بۇ جايغا كېلىپ پاناھلىق تىلەپ ئولتۇرماي ۋەتەنىدە بىر ئىش قىلساڭ بولمامدۇ! بۇ جايغا كېلىۋېلىپ پوك-پوك يوغان گەپ قىلغان بىلەن سەن دېگەن ئاۋۇ ئىشلار ھەل بولامدىكە! سۆزلە دېسە تۈكرۈكىنى چاچرىتىپ سۆزلىگەن.... سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ بارمۇ مەن بىلمەيمەن. مېنىڭچۇ قارا ئاتا-ئانام، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىم بار، شۇلارنى ئويلىمىسام بولمايدۇ. تولا بېششىمنى ئاغرىتىپ سۆزلەۋەرمىگىنە! ...- ھاياجان بىلەن كۆنۈشمىسنى تۈگۈتۈپ كىرگەن ماۋۇ ياتاقدىشىم ئاۋۇ «سىياسەتچى»نىڭ ھاياجان بىلەن قىلىۋاتقان «نۇتۇقى»نى ئۈزۈپ قويىدى. شۇنداق، مېنىڭمۇ ۋەتەنىدە ئاتا-ئانام بار، ئۇرۇغ-توغقانلىرىم بار. تازا ئوبدان دېدى، سۆزلە دېسە سۆزلىگە ماۋۇ ئاداش، ئۇنى بىلىدىغان ئادەم ۋەتەنىدە بىر ئىش قىلسا بولمامدۇ، بۇ جايغا كېلىۋېلىپ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ. قويە بولدى، بايىقى شېرىن خىيالىمنىڭ داۋامىنى قىلايچۇ...

ئۆزەمگە تەسەللىي بەرگەندەك بايىقى ئىچكى داۋالغۇچلارنى تېنجىتىپ ھېلىقى شەھۋەتلىك شېرىن خىياللارغا قايتا غەرق بولماقچى بولدۇم، ۋەتەندىكى ياۋروپا پاسپورتىنى كۆرسە غىلجىڭشىدىغان شۇ نايناق قىزلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ خىيالىمدا ئەمدىلا زىناغا تەييارلانغاندا ھېلىقى سىياسەتچى ئۇزۇن سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى ئۇلۇغ كىچىك تېنىش بىلەن باشلاپ داۋام قىلدى.

- توغرا دەيسەن، ۋەتەندە مېنىڭمۇ ئاتا-ئانام بار، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىم بار. ئۇلارنى ھەر مىنۇت-ھەر دەقىقدە سېغىنىمەن. ئۇلارنى ئويلىسام يۈرۈكۈم يىغلايدۇ. بولۇپمۇ دادامنىڭ مېنى بۇ جايغا يولغا سېلىشتىن بۇرۇن قىلغان شۇ سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ مېنىڭ قەلبىمنى پىچاقلايدۇ. « ئوغلۇم، ھايات ۋاقتىمدا سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرىۋالسام ھېچ ئارمانىم يوق!...» دادام شۇ گەپنى قىلغان، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا مېنى ئايرۇپىلانغا سېلىپ قويغانىدى. مېنىڭمۇ ۋەتەنگە قايتقىم كېلىدۇ، مېنىڭمۇ ۋەتەن كوچىلىرىدا ياۋروپا كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرگۈم كېلىدۇ، مېنىڭمۇ ئەرلىك ھورمونۇم بار، ھېسسىياتلىرىم غىدىقلىنىدۇ. ئەمما ھەر قېتىم شۇ كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر كۆز ئالدىمغا كەلگەندە مۇڭلىنىپ كېتىمەن. ئۇ كۈنى كوچىدا تاماكامنى

چىشلەپ كېتىپ باراتتىم، نەدىن پەيدا بولدى بىر تۈركۈم ئادەم «ئۇيغۇر،ئۇيغۇر،ئۇيغۇر....» دەپ توۋلىشىپ كوچىنى تولدۇرۇپ كەلدى. قىززىقچىلىقتا ئارقىدىن بىردەم ماڭدىم، توۋۋا، كېيىن بولغان ئىشلار كىشىنى دەھشەتكە سالىدۇ. كەچقۇرۇن بولغاندا ھەر تەرەپتىن ئوق ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. مەن قاچتىم، يۈگۈردىم، ھەممىلا جاينى ساقچىلار، ھەربىيلەر ئىگەللەپ بولغانىدى. خۇداغا شۈكرى ئۆيۈم بار بىناغا يىراق ئەمەسكەنمەن، يۈگۈرگەن پېتىم ئۆيگە كېلىۋالدىم. دېرىزىدىن سىرتقا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. قانداق بولۇپ ئۇخلاپ قالدىم، بىر چاغدا قانداقتۇر بىر چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن ئويغىنىپ كېتىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم، كوچىدا ھەربىيلەر يەردە يېتىپ قالغان جەسەتلەرنى ھەربىي ماشىنىسىغا ئىككىسى بىر بولۇپ كۆتۈرۈپ ئېتىۋاتاتتى. ئارىدا بىر بالا تېخى ئۆلمىگەن بولسا كېرەك بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، ھېلىقى خىتاي ھەربىيلەردىن بىرى كېلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا مىلتىقىنىڭ پايىنىكى بىلەن بىرنى سېلىپ يەنە ياتقۇزۇپ قويدى.... - «سىياسەتچى» نىڭ كۆزلىرى نەملەنگەندەك بولۇپ، ئاۋازلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ بىردەم دېرىزىگە، تورۇستقا دېگەندەك باشقا جايلارغا قاراپ ياشلىرىنى كۆزىگە سىڭدۈرىۋالغاچ ئۆزىنى يىغىدىن بېسىپ بولۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

- ھەر قېتىم شۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كەلگەندە يۈرۈكۈمدە غەزەپ لاۋۇلدايدۇ. ياۋروپاغا كەلدىم، بۇ جايدا پاناھلىق تىلىدىم، پاناھلىق تىلىگەندىن كېيىن بۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەردار بولدۇم. ھەر قېتىم شۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كەلگەندە ئۆزەمنىڭ شۇ بالىنىڭ قېنى بەدىلىگە بۇ جايدا ياشاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. شۇنداق، ئىشنى ۋەتەندە قىلىش كېرەك، ۋەتەندە ئىش قىلغاندا ھەقىقىي ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇنداق دېگەنلىك بۇ جايدا قىلىدىغان ئىش يوق دېگەنلىك ئەمەس. بىزنىڭ بۇ جايدا قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشىمىز بار. ئەركەك بولغانىكەنمىز ئەركەكتەك ياشىشىمىز لازىم. ئەركەك دېگەن نېمە، ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان ئىنسانلار ئەركەك بولىدۇ. ئۆرە تۇرۇپ سىيگەننىڭ ھەممىسى ئەركەك بولىۋەرمەيدۇ. ئەركەكلىك ئەرلەرگىلا بېرىلىدىغان ئۇنۋان ئەمەس، ئەركەكتەك ئەل بېشىغا كۈن چۈشكەندە مۇشتىنى تۈرگەن ئاياللارمۇ ئەركەك سانىلىدۇ. ھېلىقى بورونىۋېكنىڭ ئالدىدا ھاسىسى بىلەن تۇرۇپ توسىغان ئانىمىزمۇ ئەركەك سانىلىدۇ.

ھېلىقى خىتاي ھەربىيلەرگە قول شىلتىپ سۆزلىگەن قىزنىمىزمۇ ئەركەك ئۇنىۋانىدىكى قىزدۇر! بىز ھازىر مۇھاجىرەتتە، يەنى ھىجرەتتە بىز. ھىجرەتنىڭ مەقسىتى كۆچلىنىش. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك. توغرە دەيسەن، ۋەتەندە ئىش قىلىش كېرەك، ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆچلىنىشىڭ كېرەك. كۆچلىنىش ئۈچۈن ئويغۇنىشىڭ، بىرلىششىڭ كېرەك. بۇ جايغا كېلە-كەلمەيلا ياۋروپا پاسپورتىنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىشنى نىشان قىلساڭ، ئۇنى ھىجرەت ئەمەس، پۇرسەتپەرەستلىك دېسەك بولىدۇ. خوش، قانداق ياشاش ئۆزەڭنىڭ ئىشى. ھېچكىم ساڭا ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل دەپ كۆرسۈتۈپ بەرمەيدۇ، بەلكى قەلبىڭدىكى ئىمانىڭ، ئىنسانىي ۋىجدانىڭ سېنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدۇ، قۇترىتىدۇ. - ئۇنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. ئەمما مەندەك نېمە قىلىشنى تېخى بىلەلمىگەنلەرنىڭ دەقىقىدە ئۆزگۈرۈشى مۇمكىن ئەمەستە. گەپلەر شۇ جايغا كەلگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماكا قويغان ئىشكاپنىڭ يېنىغا بارغاچ، ئۇنىڭدىن:

- دەپ باقە ئەمىسە، قانداق قىلساق بولىدۇ؟ بىر ئىش قىلايلى دېسەك، خىتاينىڭ پەسلىكىنى بىلىسەن، بىلىپ قالسا ۋەتەندىكى ئاتا-ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنى قىينايدۇ. سەنچە قانداق قىلساق بولىدۇ...- بۇ «سىياسەتچى»نىڭ بۇ سۇئالغا قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ. بۇ سۇئالىم بىلەن ئۇنى سۆزلەشتىن توختاتماقچى بولدۇممۇ، ياكى راستلا جاۋاب ئالماقچى بولدۇممۇ، بۇمۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. شۇ تۇرقى كاللامدىلا ئەمەس، ۋىجدان ئالىمىدىمۇ توقۇنۇش بولىۋاتاتتى.

- سەن دېموكراتىك بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىسەن، ھېچكىم سېنى بىر نەرسە قىلالمايدۇ. توغرا، رەزىل خىتاي ۋەتەندىكى ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىڭغا جازا قوللىنىش ئارقىلىق ساڭا بېسىم قىلىشى مۇمكىن. ھەممە ئادەمنىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە تاللىغان يولى ئوخشمايدۇ. ئەمما نىشان ئوخشىسا ھەركەتلەر بىر-بىرىنى تولۇقلاپ كۆچلۈك بىر دولقۇنغا ئايلىنالايدۇ. ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىمايمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايسەن، ئەڭ مۇھىمى سەندە ئويغۇنۇشنىڭ بولۇشى، ۋەتەنگە بولغان ئىمانىي ۋىجدانىنىڭ تۇغۇلۇشىدۇر...- ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەيلا كۆنۈشمىسىنى ئاياقلاشتۇرۇپ كەلگەن ياتاقدىشىمىز ئىشىكنى سىلكىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭ قەلب ئىشىكى بۇ ئىشىكتىن بۇرۇنلا سىلكىپ يېپىۋېتىلگەنىدى....

تاماكا ئىسنى تورۇسقا پۈۋلىگەچ يېتىپ خىياللارغا كەتتىم، مۇشۇ تاماكىغا ئوخشاش ياشاپ، ھاياتتا تۈتۈنلەرنى قالدۇرۇپ كېتىش نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ھە... بىرتال تاماكىنىڭ ھاياتىنى ئاياقلاشتۇرۇپ ئۇنى كۈلدۈنغا يىمىرىپ ئۆچۈردۈم. ئاھ خىياللار، سەنمۇ مېنى شۇ تاماكىنى يىمىرىپ تاشلىغاندەك يىمىرىپ گۆرگە تاشلارسەنمۇ؟

# "شېھىدلەر كۈنى" دە كۆيگەن ئوت

ھېكايە

(1)

2020-يىلى شەرقىي تۈركىستان تاشقى ئىشلارمىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى ئالىم سېيتوف ئەپەندىنىڭ پايتەخت ئۈرۈمچىدە خەلقئارا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا شۇ يىلى يۈزبەرگەن « 7- ئىيۇل نامايىشى» توغرىسىدىكى باياناتى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇخبىر، ژۇرنالىست ئەپەندىلەر، خانىملار!

ھەممەڭلارنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ « شېھىدلەر كۈنى» بايرىمىنى خاتىرىلەۋاتقان پەيتتە بىر تۈركۈم خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇرۇپ- چېقىش، بۇلاش، ئۆلتۈرۈش خارەكتېرىدە توپىلاڭ كۆتەردى. بۇلار ئەسلىدە خىتاي مۇستەملىكىسى دەۋرىدە ۋەتىنىمىزگە كۆچمەن بولۇپ كىرگەنلەر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن دۆلىتىمىز ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا ئەھمىيەت بېرىپ يەرلىشىپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلغان پۇخرالاردىن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار

"چەتئەلدىكى ئۈچ خىل كۈچلەر" نىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسى قانۇنىغا خىلاپ ھالدا ئېغىر جىنايى ھەرىكەت، ۋەھشى تېرورلۇق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلدى. سىلەرگە مەلۇمكى، "چەتئەلدىكى ئۈچ خىل كۈچلەر" 2018- يىلى رۇسسىيىدە قۇرۇلغان "مۇھاجىرەتتىكى خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتى" ، تەيۋەندىكى "خىتاي ياشلار پارتىيىسى"، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى "خىتاي بىرلىكى ئىتتىپاقى" قاتارلىق تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىدۇر. بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا 180دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بۇنداق يامان نىيەتلىك بۇزغۇنچىلىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ھازىر ئۈرۈمچىدىكى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان "غەربىي تاغ" رايۇنىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلمەكتە. خانىملار، ئەپەندىلەر! ئەمدى بۇھەقتە سۇئاللىڭلار بولسا مەرھەمەت.

- ھۆرمەتلىك سېيتوف ئەپەندى، مەن ب ب س مۇخبىرى يوھاننىس بولىمەن. ئاڭلىشىمچە توپىلاڭنى "شېھىتلەر كۈنى" نى تەبرىكلەۋاتقان ئۇيغۇرلار باشلىغان بولۇپ، ئۇلار قېلىچ، توقماق، ھەتتا ماي قاچىلانغان شىشە بومبىلار بىلەن غەربى تاغ رايۇنىدىكى خىتايلارغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ توغۇرلۇق جاۋاپ بەرگەن بولسىڭىز، رەخمەت.

- تولىمۇ ئەھمىيەتلىك مەسىلە ئۈستىدە توختالدىڭىز يوھاننىس ئەپەندى. مەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى بولۇش سالاھىيتىم بىلەن شۇنى ئۇچۇق تەكىتلەيمەنكى، ھەممەڭلارغا ئايان بولغىنىدەك خىتاي مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان يىللاردا ئۇيغۇر قاتارلىق زىمىن ھەقدارى مىللەتلەرگە مىللىي كەمسىتىش، مىللىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەن. لېكىن بىز مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بۇنداق مىللىي ئۆچمەنلىكلەرنىڭ دۆلىتىمىزدە يۈز بېرىپ قېلىشىغا قارشى كۈچلۈك تەدبىر ئالدۇق. مۇستەقىللىق ئۇرۇشى جەريانىدا ئۆي- جايلىرىدىن ئايرىلغان كۆچمەن خىتايلارغا "غەربىر تاغ" رايۇنىدىن يېڭى مەھەللە بېنا قىلىپ بېرىلدى. دۆلىتىمىز ئۇلارغا يېڭىچە تەرەققىيات ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلىقىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئەمما ئۇلار دۆلەت تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەسلىكى، ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلى ئىشسىزلىق نىسبىتى يوقۇرى، مۇقىمسىز

بىر تۈركۈم كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ دۆلىتىمىز ئۇلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. لېكىن ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلماي، خۇددى 2009- يىلى 7- ئىيۇل كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچى ئارمىيەسىنىڭ ھەمكارلىقىدا مىللىتىمىزگە قانلىق مىللىي قىرغىنچىلىق قىلغانلىقىغا ئوخشاش نۆۋەتتە "چەتئەلدىكى ئۈچ خىل كۈچلەر" نىڭ قۇترىتىشى بىلەن "شېھىدلەر كۈنى" دە يەنە قاتىللىق ، تېرورلۇق قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر پۇخراسىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. مانا بۇ ھەقىقەت. سىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىڭىز بەلكى "چەتئەلدىكى ئۈچ خىل كۈچلەر" تارقاتقان يامان غەرەزلىك خەۋەرلەر بولسا كېرەك، رەھمەت.

- باياناتچى جانابلىرى، مەن س ن ن مۇخبىرى يوھان بولىمەن. بىز "يو تۇ بې" توربېتىدىن خىتايلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستان دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ قوغداپ تۇرغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدىغان فىلىملەرنى كۆردۇق. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

- ھۆرمەتلىك مۇخبىر ئەپەندى . يوقۇرىدا دېگىنىمگە ئوخشاش، بۇلار پۈتۈنلەي چەتئەلدىكى يامان نىيەتلىك "ئۈچ خىل كۈچلەر" نىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان ساختا "پاكىتلىرى" دۇر. شەرقىي تۈركىستان دۆلەت ئارمىيەسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھوقۇق- مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدۇ. ئەلۋەتتە، ئەگەر خىتاي كۆچمەنلىرى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىمىزدە ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى بولىدىكەن، بىز ئۇلارغا ھەرۋاقىت قارشى تۇرىمىز. يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، چاتاق چىقارغىنى كۆچمەن خىتايلار، ئۇيغۇرلار ياكى دۆلەت ئارمىيەسى ئەمەس.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئالىم ئەپەندىم، مەن رويتىرېس ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ئانتونىيو بولىمەن. ئالدى بىلەن ماڭا سۇئال قويۇش پۇرستى بەرگەنلىكىڭىزگە كۆپ رەھمەت! ئىگىلىشىمىزچە شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلار ئېغىر نامراتلىقتا ياشايدىكەن. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى 60% تىن ئارتوق بولۇپ، بۇ قېتىمقى قالايمىقانچىلىق چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى مۇھاجىرەتتىكى خىتايلار ئىشسىزلىق، تىل ئۆگۈنۈشكە مەجبۇرلاش، مىللىي

كەمسىتىش... قاتارلىقلار- دەپ قارىماقتا. سىزنىڭچە خىتايلارنىڭ نامايىش قىلىشىدىكى سەۋەبى راستىنلا مىللىي كەمسىتىشمۇ؟

- ئەلەيكۇم سالام ، ئانتونىيو. ئىسمىڭىزدىن قارىغاندا ئىتالىيان ئوخشايسىز، شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق، ئەپەندىم.

- خوش، بىلىشىمچە ئىتالىيەدە خېلە كۆپ نوپۇسنى تەشكىل قىلغان خىتاي كۆچمەنلەر توپى ياشايدىكەن. سىزدىن بىر سوئال سوراپ باقاي. ئەگەر ئۇلار ئىتالىيە تىلى ئۆگەنمىسە، ئىتالىيەلىكلەر خىتاي تىلى ئۆگىنىشى كېرەكمۇ؟ _ ياق، جاۋابىنى ئۆزەم بېرىۋېتەي! كۆچمەن مىللەت ھامان ئۆزلىرىگە ساھىپخان بولغان دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى، ئۆرپ- ئادەتلىرىنى، مەدەنىيىتىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بۇ كۆچمەنلىك ئەمەس، تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدە خىتايلار بەختلىك ۋە مىللىي باراۋەرلىكتە ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ يوقۇرى بولۇشى دۆلەت تىلىنى ياخشى بىلمەسلىكى، ئۆزلىرىنى شەرقىي تۈركىستانلىق _ دەپ قوبۇل قىلماسلىقى، يەرلىك مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە ھەرقانداق سوئاللىڭلار بولسا، خىتاي ۋەكىلى ۋاڭ جىن ئەپەندىدىن سورىساڭلار بولىدۇ.رەخمەت سىلەرگە!

سېيتوف ئەپەندى بېشى يوغان، چېچى شالاڭ، كۆزى قىسماق، تەتۈر كالپۇك، سېرىق چىش پاكار بىر خىتاينى مۇنبەرگە تەكلىپ قىلىپ ئۆزى يانغا ئۆتتى. ئۇ شەرقى تۈركىستاندىكى كۆچمەن خىتايلارنىڭ ھۆكۈمەتتىكى ۋەكىلى بولۇپ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى :

- ياخشىمۇ سىلەر مۇخبىر جانابلار، شەرقىي تۈركىستان دۆلتى بۈرۈنقى مۇستەملىكە دەۋرىدىن قالدۇق بولۇپ قالغان خىتايلارغا غەمخورلۇق قىلىپ قوغداپ كەلدى. ئەمما بۇنىڭدەك ئىشلارنىڭ چىقىشى مىللىتىمىز ئارىسىدىكى ئاز بىرقىسىم تۈزكور، مىللىي مۇناپىقلارنىڭ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئىشى. ئەمدى ئىشسىزلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، خىتايلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، تىلى قاتتىق بولغاچقا ئۇيغۇرچىنى ياخشى

ئۆگۈنۈپ كېتەلمەيۋاتىدۇ . يەنە بىر مۇھىم ئامىل ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلار ئاساسەن مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلۇپ، بۈيۈك شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغاندا خىتاي دۆلىتىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزۈپ، مېھماندوست- ئىلغار مىللەت بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە ياشاپ قېلىش ئارزۇسىدا ئىلتىجا قىلىپ توختاپ قالغان، ئەمما ساپاسى تۆۋەن، ئەقلىي قۇۋۋىتى ئاجىز بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشسىز قېلىشى مىللىي كەمسىتىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز. دۆلىتىمىزنىڭ ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ پىسخىلوگ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇپ قالغان خىتايلارنىڭ ھەقىقەتەن ئەقلىي قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. شۇڭا كۆپلىگەن ئىشسىز خىتايلار ھۆكۈمەت تارقىتىدىغان مېيىپلىق، ئەيلى ئاجىزلىق پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىزگە ياخشى غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن بەك خۇرسەن!

- ياخشىمۇسىز، مەن تەيشىن شېنىڭ مۇخبىرى ۋاڭ جۇ بولىمەن. مېنىڭ ۋاڭ جىندىن سورايدىغان بىر سوئالىم بار. ۋاڭ جىن ئەپەندى ، سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن قېلىپ قالغان خىتايلار ئاساسەن ئەقلى ئاجىز، مېيىپ، يېتىم خىتايلار- شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق. باسمىچى، خىتاي مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغان چاغدا خىتاي تۇپرىقىدىن نۇرغۇن كۆچمەنلەرنى يۆتكەپ كېلىش بىلەن بىرگە يەنە خىتاي تۇپرىقىدا يۈك بولۇپ قالغان بىر تۈركۈم ئەقلى ئاجىز خىتايلارنىمۇ كۆچۈرۈپ كەلگەن. مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيەنىڭ تەھدىتىدە قالغاندا ئىختىساسلىق خىتايلارنى، ئاسارە - ئەتىقەلەرنى شۇنىڭدەك تېخنىكىلىق زاۋۇتلارنى كۆچۈرۈپ كەتكەن. ئەمما ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان بىزدەك خىتايلارنى تاشلاپ قويغان. بىگۇتۇەن قارمىقىدىكى رايۇنلاردىكى خىتايلارنىڭ بىرقىسمى كۆچمەن خىتايلار بىلەن قېچىپ كەتكەن. ئاز بىرقىسمى بىگۇتۇەن ھەربىي ئىسكىلاتىدىن خىتاي كۆچمەنلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن قۇراللارغا تايىنىپ بىگۇناھ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى قىرغىن قىلغان، بۇلىغان. ئۇلار مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن مۇنتىزىم دۈشمەن ھەربى قىسمى قاتارىدا تارمار قىلىنغان. قارشىلىق كۆرسەتمىگەن خىتايلارنىڭ

مۇستەملىكە زىمىندىن بۇلاپ ماڭغان نەرسە كېرەكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، چېگرادىن چىقىپ كېتىشكە يول قويۇلغان. ئەمما بىر قىسىم خىتايلار چېگرادىن چىقىپ، خىتاي چېگراسىغا بارغاندا خىتاي دۆلەت ئارمىيەسى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن بىرقىسىم خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا قېلىپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەقلى ئاجىز خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن ھاياتلىققا ئېرىشكەن.
مۇستەقىللىقتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى بۇنداق خىتايلارنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىرقانچە جايلاردا خىتايلار مەھەللىسى بەرپا قىلىپ بەردى. شىسەندىكى خىتايلار رايونىمۇ شۇ قاتاردا بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى ۋەتىنىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ خىتاي چېگراسىغا قېچىپ بارغاندا خىتاي ئارمىيەسى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىپ، يەنە شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىغا قايتىپ كىرگەندە ، ھەربىي ئەمىلى بار ۋە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن ئاز ساندىكىلىرىنى جازالاپ، مۇتلەق كۆپچىلىكىگە پۇخرالىق ھوقۇقى بېرىلگەنلەر ئىدى. لېكىن ئۇلاردا خىتاي مىللەتچىلىكى بىر قەدەر ئېغىر. يېقىندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستان ھاكىمىيىتىگە ئۆچمەنلىك خاراكتېرىدىكى تەشۋىقاتلارنى قىلىدىغان گۇرۇپپىلار بايقالغان ئىدى. بۇ قېتىمقى قانلىق توپىلاڭ يەنە شۇ مۇستەملىكىچى ئىدىيىسى كۈچلۈك، قالاق خىتاي چوڭ مىللەتچىلىرىنىڭ ئىشىدۇر.....

2

مۇخبىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنى شۇ تەرىقىدە داۋام ئەتتى. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان قىسقىغىنە بىرقانچە يىل جەريانىدا خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ قىزىق نوقتىسى بولۇپ قالغان ئىدى. خىتاينىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتۈپ قۇرۇقلۇققا چىقىشى بىلەن، جەنۇبى كورىيەنىڭ شىمالى كورىيەدە خەلق نامايىشىنىڭ باستۇرۇلۇشىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئەسكەر كىرگۈزۈشى قاتارلىق خەلقئارالىق چوڭ ۋەقەلەرنىڭ 2012-يىلى تەڭلا ۋاقىتتا سادىر بولۇشى، شەرقىي ئاسىيانى دەسلەپكى قەدەمدە ئۇرۇشقا باشلاپ كىرگەن ئىدى. تەيۋەن ئۇرۇشى تېخى ئاياقلاشماي تۇرۇپلا خىتاينىڭ شەرقىدە يۈز بەرگەن چوڭ كۆلەملىك نامايىش خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا

بىۋاستە سەۋەپ بولغان بولسا، 2013- يىلى ئەتىيازدا يۈز بەرگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىپ كۆتۈرگەن كەڭ كۆلۈملۈك نامايىشنى كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىم مۇستەملىكچى ئاپاراتى بولغان بىڭتۈەننىڭ قانلىق باستۇرغانلىقى، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرگە مىللىي قىرغىنچىلىق قىلىشى خەلقئارانىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئەمدىلا تەختكە چىققان دېموكراتىك ھاكىمىيەتنى قالقان قىلغان يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق جىددىي تەدبىر ئالمىغانلىقىغا قارشى خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە مىسىر باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا شەرقتىكى دېموكراتلاشقان، ئىسلام ئويغۇنۇش بولىۋاتقان دۆلەتلەر، ھەمدە تۈركىيە قاتارلىق تۈركىي دۆلەتلەر ئامېرىكا باشلىق غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ «خىتاينىڭ پارچىلىنىشىغا ياردەم قىلمايلى» دېگەن چاقىرىقىغا پىسەنت قىلماي ئۇيغۇرلارغا ياردەم بويۇملىرىنى ئەۋەتىشى، ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى خىتاي زۇلمىدىن ئازات قىلىپ، مىللىي ئارمىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىشى نەتىجىسىدە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى ئاشكارا ھالدا بىتەرەپ بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، پوزىتسىيەلىرىنى ئۆزگەرتىپ يوشۇرۇن ھالدا مىللىي ئارمىيىگە ماددىي ياردەملەردە بولغانلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن ئىدى.

تىبەت ۋە جەنۇبىي موڭغۇلىيەلەردە كۆتۈرۈلگەن نامايىشلارمۇ شۇ جايلاردىكى مەۋجۇد خىتاي ئەسكىرىي كۈچلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇلۇشىغا ئۇچرىغان، موڭغۇلىيە دۆلىتى جەنۇبىي موڭغۇلىيەدىكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ مىللىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ، ئۇزۇندىن بۇيان تۈزگەن جەنۇبىي موڭغۇلىيەگە ئەسكەر كىرگۈزۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى . جەنۇبىي موڭغۇلىيە مىلىي ئارمىيەسىگە شىمالى موڭغۇلىيىدىن كىرىپ قۇماندانلىق قىلغان گېنىرال ئامجېرتقا خەلقئارا سوت 2015- يىلى" ئىككى مىليوندىن ئارتۇق خىتاينىڭ ئۈستىدىن مىللىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان" دەپ ھۆكۈم چىقىرىشىغا قارىماي جەنۇبىي موڭغۇلىيە نوپۇسىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىۋالغان خىتاي كۆچمەنلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىشى، شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن بىرلىشىپ بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتى قۇرلدى. تىبەت چېگراسىدا ھىجرەتتە

ياشاۋاتقان تىبەتلەر ھىندىستاننىڭ يېرىم ئاشكارا ھالدا قۇراللاندۇرۇشى بىلەن چېگرادىن كىرىپ تىبەتتىكى ئىنقىلاپچىلار بىلەن قوشۇلغان ۋە مەۋجۇد خىتاي ئەسكىرىي كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇشقان ئىدى. روسسىيە يىراق شەرق چېگراسىغا مىليونلىغان قانۇنسىز خىتاي مۇساپىرلىرىنىڭ بۆسۈپ كىرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن بولۇپ، تەيۋەن بوغۇزىدىن چېكىنىپ كىرگەن خىتاي قىسىملىرى تەيۋەن ئارمىيەسى تەرىپىدىن تامامەن تارمار قىلىنىپ، تەيۋەن ئارمىيەسى شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى ئۈچ ئۆلكىنى ئىشغال قىلغان ئىدى. كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت گەرچە نىقاپ ئالماشتۇرۇپ دېموكراتىك ھاكىمىيەت بايرىقىنى كۆتۈرىۋالغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى بارا- بارا كۆرۈپ يېتىۋاتماقتا ئىدى. ....

ئۈچ يىلغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش ۋە سىرتقى ھۇجۇمنىڭ نەتىجىسىدە ئاتمىش يىلدىن كۆپ دەۋر سۈرگەن خىتاي ئىمپىرىيەسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى، چېكىنىپ چىققان خىتاي مۇنتىزىم قىسىملىرىنى قوغلاپ بېرىپ تاكى قاشقۇۋۇقىچە بولغان زېمىنلارنى ئازات قىلىشى ۋە بىگتۇەن قۇراللاندۇرغان كۆچمەن خىتايلارنى باستۇرۇشى بىلەن ، تىبەتنىڭ مۇستەقىل بولۇپ دەۋاملىق ھالدا چېگخەي ۋە سىچۈەندىكى تىبەت رايونلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشۇشى، تەيۋەننىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى ئۆلكىلەرنى ئىشغال قىلىپ تەيۋەن مىنگو دۆلىتىنى خەلقئاراغا جاكارلىشى بىلەن خىتاي ئىمپىرىيەسى پۈتۈنلەي ھالاك بولدى.

خىتاي ئىمپىرىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەن تەيۋەنلىك ئالدىنقى نۆۋەت ئېلان قىلغان دۆلەت خەرىتىسىدە بۈيۈك موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە قازاقىستاننىڭ شەرقىي قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ خەلقئارانىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ئىدى. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى تەيۋەن مىنگو دۆلىتىگە قۇرال سېتىپ بېرىشنى رەت قىلىشى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە بۈيۈك موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاندى. شۇ پەيتلەردە بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا جەم قىلغان دېموكراتىك خىتاي جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىللىقنى جاكارلاپ، يۇقارقى

دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇرۇش توختۇتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئارلىشىشى بىلەن "تىبەت چىگىخەيىنىڭ كۆپ قىسمىنى دۆلەت زىمىنى قاتارىدا قوغدايدىغان، لېكىن خىتايغا تەۋە باشقا زېمىنلىرىغا ھۇجۇم قىلمايدىغان، شەرقىي تۈركىستان خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەنى ئەينى چاغدىكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا ئىگە بولىدىغان، ئەمما داۋاملىق تۈردە خىتاي تۈزلەڭلىكىگە ھۇجۇم قىلمايدىغان، موڭغۇلىيە شەرقىي شىمالدىكى بىرقىسىم جايلارنى روسسىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىپ قايتۇرىۋالىدىغان، ئەمما داۋاملىق تۈردە جەنۇپقا ھۇجۇم قىلمايدىغان، ئىككى خىتاي دۆلىتى چاڭجاڭنى جەنۇب شىمال چىگرىسى قىلىدىغان، گۇاڭدوڭ، فۇجەن،گۈيجوۋ ئۆلكىلىرى ۋە باشقا بىرقىسىم جايلار تەيۋەن مىنگو دۆلىتىنىڭ ئىگدارچىلىقىدا بولىدىغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شىمالدىكى بىرقىسىم جايلار دېموكراتىك خىتايغا تەۋە بولىدىغان" بولۇپ خەلقئارالىق توختام ئىمزالىنىڭ شەرقىي ئاسىيادا يېڭى تەرتىپ ئورنۇتۇلغان ئىدى.

3

ئەرزات سافاغا يۆلەنگىنىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەنگەن "پەنتېكىن" ماركىلىق تېلۋىزوردىن مۇخبىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنىنىڭ نەق مەيدان خەۋىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. ۋەتەن مۇستەقىل بولغان بۇ بىر قانچە يىل ئۇنىڭغا گوياكى چۈشتەك، گويا شېھىدلەر ياتىدىغان جەننەتتەك بىلىنەتتى. ئۇ گاھىدا ئۆزىنى 11 يىل بۇرۇنقى شۇ قانلىق مىللىي قىرغىنچىلىقتا بېشىنىڭ ئارقىغا تەككەن مىلتىقنىڭ پاينىكىنىڭ دەستىدىن ھوشىدىن كېتىپ، تاكى ھازىرغىچە ئويغىنالمايۋاتقاندەك، كېيىنكى يىللاردا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى گوياكى چۈشتەك ھېس قىلاتتى. _ ئەگەر شۇنداق بولسىمۇ مەيلىتىغۇ! چۈشۈمدە بولسىمۇ ۋەتەن بايرىقىنىڭ يۇرت ئاسمىنىدا لەپىلدىگەنلىكىنى كۆرۈشنىڭ ئۆزى ماڭا كۇپايە _ دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ. لېكىن ئۇ خىيالىدىن سەسكىنىپ كېتەتتىدە _ توۋا، ئەگەر بۇلار راست بولمىسا، مەن يەنىلا خىتاينىڭ شۇ قاراڭغۇ زۇلمەت تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان بولمامدىمە؟ _ دەيتتى بولىۋاتقان ئىشلارنىڭ

رېئاللىق ئىكەنلىكىدىن قانائەتلىنىپ. بىراق نېمىشكىدۇر يەنە ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك تەرەددۇتلىنىپ يۈزىنى يىنىك مۇرۇپ باقاتتى.

_ ھا ھا ھا، ۋاي زاتىكىم، ۋاي زاتىكىم . يەنە ئۆزىڭىزنى "ھاككىرلار ئىمپىرىيەسى" دىكى قەھرىمان - دەپ ئويلاپ قېلىۋاتامسىز. بۆلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتلەردۇر! سىز بەك سۆيۈملۈك جۇمۇ، ئىچىمنى كۆيدۈرۈپ! قېنى قىزىق قەنت چاي دەملەپ ئەكىردىم . چاي ئىچكەچ خىيالىڭىزنى داۋام قىلارسىز _ دېدى، ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلۈك زىلۋا ئايالى ئەقىدە ، چىرايلىق نەقىشلىق نەپىس چەينەك بىلەن قاچىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ. ئۇ ئايالىغا مېھرىبانلارچە كۆلۈمسىرەپ مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى ۋە :

_ سەندەك پەرىشتە سۈپەت خوتۇنغا قانداق ئېرىشىپ قالغانلىقىمنى ئويلىسام ئىلا چۈش كۆرىۋاتىمەنمىكىن دەپ قالىمەن _ دە! _ دېدى ئەركىلىتىپ.

_ ۋيىيەي، گېپىنىڭ تاتلىقلىقىنى بۇنىڭ! ھەراست، تەگرىتاغ نەشرىياتىدىن خەت كەپتۇ. كىتابىڭىزنى يېقىندا نەشر قىلىدىكەن. خەتنى كۇتۇپخانىڭىزغا قويۇپ قويدۇم _ دېدى ئەقىدە چىقىپ كېتىۋېتىپ. ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە شۇ 11 يىل بۇرۇنقى چاغلارغا كەتتى _ ئۇ ئەمدىلا ئۇنىۋېرستېتنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە رەھمەتلىك ئانىسى تونۇش- بىلىشلىرى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارنىڭ يانچۇقىغا باغلام- باغلام پۇللارنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بىر خىزمەت ئورنى ئىزدەۋاتقان ئىدى. ئۇ چاغلاردا روھىي بېسىم، چۈشكۈنلۈك ئۇنىڭغا شۇقەدەر قاتتىق بىلىنگەنكى، ئالىي مەكتەپتىكى زىرىكىشلىك، تەنھالىق، سېغىنىشلىق كۈنلەردىمۇ ئاغزىغا ئالمىغان تاماكىنى ئوغۇرلۇقچە چېكىدىغان، ئۆزىنى دائىم تونۇش- بىلىشلەردىن يوشۇرۇشقا تىرىشىدىغان بولىۋالغان ئىدى. ئۇ بەزىدە خىيالغا پېتىپمۇ قالاتتى : « دادامموزە تازا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىرى ئوخشايدۇ. باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇلار ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىلا خىزمەت ئىزدەشنى باشلىۋەتكەنىكەن، مەكتەپ پۈتتۈرمەيلا پىراكتېكا قىلغان ئورۇنلىرىدا رەسمىيلىشىپ بولدى. مەن ھەممىدىن ياخشى ئوقۇغان، راستىنى دېسەم باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ، باش- كۆزىنى يېرىپ قويىدىغان قىلىقلىرىمنى ھېساپقا ئالمىغاندا قالايمىغان ئىشلارغا ئارىلاشماي، ئالىي

مەكتەپتە ناھايىتى ئەلاچى ئوقۇغان ئىدىم . قىزلار بىلەن ئارتۇقچە ھەپىلەشمەي، ھاراق- تاماكىغا بېرىلمەي، زىرىككەندە شېئىر يېزىپ، تېخىمۇ بولمىغاندا تەنھەرىكەت زالىغا چىقىپ بەدەن چېنىقتۇرۇپ دېگەندەك. مەسىلەن باشقىلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا « بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش » دېيىلىدىغان، ئۆزەمچە « بەدەن قۇرۇش » ـ دەپ ئاتىۋالغان شۇ ھەرىكەتكە بەك قىزىقاتتىم . چۈنكى بويۇممۇ باشقا ساۋاقداشلارنىڭكىدىن خېلە بەكلا ئېگىز، ئۇستىخانلىرىممۇ قاۋۇل بەستلىك بولغاچقىمىكىن بەدەن قۇرۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. پىراكتېكا ۋاقتىدىمۇ ھەممىدىن ئوبدان ئىشلىدىم . ئەمما ئاخىرىدا ياغاچ قولاق، ئاقنانچى، قۇلاق كەستلەر رەسمىيلىشىپ قالدى. مەن مانا بازار چىگداپ يۈرىمەن. ھەممىسى مۇشۇ دادامنىڭ تازا ئادېمگەرچىلىكى يوقلىقىدىن بولسا كېرەك. بولمىسا مېنىڭ ئىشىم ئاللىقاچان ھەل بولۇپ كەتمەمتى؟!....»

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىدا ئاق پىشماق بىرقىز بىلەن يانمۇ- يان ئولتۇرۇشۇپ قالدى. چاچلىرىنى ئۇششاق بۈدرە قىلىۋالغان، كىيىملىرى خۇددى مودېلىگە كەيدۈرۈپ قويغاندەك بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان، دىماقنى يېرىۋېتىدىغاندەك گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان، يوغان كۆز قارچۇقلىرىغا قېنىق ھاۋارەڭ كۆرستىدىغان يېپىشما ئەينەك سالغان پۈتۈن تۇرقىدىن قىزنىڭ شەھۋانى ئەپتى ئەرزاتقا ئوتتەك تۇيۇلۇپ كەتتىدە ـ ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىر ناتونۇش قىزغا سۆز ئاچقان بولدى:

ـ ياخشىمۇسىز؟ ـ قىز ئۇنىڭغا لەپپىدە كۆز يۈگۈرتۈپ ، ئۈستى- بېشىغا بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ـ خاۋ ئا، نىنې؟ ـ دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئۇلار ئۆز ئارا تونۇشلۇق بېرىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تۇنجى قېتىم قىز دوستلۇق بولۇپ قالغان بولدى . ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ قىزنىڭ چ چ نومۇرىنى، يانفۇن نومۇرىنى ئېلىۋالدى. ئەتىسى باغچىدا يەنە ئۇچراشتى. تۈرلۈك كۆكۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بېرىشتى. كېيىن بىلدىكى قىز ئاپتوبۇسقا چىقىپلا ئۇنىڭ ياساپ قويغاندەك قويۇق قاش- كۆزى، قاڭشىرى، ئېگىز بەستلىك بويى ۋە مۇسكۇللىرىغا قاراپلا باشقا بوش ئورۇنلارنى ئىزدىمەستىن قەستەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قىستىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ

بۇلارنى ئاڭلىغىنىدا ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشقان ئىدى. قىز خىتاي تىلىدا، يىگىت ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا يىگىتنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن بىر خىل ئازاپ لاۋۇلدايتتى. قىزنىڭ تەقى يۈتقى، شوخلۇقى، رەڭگى رۇخسارىغا زىنەت بەخشلاپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى، ئەتىرگە چىلىنىپ چىققاندەك خۇش پۇراق زىلۋا رۇخسارى ئۇنىڭ ساددىلارچە شەيتان ھېسسىياتلىرىنى غىدىقلىسا، لىكىن ئىزدىگەنلىرنى تاپالماسلىقى قىزغا بولغان ھېسسىياتىنى سۇسلاشتۇراتتى. ئۇ زادى نېمىنى ئىزدەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ئۇنىڭدەك ئالى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ھازىرقى ئالىي مەلۇماتلىق يىگىتلەر قوغلىشىدىغان قىزلار ئاساسەن مۇشۇنداق قىزلارغۇ؟ خىتايچە راۋان بىلىدىغان، ياسىنىشنى بىلىدىغان، نازلىنىشنى بىلىدىغان، ئوچۇق، يورۇق، ياسالما ئەمەس بۇنداق قىزلارغا ھەرقانداق ئوغۇل بالا ئاشىق بولاتتىغۇ! ... ئۇ شۇنداق ئويلار بىلەن قۇرۇقدۇلۇپ قېلىۋاتقان ئىچكى دۇنياسىنى تولدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھىجاپ ئارتقان قىزلار، ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان قىزلار گويا تەر پۇراپ تۇرىدىغان، مەتو دېھقان خوتۇنلاردەك بىلىنەتتى. ئۆزىچە شۇنداق قىزلارنىڭ زامانىۋىلىششىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق بولغاندا خىتايلارمۇ بىزنى ياۋايى دېمەيتتى ـ دەپ ئويلايتتى. كېينچە ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىگىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىلگىرى ئانا تىلىدا شېئىر يېزىپ يۈرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە خوش ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئويىچە بولغاندا ئۇيغۇر تىلى پات يېقىندا ئۇنتۇلاتتى. ئۇنىڭ يازغان نەرسىلىرىنىڭمۇ قىممىتى قالمايتتى....

توۋا، ئۇيغۇرلار ھەجەپ قەدىرسىز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ دېسە؟ ئىچكىرىدە ئالتە يىل ئوقۇدۇم . گەرچە ئۇيغۇرچە شېئىر يېزىپ يۈرسەممۇ، كوچىلاردا ئۇيغۇرچە سۆزلەشتىن نومۇس قىلاتتىم. چۈنكى شۇ كوچىلاردا يانچۇقچىلىق قىلىدىغانلارمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەيتتى. ئۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇيغۇرچىنى چۈشەنمىسىمۇ ئارقىدا بىرىنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسىلا يانچۇقلىرىنى كولاپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئالىيىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. باشقا ئۇيغۇرلارنى كۆرسەكمۇ تونۇمىساقلا سالام قىلىشمايتتۇق . كىمنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن ! ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، ئەڭ قورقىدىغىنىمۇ يەنە شۇ ئۇيغۇرلار ئىدى. ئامال بار ئۇيغۇرلىقىمىز

چانمايدىغان كىيىملەرنى ئېلىپ كېيىشەتتۇق. خىتاي چىرايلار خىتاي سۆپەت، خىتايغا ئوخشىمايدىغانلار چەتئەل سۆپەت ياسىنىپ يۈرەتتۇق. توۋا، بىزدەك ئۆز مىللىتىدىن، مىللىي كىملىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەردىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالغان يەنە قانچە مىللەت باردۇ-ھە؟ ئۆزەڭنى ئۇيغۇر دېسەڭ، ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ يىرگىنىش يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزۈڭنى شۇ قەدەر ۋىجىك ھېس قىلىپ قالىسەن... شۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى ۋە _ ئەگەردە بىرەر دۆلىتىمىز بولغان بولسا-زە! بەك ئوبدان بولاتتى! _ دەيتتى خورسىنىپ .

4

ئارقا كوچىلاردىكى تازىلىقى تازا ياخشى بولۇپ كەتمىسىمۇ، باھاسى ئەرزان بىر ئاشخانىدا لەغمەن بويتۇرۇپ ساقلاۋاتقان ئەرزاتنىڭ كاللىسىدا بەزىدە شۇنداق خىياللار پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇنداق خىياللار مۇشۇ ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا كېلىپ قالغاندا تۇغۇلاتتى _ نەگىلا قارىساڭ ئۇيغۇر، ئۇيغۇرنىڭ ئاشخانىسى، ئۇيغۇرنىڭ رېستورانى، ئۇيغۇرنىڭ شىركىتى، ئۇيغۇرنىڭ دۇكىنى... گويا ئۆزۈڭنى ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىسەن. قىستا- قىستاڭچىلىقتا ماڭغىنىڭدا دىماققا ئۇرۇلىدىغان كۆچلۈك تەر ھىدى. گاھى قەيەرلەردىندۇر ئۇچۇپ كەلگىنى ئېنىق بولمىغان شېرىن ھىدلارمۇ دىمىقىڭغا ئۇسۇپ كىرىدۇ. گاھى كۆرۈپ قالىدىغان سۈرەتتەك گۈزەل «مەتو» قىزلار. يانفون كارتىسى سېتىۋاتقان، رەڭلىك تاش سېتىۋاتقان، سائەت سېتىۋاتقان، مارجان سېتىۋاتقان، كوپيي قىلىنغان يالغان ماركىلىق سپورت كىيىملىرىنى سېتىۋاتقان، ھەتتا چاچ سوپۇنى، ئاياق مېيى سېتىۋاتقان، ئىككى بېلىكى يايمىچىلىق دۇكىنى بولغان سەييارە سودىگەرلەرنى كۆرىسەن. شۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن قانداش خەقلەر. ئەمما ئۇلاردا نە ساۋات، نە ساپا يوق . قارىمامسەن، بىرى خوتەنچە، بىرى تۇرپانچە، بىرى قەشقەرچە كاركىراشىنلا بىلىدۇ. يا خىتايچە بىلمەيدۇ، يا ئېنگلىزچە. ئەتكەس قىلىنغان دىنىي كىتابلارنى ئوقۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. مەكتەپتىن قېچىپ ئىككى تەڭگە ئۈچۈن مۇشۇنداق جاپانى تارتىپ ياشايدۇ. توۋا، ئاۋۇ قىزچاق بېشىدىكى كونا ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، چېچىنى ياستىپ،

ھېلىقىدەك چىپ كېلىدىغان ئىشتاننى كەيسە ئۇنىڭ بەدەن گۈزەللىكى كۆزلەردىن ئوت چىقىرىۋەتمەمتى! ئاۋۇ بالىغا قارا، كىيىۋالغىنى نېمە ئۇنىڭ . بېشىدىكى رەڭگى ئۆچكەن بادام دوپپا، سەكسىنىنچى يىللاردا مودا بولغان كاۋبويچە ئىشتان كىيىۋالغىنىنى تېخى. توۋا، بىز خەق بەكلا ئارقىدا قاپتىمىز-دە... ئۇ ئۆزىنى يوقۇرى مەلۇماتلىق، زىيالىي -دەپ بىلەتتى. بۇنداق ئويلايدىغان باللار نۇرغۇن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى دائىم مۇشۇ كوچىلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياسىنىشىنى ئىچكىرىدىكى ئوغرى- يانچۇقچىلارنىڭ ياسىنىشىغا ئوخشۇتۇپ زاڭلىق قىلىشماسمىدى! توۋا، شۇلارنىڭ مەسخىرىلىك چاقچاقلىرى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا سىڭىپ كىرگەن ئىكەن ئەسلى.

ئەرزاتنىڭ قىممەتلىك سانالغان نەرسىلىرى «زامانىۋىي» ياسىنىدىغان قىزدوستىنى باشقىلار ئالدىدا كۆز- كۆز قىلىش، نېمىلا بولمىسۇن خىزمەت تېپىپ مائاشلىق بولۇش، كېيىنىشتە ماۋۇ مەتولاردەك بولۇپ قالماسلىق، بالىسىنى بولسىمۇ مۇشۇ مەتولاردىن يىراق چوڭ قىلىش... دېگەندەكلەر ئىدى. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭلا خىياللىرى ئەمەس، ئۇنىڭغا ئوخشاش«يىراقنى كۆرەر»لەرنىڭ ئورتاق ئارزۇلىرى ئىدى. ئەرزات شۇلارنى ئويلاۋاتقىنىدا بىردىنلا يىللار بۇرۇنقى بىر ماجرا ئۇنىڭ يادىغا كەلدى. ئەرزاتنىڭ ئاكىسى فەرۇق تۆت ياشلاردىكى ئوغلى بىلەن ئايالىنى ئېلىپ نېفتىلىكتىن ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار چىرايلىق سالام- سائەت بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. تېخى تۈزۈك مۇڭدىشىپ باقمىغان ياسانچۇق چىرايلىق يەڭگىسى ھەممۆيلەن بىلەن چىرايلىق سالاملىشىپ، يۈزلىرىنى بىر- بىرىگە يېقىشىپ كۆرۈشكەن ئىدى. ئاپىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىۋالغان ئوغلىغا ئەرزاتنىڭ ئاكىسى فەرۇق _ بوۋاي، ممايلارغا سالام بەر_ دېدى. بۇدرۇق قوزىچاق ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ماراپ چىقىپ _ يې يې، نەي نەي نى خاۋ،- دېگىنىدە بوۋاينىڭ چىرايىدىكى شاتلىق بىلەن نەپرەت ئارلىشىپ كەتتى بولغاي يۈزىنى سىلاپ _ ئەستەغفىرۇللاھ، ئەلەيكۇم سالام _ دەپ قويۇپلا ئۆگى ئۆچتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك تاماقتىن كېيىن ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى بالىسىنى خىتايچە ئەركىلىتىپ _ دەننى شى گې شاۋ لاۋخۇ، كەن، يې يې يىۋېي نى بۇ خۈي چى نې، كۈەي، كۈەي چى گېي تا كەن ئا _ دېيىشىۋىدى بوۋاي قاچىدىكى تاماقنى يەرگە ئېتىۋېتىپ، تاماق شىرەسىگە قاتتىق بىر مۇشت ئۇرۇپ _ يوقۇلىشە كۆزۈمدىن،

مىللەتتىن تايغان مۇناپىقلار! سەندەك بالام يوق مېنىڭ! _ دەپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئەرزاتمۇ دادىسىنىڭ غەزىپىدىن قورۇنۇپ شۈككىدە بولۇپ قالغان ئىدى. بوۋاي شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ « ئەل سويگەن يازغۇچى » نىياز ئەپەندىم دە! شۇتاپتا ئەرزاتنىڭ ئاكىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ياۋروپالىقلاردەك ياسىنىۋالغان ئايالى ئاغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ چالۋاقاشقا باشلىدى_ ۋوي قېيناتا تويلۇقنى تولۇق بەرمىسەڭلارمۇ ماقۇل دېدىم! ئۆي ئېلىپ بېرەلمەيمىز_ دەپ ئىككى توك- توك پۇلنى يالغان- ياۋىداقتىن بەرسەڭلارمۇ _ بولىدۇ _ دېدىم. بالام تۇغۇلغاندا _ ماۋۇ قىزنىڭ بالىنى بېقىشىپ بېرىدىغان ئاپىسى ئاپىسى يوق، بالىنى بىز بېقىپ بېرەيلى دېگەن گەپنى قىلمىساڭلارمۇ ماقۇل _ دېدىم . ئەمدىلىكتە بالامنى ئەركىلىتىپ قويسام _ مىللەتتىن تانغان مۇناپىق _ دەپ ۋالاقلاپ كەتكىنىنى بۇلارنىڭ! بالامنىچۇ خەقنىڭ كۆزىگە قارىمايدىغان، قىينالمايدىغان قىلىپ تەربىيلەيمەن. سىلەرنىڭ كۆزۈڭلەردىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ تازا. نېمە مىللەتتىن تانغان دېگەن؟ كارغا كەلمەيدىغان بىر نېمىلەرنى قانداق قىلاتتىم بىچارە بالامغا تېگىپ!... جۆر كېتىمىز! ئەرزاتنىڭ ئاكىسى بوۋاينىڭ تەرسالىقىدىن رەنجىپ _ ئاتا، نېملا گەپ بولسا چىرايلىق قىلساڭ بولاتتىغۇ! يەنە شۇ مجەزىڭ باركەن سىنىڭ! بولدىلا، مەن چىقىپ ئاۋۇلارنى ئېلىپ كىرەي _ دېدى _دە، يىغلاپ تۇرغان ئاپىسىغا بېشىنى چايقاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن پېتى قايتىپ كىرمىگەن ئىدى.

بۇ خىياللار ئۇنى بىئارام قىلدى _ توۋا، مېنىڭ داداممۇ مۇتەئەسسىپ، يىراقنى كۆرمەيدىغان ئادەمدە. ئۇمۇ مۇشۇ مەتولارغا ئوخشاپ قالىدۇ. كېيىنىشى، ئوي خىياللىرىمۇ مۇشۇ مەتولارغا ئوخشاپ قالىدۇ. نېملا دېمىگەن بىلەن كونا زامانىنىڭ ئادىمىدە. توردا نۇرغۇن ئېسىل فىلىملەر تۇرسا، تېلۋىزوردا شۇنچە ئېسىل چەتئەل تىياتىرلىرى تۇرسا شۇلاردىن ھوزۇرلىنىشنى بىلمەي، ئەتىدىن كەچكىچە « كىتاپخانام » دەۋەلغان، كىتاپلارغا لىق تولغان، بىر كىچىك يېزىق شىرەسى بىلەن، قاتتىق ياغاچ ئورۇندۇق قويۇلغان،ئاشى كىچىك ھوجرا ئۆيدىكى قىستاڭچىلىقتا نېملەرنى ئوقۇيدۇ، نېملەرنى يازىدۇ. دادامۇ تۈگەشكەن بىر ساۋدايىكەن-دە. يازغانلىرىنى ئوقۇيدىغان تۈزۈك ئادەم بولمىسا . يا ئۇنىڭغا تۈزۈك قەلەم ھەققى بەرمىسە. يېزىپ نېمە قىلىدۇ دەيمەن! مەنمۇ ئېلان قىلىپ باقتىمغۇ شېئىر دېگەننى . بارى يوق بەش- ئون سوم

قەلەم ھەققى بېرىدۇ. ھازىر بەش سوم دېگەنگە ئاران بەش تۇخۇم كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىلەپ بېشىنى سىلاپ يېزىپ كېتىشىنىڭ نېمە نەتىجىسى بولسۇن-ھە! يا ماۋۇ مەتولار شۇنى ئوقۇپ سەۋىيەلىك بولۇپ كېتەلمىسە!...

ئۇ تاتلىق-ئاچچىق خىيال سۈرگەچ شۇ «مەتو» لار كوچىسىدىن ئايرىلىپ، كەڭرى ئاسفالىت يول ياقىسىدىكى پىيادىلەر يولىنى ياقىلاپ ماڭغاچ، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى _دە، يانفونى بىلەن ھېلىقى سەتەڭ قىز دوستىغا تېلفۇن قىلدى _ ۋېي، ۋو خەي زەي شاڭكې، دەي خۇي گېي نى دا دىئەنخۇا، ئەي نى، ۋۇۋا _ دەپ بولۇپ تېلفۇننى قويىۋەتتى قىز دوستى. ئۇ قىز تېخى ئالىي مەكتەپنى تېخى پۈتتۈرمىگەن ئىدى. ئەرزات ئوقۇشنى پۈتتۈرگىلىمۇ بىرىيىل بولاي دەپ قالغان ئىدى. شۇ جەريانىدا ئىلگىرىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن ئانچە ئىزدىشىپ كەتمىدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ _ خىزمەت تاپتىڭمۇ؟ _ دەپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتى. شۇڭا ئارانلا ئۈچ ئادەم ئىشلەيدىغان كومپيۇتېر شىركىتى قۇرىۋالغان ئەركىن ئىسىملىك بىر بىلەن تونۇشۇپ، دوست بولۇپ قالغان. ئۇلار دائىم ئىزدىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئەركىننىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ يول ئالدى.

ئەركىن ئىگىز بېنانىڭ سەككىزىنچى قەۋىتىدىن ئىككى ئېغىزلىق كىچىك ئۆينى ئىجارە ئېلىپ شىركەت قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ شىركەتنىڭ ئىشىكىدىن كىرە-كىرمەيلا بارى-يوقى ئۈچ ئادەم ئىشلەيدىغان بۇ شىركەتتىكىلەرنىڭ جىددىي خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. شىركەتنىڭ بىردىن-بىر قىز خىزمەتچىسى بولغان ئايشەمگۈل ئىسىملىك چىرايلىق، ئەمما «مەتو» قىزچاق ئۆزىنى تۇتىۋالالماي يىغلىغاچ، ئالدىراشلىقتا كۆزىدىكى يېشىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، كومپيۇتېردا مەشغۇلات ئېلىپ بارماقتا ئىدى. ئورۇقلىقىدىن بويۇنلىرىنىڭ تومۇرلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، بەدىنىدە كىيىمى چىڭ تۇرمايدىغان ئوتتۇر بوي دوستى ئەركىن ۋە شىركەت خىزمەتچىسى ئەكرەملەرمۇ قوشۇملىرى تۈرۈلگەن ھالدا كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلماقتا ئىدى.

_ ئۇلارغا زادى نېمە بولغاندۇر؟ ئاۋۇ ماتو قىز نېمە ئۈچۈن يىغلايدىغاندۇر؟.... ئەرزات بىر ئاز تېڭىرقاپ قالدى _ دە _ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باللار، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ يەر؟ كىنولاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ باش شتابىغا ئوخشاش پاتپاراقلىشىپ كېتىپسلەرغۇ

بۈگۈن ــ دېدى ھەيرانلىقىنى باسالماي. ئۇرۇمچىنىڭ ياز كۈنلەرىدىكى ھاۋاسىمۇ ئانچە قىزىپ كەتمەيدىغان بولسىمۇ ئۇلار تەرلەپ- تەپچۈرەپ ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

ــ تاماكاڭ بارما؟ ــ دېدى ئەركىن ئەرزاتنىڭ سالامىغا جاۋابەن. ئەرزات يانچۇقىدىكى تاماكىدىن ئىككى تال چىقىرىپ بىرىنى ئەركىنگە، يەنە بىرىنى ئەكرەمگە سۇنغاچ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېكرانغا قارىدى. ئېكراندا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بىركىملەرنى قوغلاۋاتقانلىقى، ئۇرىۋاتقانلىقى، ئۆلتۈرىۋاتقانلىقى، جەسەتلىرىنى سۆرەۋاتقانلىقى كۆرۈندى. كۆرۈنۈشلەرنىڭ ۋەھشىيلىكىدىن قارىماققا ئادەم سويىدىغان قۇشخانىنىڭ سىنلىرىدەك بىلىنمەكتە. توۋا، ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق ۋەھشىي بولامدۇ- ھە؟ قارا ئاۋۇ ئاۋاقىنىڭ قېچىشىنى، قارا ئاۋۇ يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ «شا! شا سى تا!» دەپ ۋارقىرىشىپ ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە كالتەك- توقماق بىلەن ئۇرىۋاتقانلىقىنى، قىلىچ بىلەن چېپىۋاتقانلىقىنى، ئاۋاق يىقىلىپ چۈشسە ئۇنىڭ باشقا يېرىگە ئەمەس، بېشىغا ئېتىۋاتقانلىقىنى. سۆزسىز ئۆلدۇ- دە ئۇ ئەمدى! ئاۋۇ يەردە يەنە بىرىنى بىر تۈركۈم كىشى ئورىۋېلىپ ئۇرىۋاتىدۇ. ۋايجان، چاشقاننىمۇ ئۇنچە خورلىمايدۇ ئىنسان! ئاللاھ، ئاۋۇ يەردە ياتقاننى نېمە قىلىۋەتتى بۇلار؟ مانا مانگىغا قارىمامسەن، چېچىدىن سۆرەپ كېتىپ بارىدىغۇ. يۈز كۆزى تونىغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ بىچارىنىڭ! شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاۋۇ ساپسېرىق ھىگگاگچىش، قىسماق كۆز، قارا يۈز ئۇنىڭ قورسىقىغا دەسسەۋاتىدۇ دېسە! توۋا، نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدى بۇلار؟ مانا قارا، ئاز دېگەندىمۇ ئون- يىگىرمە مۇردىنى باسماق قىسۋالغان چاشقاننىڭ ئۆلۈكىنى تىزغاندەك تىزىۋالغىنىنى ماۋۇ كاساپەتلەرنىڭ! قورقۇنچلۇق كىنومۇ بۇ، ياكى راست بولغان ئىشمۇ؟ ئىنساننىڭ بۇ قەدەر رەزىللىكىنى ئۆمرۈمدە كۆرمەپتىمەن جۇمۇ! ھېلىغۇ ئادەمكەن، ھايۋانغىمۇ بۇنچە زۇلۇم قىلىشقا كىشىنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ! بۇلارنى نېمە دېگۈلۈك؟ توۋا، ئاۋۇ ئۆلگەنلەر نېمە گۇناھ قىلمىغان بولمىسۇن، ماۋۇ كالتەكچىلەرنىڭ قىلغانلىرىنى قەتئىي قۇبۇل قىلغىلى بولمايدۇ- جۇمۇ! بۇ كالتەكچىلەرنى ئادەم دېسىمۇ ئىماندىن چەتنىگەنلىك بولامدىكىن دەيمەن! شۇلارنى ئادەم دېگەنلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك!ـ ئېكراندىكى ۋەھشىيلىكلەرنى كۆرۈپ ئەرزاتنىڭ كاللىسىدا شۇنداق خىياللار لەيلەپ قالدى .

_ نېمە! ئاۋۇ ئۆلگەنلەر ئۇيغۇرلارما؟ «ئۇيغۇر ئوغۇرلار جاجىسىنى يېدى !» _ دېگەن خىتايچە خەتنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى ئەرزات. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى. ئاۋۇ مۇردىلارنىڭ كىيىنىشى، چاچ پاسونى... خۇددى بايا ئۇ بازادا كۆرگەن شۇ «مەتو » لارغا ئوخشىسىمۇ، ئۇنداقلارنى «مەدەنىيەتسىز» دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۇنداق ئازاپلارغا قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەرزاتنىڭ يۈرىكى تىترىدى. مەيلى نېملا بولمىسۇن « يىراقنى كۆرەر زىيالىي» ئەرزات شۇ « مەتو » لارنىڭ ئۆز خەلقى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. _ « هېلىغۇ مەمەت تازكەن، مەهەللەگىدىكى ئىتنى باشقا مەهەللىلىكلەر بوزەك قىلسىمۇ ئۇنى قوغدايسەن!... » _ دېگەن ئىدى ئۇنىڭ ئاكىسى فەرۇق ، ئىلگىرى ئۇنىڭ توپىنى يېرىۋېتىپ ئۆچەكىشىپ قالغان مەمەتنى باشقا مەهەللىلىك خىتايلارغا بولۇشۇپ بوزەك قىلغانلىنى كۆرگىنىدە. شۇ قېتىم ئۇ ئاكىسىدىن بىر كاچاتمۇ يېگەن ئىدى. خېلى چاغلارغىچە ئاكىسىنىڭ ئاشۇ بودەك مەمەت تازنى دەپ بىر كاچات سالغانلىقىنى كاللىسىدىن ئۆتكىزەلمىگەن ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئاكىسى دېگەن شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلىپ- بىلمەي ئۇنىڭ هايات پەلسەپىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى مەهەللىسىنىڭ مۇشۇكىنى ئەمەس بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ قىرغىن قىلىنىۋاتقانلىقىنى، جەسەتلەرنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرماقتا! ئۇ تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى. تاماكىنىڭ ئىسى كىردىمۇ ياكى ئۇ راستلا يىغلىدىمۇ ئىش قىلىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە لىق ياش تولغان، هەتتا بىر قانچە تامچىسى ئېقىپ چۈشۈشكىمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدى...

ئەرزات كۆزىدىكى ياشنى يوشۇرۇش ئۈچۈنمۇ، ياكى ئاۋۇ « مەتو » قىزنىڭ هۆرمىتىنى قىلىپ تاماكىنى سىرتقا چىقىپ چەكمەكچى بولدىمۇ _ نېمە تولا ئىس بۇ! _ دەپ، غۇدۇراپ قويۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

## 5

بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق نېمە قىلارنى بىلمەي قالغانلىقى بولسا كېرەك! ياق، ئۇ هېلىقى قېتىممۇ بەك جىددىيلەشكەنىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئىچكىرىدىكى مەكتىپىنى پۈتتۈرمىگەن، خىتايىنىڭ ئاۋات شەهەرلىرىدە چەتئەللىكلەردەك

ياسىنىپ، خىتايلار بىر نېمە دەپ گەپ سوراپ قالسا، « سورري، ئاي كەنت سپىك چاينىز» دەپ قويۇپ، ئۆزىچە غادىيىپ يۈرىدىغان مەزگىللەر ئىدى. شۇ زامانلاردا ئۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئورۇشۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تاماشا كۆرۈش تەمەسىدە بېرىپ، بىر كىچىك ئۇيغۇر بالا بىلەن ئەمدىلا ئون بىر، ئون ئىككىلەر چامىسىدىكى بىر كىچىك ئۇيغۇر قىزچاقنىڭ قوللىرى ئارقىغا باغلانغان هالدا بىر سېمىز خىتاي تەرىپىدىن بېشىدىن باسۇرۇلۇپ، يۈزلىرى يەرگە مەجبۇرىي يېقىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى شۇنداق تېز سوقۇپ كەتكەن، شۇنداق جىددىيلەشكەن ئىدى. بۇنى جىددىيلىشىش دېگەندىن كۆرە غەزەپ دېگەنلىك بەلكىم توغرىراق بولسا كېرەك. غەزەپ ئىنسان قەلبىدە شەكىللىنىپ، پارتلاپ چىقىشىنى مەجبۇرىي بېسىپ تۇرغاندا، سىرتقا ئىپادىلىنىشتىن ئىلاجىسىز قالغان غەزەپ كىشىدە شۇنداق تىترەش تۇيغىسى پەيدا قىلاتتى. شۇ قېتىم ئۇنىڭ مۇشتلىرى تۈرۈلگەن، تومۇرلىرى چىڭقالغان ئىدى. ئەگەر بېلىدە بومبا بولغان بولسا ئۇلىشىپ شۇ نارەسىدىلەرنىڭ خورلانغانلىقىغا شېرىك بولىۋاتقان ماۋۇ نىجىس دوۋزىخىلارنىڭ ئانىسىنى كۆرسىتەتتىدە! شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى هېس قىلغان، هاياتلىقنىڭ قىممىتىنى ئۆزىچە تونۇپ يەتكەن، هاياتىغا يېڭى نىشان ئىزلەشكە مەجبۇرلانغان ئىدى _ ئاۋۇ ئوغۇرلارنى تۇتۇپ ئوبدان قىلىپسەن. لېكىن بۇلارنى بۇنداق باغلاپ دەسسەۋاتقانلىقىڭنى ماۋۇ قاراپ تۇرغان پەرەڭلەردىن بىرەرسى رەسىمگە تارتىۋالسا دۆلىتىمىزنىڭ يۈزىگە داغ چۈشىدۇ. شۇنى بىلەمسەن ئەجنەبىيلەر مۇشۇ سەلبىلىك ئوغۇرلاردىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزنى پارچىلاشقا خىرىس قىلىۋاتىدۇ. بۇ نېجىسلار مۇشۇنداق قىلىشقا، هەتتا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاپلاشقا لايىق بولسىمۇ، بولدى قىل. ئۇلارنى بۇنداق دەسسەپ تۇرمىغىن _ دېدى ياشانغان، چىشلىرى قاپقارا، قىزىل بۇرۇن، چېچى شالاڭلاشقان بولسىمۇ قىسقا قىلىپ كەستۈرۈپ قاپقارا بويىۋالغان پاكار بىرقېرى خىتاي ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق، غەرپچە كىيىنگەن ئەرزات بىلەن تويىنىڭ ئاۋۇ چېتىدە تۇرغان سېرىق چاچلىق يەنە بىر قىزنى ئىشارەت قىلىپ. ئاۋۇ سېمىز چوشقا چىراي يىرتىق كۆز خىتايمۇ «غەرەز ئۇقىدىغان» نېمە ئوخشايدۇ، بايىقى « مويسىپىت » نىڭ گېپىگە كىردى. بېشىدىن باستۇرۇپ يۈزىنى يەرگە يېقىپ تۇرغان كىچىك بالىنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ، بوينىدىن مىجىپ تۇتتى. بېلىگە ئېغىر پۇتلىرىنى بېسىۋالغان ئاۋاق قىزچاقنى يۇلۇپ ئېلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ چوڭ

كېلىپ قالغان ئىشتىنى بىلەن قوشۇپ قىزنىڭ كاسىسىنى مىجىپ تۇتۇپ تۇردى. ئەرزات بىردىنلا ئاۋۇ چوشقا سۈپەت خىتاينىڭ يىرتىق كۆزلىرىدىن نىيتى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئەمما ئۇ نېمە قىلالىسۇن؟ تېخى نەچچە كۈن ئالدىدا دوستلىرى بىلەن بىرگە « ئاجايىپ » بىر كەچلىك كۇلۇپقا بارغان ئىدى. ئۇجايدا ساپلا ئەرلەر هاراق ئىچىدىكەن، قىزلار ئەرلەرنىڭ ئۇستىلى يېنىغا كېلىپ ئۇلارنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدىكەن. ئەرزات بارغىنىغا بەكلا پۇشايمەن قىلىپ كەتكەن ئىدى. يېرىم يالىڭاچ كېيىنگەن خىتاي قىز ئۇنى قارالغۇ بىر زالغا ئېلىپ كىرگەن ئىدى. ئۇ زالدا جۈپ- جۈپ تاڭسىچىلار بار بولۇپ، مۇزىكا بىلەن قىزلارنىڭ ئىڭراشلىرى بىرىكىپ كەتكەن ئىدى. ئاۋۇ بۇرنىدىن پىشانىسى ئېگىز سېمىز خىتاينىڭ تانسا ھەمراھى بولغان قىزنىڭ كۆڭلىكىدىن قولىنى كىرگۈزۈپ سىلاۋاتقانلىقىنى، ۋايجان باشقىلارنى دېمەي بولدى، ئەستەغفىرۇللاھ، نېمىگىمۇ كىرگەندىمەن بۇ مەلئۇن بىلەن!

_ شو ۋېيىيۇ، گۇلى، شو ۋېيىيۇ...- تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا يىراق بولمىغان جايدىن ياڭرىدى. ئەرزات رېفلېكسلىق هالدا شۇ تەرەپكە نەزەر تاشلىدى . توۋا، ماۋۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ ئەمدى! بايا بەل ئۇسۇلى ئوينىغان ئۇيغۇر قىزنىڭ ئارقىسىدىن كالپۇكى يۇزىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن، غوۋا نۇردا كۆزىنى تۈزۈك تاپقۇلى بولمايدىغان ئاۋاق خىتاي قۇچاقلىۋاپتۇ! بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئەرزاتنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ خۇددي ئۆزى باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغاندەك يىرگىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئەگىپ خىتاي قىزنى ئىتتىرىۋېتىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى شۇنداق پاسىق، شۇنداق پەسكەش هېس قىلغان ئىدى. ئۇ ئۇدۇل ياتىقىغا قايتىپ بېرىپ تاملارنى مۇشتلاپ بارماقلىرىنى قاناتقان ئىدى _ ئاھ خۇدا، بىز نېمە گۇناھ ئۆتكەزگەن بولغىتۇق؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئازاپلاردا پۇچۇلىنىمىز؟ ئاشۇلارنى كۆرمىسەم، ئاشۇلارنى ئويلىمىسام، ئاشۇلارنى هېس قىلمىسام بولماسمۇ؟ ئاشۇنداقلارنىڭ دەستىدىن خىتايلار قىزلىرىمىزنى بۇزۇۋ، يىگىتلىرىمىزنى ئوغرى _ دەپ ئويلىشىدۇ. ھەممىسى شۇ ئاز بىر ئوچۇم مۇناپىقلارنىڭ كاساپىتى _ دەپ ئويلاپ، ئۆزىچە شۇنىڭدەك قىزلارنى، كوچىدا ئۇچراپ قالىدىغان « مەتو » ياسانغان ئوغرىلارنى قاغاپ قوياتتى.

مانا ئەمدى ئېكراندىن شۇنداق« مەتو » چە كېيىنگەن خەلقىنىڭ ئازاپ تارتقانلىقىنى، قىرغىن قىلىنغانلىقىنى، ھاقارەتلەنگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشتى. ئۇ ئەسلىدە ھەممىنى ئۇنۇتماچى، « زامانغا » ماسلاشماقچى، مۇشۇ « ئۇيغۇر » دېگەن « نەسباسقۇر» خەقتىن يىراق ياشاپ قۇتۇلۇپ باقماقچى بولغان ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۇيىلىرىنىڭ ساددىلىق ئىكەنلىكىنى ئازراق ھېس قىلغاندەك بولماقتا. ھېچ بولمىسا ئۆزىنىڭ شۇ ئۇيغۇرلارنى يەنىلا سۆيىدىغانلىقىنى، شۇ مۇھەببىتى تۇپەيلى ھەرقېتىم ئۇيغۇرنىڭ خورلۇق تارتقانلىقىنى كۆرگەندە يۈرىكىنىڭ يىغلايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا ئىدى...

## 6

_ ئۇيغۇر كەلگۈندىلەر جاجىسىنى يېدى، ئۇيغۇر باسقۇنچىلارنى يۇقتايلى ! ئۇيغۇرلارنى مانا مۇشۇنداق ئۆلتۈرەيلى! ئۇيغۇرلارنى زېمىندىن يوقۇتۇش كېرەك، جۇڭگولۇق بولساڭ ھەممەڭ ئۇيغۇر چوشقىلىرىنى ئۆلتۈرۈش! ئۇيغۇر ئوغۇرلارنىڭ ئەركەكلىرىنى مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈش كېرەك، قىزلىرىنى ج... قىلىش كېرەك! خىتاي روھى ئويغاندى! باسقۇنچى ئوغرى ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرىدىغان خىتاي ئەزىمەتلىرى چىقتى!

_ دېگەندەك تېمىلار خىتاي تور بەتلىرىدە يامرىغان ئىدى. ئايشەمگۈل ئۆزىنى تۇتىۋالالماي قالدى. ئۇ ئاجىزە قىزلا ئەمەس، ئاۋۇ ئاۋاق ئەركىنمۇ، ئەكىرەممۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشماقتا ئىدى. ئەرزات كۆزلىرىنىڭ يېشىنى يوشۇرۇشقا ئامال قىلالماي قالدى. ئۇ شۇنداق ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، ئاسان غەزەپلىنىدىغانلاردىن ئىدى. ھېچ بولمىغاندا ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى دائىم خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى پەش قىلىپ ئىسپات كۆرستەتتى. بەزىدە ئۆزىنى كىچىكىدە ئوقىغان ھېكايىلەردىكى ئەزىمەتلەرگە ئوخشىتاتتى. ئەمما ئۇ خەلق تىلىدا داستان بولغان ئۇنداق ئەزىمەتلەردەك غەزىپىنى ھەركەتكە ئايلاندۇرالمايتتى. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بەستىگە بېمۇناسىپ ھالدا تەسلىمچى ئىدى. ئۇنىڭ روھىغا تەسلىمچىلىك سىڭىپ كەتكەن، ئۈمۈدسىزلىك ئورناپ كەتكەن ئىدى _ قارىمىسەن ماۋۇ « مەتو » خەلقنى، يازغۇچىلار يېزىۋاتىدۇ، ئارتىسلار ئويناۋاتىدۇ، بۇلار شۇلارنى كۆرىۋاتىدۇ، لېكىن ئويغانمايۋاتىدۇ. « ئانا يۇرت » دېگەن

ھېلىقى كىتابمۇ تازا كىتاب ئىكەنىدۇق. بىزنىڭ بىرلەشسەك ماۋۇ تىگى پەس خىتايلارغا بوزەك بولمايدىغانلىقىمىزنى ئاشۇ كىتابدا يېزىلغان دەۋرلەردىكى كىشلەر چالا بولسىمۇ ئىسپاتلاپتىكەن . قارىمامسەن ئەمدى ماۋۇ « مەتو » لارنىڭ ھازىرقى كۈنى شۇ چاغلاردىكىدىن نىمە پەرق قىلىدۇ؟ ھازىر مىللەتكە كېلىۋاتقان زۇلۇم شۇ چاغلاردىكىدىن نىمە پەرق قىلىدۇ؟ ھازىرقى زۇلۇم ئۇ چاغلاردىن جىق بولسا باركى، ھەرگىز ئاز ئەمەس. مىليونلاپ خىتاينى كۆچۈرۈپ كېلىپ، يېرىنى تارتىۋالسا « خوش غوجام، ئالسىلا !» - دەپ يەنە شۇ بىر پارچە ناننى غاجىلاپ يۈرگىنى يۈرگەن . ئەمدى قولىدىكى ناننى تارتىۋالسا، قىزلىرىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ ماڭسا، ئۇلارنى ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپ نومۇسىغا تەگسە « ھۆكۈمەت ئوبدان، باللارغا خىزمەت بەردى » دېيىشىپ ھىجارىشىپ توپىلىقتا موخوركا يۆگەپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ھېلىقى ساۋاقدېشىم نىمە دېگەن ئىدى؟ چوشقا، لالما ئىتلارنى ئېتىڭلار دەپ مىلتىق، ئوق تارقىتىپ بەرسە ، مەھەللىمۇ- مەھەللە ئىستەپ يۈرۈپ چوشقا ئىزدەپ، لالما ئىت ئىزدەپ ئېتىپ ئوينىغان، چوشقا تاپالمىسا بەش قويغا بىر چوشقىنى خىتاي مەھەللىسىدىن تېگىشىپ كېلىپ ئېتىپ ۋەزىپىنى ئادا قىلدۇق دەپ دوپپىسىنى كىيگەن خەق بىز_ دېگەندەك قىلغانىدى. شۇنىڭ دېگىنىمۇ راست بولسا كېرەك. مەن ئالىي مەكتەپكە يېڭى بارغان يىللىرى پويىزدا پىچاق ئېلىپ مېڭىشقابولاتتى. ئەمما خىتايلارغا رۇخسەت قىلمايتتى. ئۇ چاغلاردا « پىچاق ئېسىش ئەنئەنىسى بار مىللەت» دەپ ئېتىۋار قىلىپتىكەن . ئەمدى ئۇ ئېتىۋارمۇ يوق بولدى. پىچاقنى يانغا ئەمەس، ئاشخاناڭدا ئۇزۇنراق پىچاق ساقلىساڭمۇ ئىزدەپ يۈرۈپ يىغىۋالىدىغان بولدى. ئەمدى نىمە قىلغىلى بولىدۇ؟ بولدىلا، ئۇيغۇردا ئۇمۇد يوق جۇمۇ! « ئىگىز ئۆسكەن تېرەك شامالدا بۇرۇن سۇنۇپ كېتىدۇ » _ دەيدىغان گەپ بار. نېمە قىلىمەن قايناپ. بىكار ئۆزەمنىڭ كەلگۈسىنى نابۇت قىلىپ- دېگەندەك ئويلار ئەرزاتنىڭ دۇنيا قارىشىدا بارا- بارا ئۇستۇنلىكنى ئىگىلەپ، ئىچكى دۇنياسىغا تەسلىمچىلىك، ئۇمۇدسىزلىك، پۇرسەتپەرەستلىك، قورقۇنچلار تولۇپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى ئۇ دائىم « كاللىسى بارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىش ئەقىلدىندۇر!» دېگەن تەسەللىينى تېپىۋېلىپ ئۆزىنى دانىش، ئۆزىنى يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالايدىغان، مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان، ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدىغان، شارائىتقا قاراپ ئىش تۇتالايدىغان

« زىيالىي» دەپ ئويلايتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ خىياللىرى تۇمانلىششقا باشلىدى. دېمىسىمۇ جەمئىيەتتە ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى.

_ كەلگۈندىلەر جوھوتلار! بىز نەچچە مىليون كەلگۈندى چوشقىنى پاتتۇرۇپ جىم ياشاۋاتىمىز. ئەمدى نەچچە مىڭ ئۇيغۇرنى ئىشلەمچىلىككە ئېلىپ بارسا پاتقۇزماي كوچىغا چىقىپ قالغان چاشقاننى دۇمبالىغاندەك دۇمبالاپ قىرغىن قىلىشقانلىقنى كۆر ماۋۇ تۇزكورلارنىڭ! بىز كەلگۈندىمۇ سەنلەرمۇ؟ _ ئەركىن قايناپ قالدى. ئەركىننىڭ بەزىدە شۇنداق « خاتا » سۆزلەپ قويىدىغان مىجەزى بار ئىدى. ئەرزات بۇنى ئىلگىرىكى بىرقانچە قېتىملىق ئولتۇرۇشلاردا سېزىپ بولغان ئىدى. ئەرزاتمۇ شۇنداق ئويلايتتى. لېكىن ئەركىندەك ئاغزىدىن چىقىرىپ سالمايتتى. بۇ قېتىم ئەرزاتمۇ « خاتا » سۆزلەشكە پېتىندى _ بۇ ئىش بۇنداقلا بولدى بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭغا شۇ كالتەكچىلەر جاۋاب بېرىشى كېرەك! قانۇن بار دۆلەتقۇ بۇ! ھۆكۈمەتكە دېيىش كېرەك. قانۇن بىلەن بىرتەرەپ قىلىش كېرەك! ئاپتونۇم رايونىمىز بارغۇ بىزنىڭ . ئاپتونۇم ھۆكۈمىتىمىز ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر تەرەپ قىلسۇن بۇنى! _ ئەرزات ئامال بار « خاتالىشىش» تىن ساقلىنىپ سۆز قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسىدە بۇ ئىشقا ئارىلىشىش ياكى ئارىلاشماسلىق ھەققىدە ھېچقانداق قارار ماقۇللانمىغانىدى...

7

_ ئەرزات، دانىيار كەپتىكەن _ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، ئۈچ ئۇماق پەرزەنتىنىڭ ئانىسى ، بولۇپمۇ قىزلىقتىكى لاتاپىتىنى، گۈزەل- زىبالىقىنى يوقاتمىغان قارا كۆز، توم قارا چاچلىق ئايالى ئەقىدە كىتابخانىسىدا ئورۇنداققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ياش قورامىغا ماسلاشمىغان تۈگىمەس خىياللارغا كەتكەن ئەرزاتنى خىياللار دېڭىزىدىن سۇزۇپ ئالدى. ئاكىسىنىڭ چىرايىنى ئەسلىتىدىغان، ئاكىسىدىن بەكرەك دادىسىنى ئەسلىتىدىغان ، كىچىك تۇرۇپلا نۇرغۇن ئىشلارغا شاھىت بولغان بۇ بالا ئۇنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىدىن قىممەتلىك تۇيۇلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن پەقەت شۇ دانىيارلا قالغانىدى. ئەرزات ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى

ئاستا سىلىقلىتكەچ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرغان دانىيارنىڭ يېنىغا چىقتى.

_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تاغا! _ ئەرزات كىرىشىگىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرنىڭ سالىمىنى بەجا كەلتۈردى دانىيار. ئەرزات ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاپ قايتۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا ئون نەچچە يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ھېلىقى ۋەقە ئۇنىڭ يادىغا يەتتى. شۇ چاغلاردا بۇ بالا تېخى ھېچ غېمى يوق، ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ خىتايچە سۆزلىشىدە خىتايچە تىلى چىققان تەنتەك بالا ئەمەسمىدى. مانا ئەمدى بۇرتلىرى خەت تارتىپ يىگىت بولۇپ قاپتۇ. يىللار نېمە دېگەن تېز ئۆتكەن- ھە! تاغا، سىزگە خوشخەۋەر ئېلىپ كەلدىم، . دادامنىڭ قەبرىسى تېپىلىپتۇ _ يىگىت شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بېشىنى پەس قىلىۋالدى. ئەرزات بۇ بالىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرگەن ئىدى. تۇنجى قېتىم كۆرگىنىدە جەنۇبىي ئاسىيادىكى قويۇق ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقىدا ھېلىقى يوغان يوپۇرماقلىق پاكار دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ماتا ئورنىدا يۆگەپ، ئېگىز دەرەخنىڭ يېنىدىكى بوش جايىنى قولىغا چىققان نەرسىدە كولاپ ئۇنىڭ دادىسىنى، ئەرزاتنىڭ بىردىنبىر ئاكىسىنى كۆمۈپ قويغاندا، بۇ بالا شۇنداق يىغلىغانىدى. ئۆزىنى تاشلاپ ئەمەس، مانا ھازىرقىغا ئوخشاش بېشىنى سېلىپ تۇرۇپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يىغلىغان ئىدى. بالا شۇندىن بۇيان ئانىسى بىلەن يالغۇز قالغان ئىدى. ياق ئۇ يالغۇز قالمىغان، بەلكى ئەرزات ئاتىدارچىلىق قىلىپ تۇرغان ئىدى. مانا ئۇ بالىنى يەنە چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ _ سەۋرە قىلايلى بالام _ دېيىشتىن باشقىنى دېيەلمەي ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىچە بالىغا قەرزدار ئىدى. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇ ھېچ ئىشقا ئارىلاشمىغان بولسا، دوستى ئەركىن قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ قىرغىنغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمەتنىڭ ئىگە چىقىشىنى تەلەپ قىلىپ نامايىشقا چىققاندا ئۇنىڭ ئارقىدىن ماڭمىغان بولسا كېيىنكى ئىشلار قانداق بولار ئىدىكىن- تاڭ! ئۇ نامايىشقا چىققان ئىدى. قىزىل بايراق كۆتۈرگەن ئەركىننىڭ ئارقىدىن ماڭغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ خىتاي پۇقراس ئىكەنلىكىگە سۆزسىز ئىشىنەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكىنى بىلسىمۇ، قوراللىق ساقچىلارنىڭ ھەرگىزمۇ قىزىل بايراق كۆتۈرگەنلەرنى باستۇرۇشىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ سەپنىڭ كۆزگە چېلىقمايدىغان جايىدا تۇرغان بولسىمۇ، ھامان نامايىشقا چىققان

ئىدى. ھاياجانلىق مىنۇتلار! قارا، ئاۋۇ كوچىدىنمۇ يۈزلىگەن ئۇيغۇرلار سەپ تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەركىن گەرچە سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا بولمىسىمۇ سەپنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا قىزىل بايراق تۇتقانلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئەقىلنىمۇ ئەرزات ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئىدى. نامايىش بولىدىغانلىق خەۋىرىنى ئەركىن ئۇنىڭغا يانفۇن ئارقىلىق ئۇقتۇرغان ئىدى _ ھەي ئەرزات ئاڭلىدىڭما، بىركىملەر نامايىش ئويۇشتۇرىۋېتىپتۇ. توربەتلەردە ساپلا شۇ گەپ. جىلىڭ ئىشلەيدىغانلارمۇ بار ئوخشايدۇ جۇمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە. بىكار بولساڭ ئىشخانىغا كەل. بىزدە تورباشقۇرغۇچى يېتىشمىدى. تېخىچە خىزمەت تاپالمىغان ئەرزات ئەركىنىنىڭ شىركىتىدە دائىم پىدائىي بولۇپ ئىشلەيتتى.

قىزىل بايراق ئۇيغۇر نامايىشچىلىرىنىڭ قولىدا لەپىلدەيتتى. راستىنى دېگەندە ئەرزات ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قىزىل بايراقنىڭ لەپىلدىگەنلىكىنى كۆرۈپ چىن يۈرىكىدىن ھاياجانلانماقتا ئىدى. سەپ ئۇزارماقتا، كىشىلەر كۆپەيمەكتە . ئەرزات بىر تۇركۇم « مەتو » لار بىلەن « ئۇيغۇر، ئۇيغۇر، ئۇيغۇر» _ دەپ توۋلاپ ھاياجانلانماقتا. ئىچكىرىدە ئوقىغان « يوقۇرى ساپالىق » ئەرزات ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ھەقىقىي تۇردە « مەتو » لار بىلەن بىرگە ھېس قىلماقتا. ئاھ... _ ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى . بۇرنىغا ئۇرۇمچىنىڭ بۇلغانغان ھاۋاسى بىلەن « مەتو » لارنىڭ پۇراقلىرى ئەبجەش بولۇپ ئۇرۇلدى. ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكىدەك سەسكەنمىدى . بەلكى ھوزۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تاپقاندەك ھېس قىلماقتا. ئۆزىنى بىر كەڭلىككە، بۈيۈكلۈككە قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلماقتا. ئاھ كىملىكىنى يوقىتىشقا ئاز قالغان ئەرزات ! ئۆز تەۋەلىكى خۇنۇكلەشكەن ئەرزات ئەمدى ئۆزەڭنى ھەقىقىي ھېس قىلىۋاتسەن! شۇنداقمۇ؟ مىليونلىغان خىتايلار، خىتاي مەدەنىيىتى، خىتاي ئىدىيىسى سىڭگەن شەھەردە قانچە يىل تۇردۇڭ. خىتايچە تەپەككۇر قىلىشقا بىلىپ- بىلمەي ئۆزلەشتۇرىدىغان مەكتەپ تەربىيىسىدە، ئاتموسفىرادا ياشىدىڭ. گەرچە شېئىرلىرىڭدا گاھى خەلقىڭگە بولغان سۆيگۈڭنى ئىپادىلىسەڭمۇ، لېكىن تېخى قويىنىدا ھەقىقىي ياشاپ باقمىغان خەلقىڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاز- تولا ئۇنتۇپ قالغان، تەۋەلىك قارىشىڭ، كىملىك تۇيغۇڭ سۇسلاشقان ئىدى. مانا ئەمدى تېپىۋالغاندەك قىلىسەن. - پاڭ!...پاڭ!...پاڭ!....- قاتتىق ئاۋاز ئەرزاتنى چۆچۈتتى . ئەتراپتا پات- پاراقچىلىق باشلاندى. ئەرزاتنىڭ

كىملىك خىياللىرىنى بىردىنلا قورقۇنچ، بىردىنلا تېڭىرقاش، قېچىش ئىستىكى ئىگىلىدى....

8

_ قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلىش كېرەك؟.... قېچىش كېرەك! ئەرزاتنىڭ كاللىسى دەقىقە ئىچىدە شۇنداق ھۆكۈم چىقاردى. كىشىلەر ھەر تەرەپكە قېچىشماقتا ئىدى. تېخى بايىلا ساقچىلار توسقاندا « قاتىللارنى جازالاپ بەرمىسە تارقاپ كەتمەيمىز، قېرىنداشلىرىمىزنى قىرغىن قىلغانلارنى بىزگە جازالاپ بەرسۇن!...» _ دەپ ۋەرقىراشقان ئىدى ئالدىدىكىلەر. بەلكىم شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەركىنمۇ، ئاۋۇ «مەتو» قىز ئايشەمگۈلمۇ باردۇ! ئاشۇ قىز بولىدىغان قىزكەن جۇمۇ. «مەتو» كېيىنىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەدەن دېسەڭ بەدەن، ئەخلاق دېسەڭ ئەخلاق، ئەقىل دېسەڭ ئەقىل بار. لېكىنزە سەل مۇتەئەسسىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش تۇتۇشنى بىلمەيدۇ. ئەرزات ئاشۇ مۇدھىش قورقۇنچلۇق دەقىقىلەردىمۇ ئەزمىسىنى ئېزىپ ئايشەمەۋل توغۇرلۇق خىيالغا كەتتى. ئۇ بىر قېتىم ئەركىنىنىڭ شىركىتىگە كىرگىنىدە ئايشەمگۈل قايناپ دەرت تۆككەن ئىدى _ ھېلىقى ئىدارىغا بارسام دېپلومنى، سەۋىيەمنى سوراپمۇ قويماي _ نېمشقا ياغلىق چېگىسەن، نېمشقا ئۇزۇن كۆڭلەك كېيىسەن _ دېگەندەك ئاخماقلارچە سوئاللارنى سوراپ تۇرىۋالدى يوغان قورساق بىر ئۇيغۇر باشلىق. ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەي ئەمدى. شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن دېسەم ئۇنىڭ يان تەرىپىدىكى يۇزىدە بۇرتىنىڭ ئىزى يوق، قېشى شالاڭ، كۆزىنىڭ ئېقىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىتاي تېخى _ خىتايچىدىن ئالتىنچى دەرىجىنى ئالدىڭمۇ؟- دەپ نەنىڭدۇر تەلەپپۇزىدا خىتايچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ، مەنىستىمىگەندەك سوراۋاتامدۇ. ئاچچىقىمنى ئاران بېسىپ، خىتايچە سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا 10- دەرىجە بىلەن ئۆتكەنمەن. بۇ دېگەن ئادەتتە خىتاي تىلى ئانا تىلى بولغانلار، مەدەنىيەت كەسپلىرى بىلەن شوغۇللىنىدىغان خىتايلار بېرىدىغان ئىمتىھان! خىتاي ئورتاق تىلى تەلەپپۇز ئىمتىھانىدىنمۇ ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن . بۇمۇ ئادەتتىكى تىل كەسپى بولماستىن خىتايچە دىكتورلۇق قىلىدىغانلار بېرىدىغان ئىمتىھان. ھازىرقى زامان خىتاي ئەدەبىي

تىلىنىلا بىلىپ قالماستىن، قەدىمقى خىتاي تىلىدىنمۇ ساۋادىم بار. ئىنگىلىز تىلىدىنمۇ ئالتىنچى دەرىجىدە ئۆتكەن. قوش باكلاۋىرلىق ئۇنۋانىم بار ـ دەۋاتسام خىتاي ـ سورىغانغىلا جاۋاب بەر!ـ دەپ، مېنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ ـ ئىدارىگە خىتايىنىلا ئالىمىز، سەۋىيەڭ يوقۇرى بولغاندىكىن باشقا ئورۇنلارغا بېرىپ سىناپ باققىن!ـ دەپ ئىشخانىدىن قوغلىغاندەك چىقىرىۋەتتى. كېيىن بىلسەم خىتايچىنىمۇ تۇزۇك بىلمەيدىغان، ئوتتۇرا تېخنىكومنى ئاران پۈتتۈرگەن سېرىق چىش، پاكار خىتايىنى ئىشقا ئېلىپ رەسمىيلەشتۈرۈپتۇ. ....... ئەرزات شۇ چاغدا ئايشەمگۈلنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ ـ ئەگەر چىرايلىق مودا كېيىنىپ، باشتا ئۇيغۇرچە ئەمەس، خىتايچە سۆزلەپ، چىشىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بولسا، شۇ خىزمەتنى خىتايغا تارتقۇزۇپ قويماستى بۇ «مەتو» قىز ـ دەپ ئويلىغان ئىدى . مانا ئەمدى ئۇ قىز مۇشۇ ساۋاتسىز « مەتو »لار قاتارىدا. ئويلىمىغان يەردىن ئەرزاتمۇ شۇ « مەتو » لار بىلەن بىرگە قېچىۋاتامدۇ. قارا ئاۋۇ بالا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنى كىشىلەر دەسسىۋەتمىسە بولاتتى. ۋاي ماۋۇ قىز يۈگىرەلمەي قالدى . ئەرزات يېنىدىلا يۈگۈرەپ كېتىۋاتقان ياغلىقلىق قىزنىڭ قەدىمىنىڭ ئاستىلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى. قىز قولىنى يۇلۇپ ئالماقچى بولدىيۇ لېكىن ئارتۇق كۈچەپ كەتمەي بىرگە ئىلگىرلىدى. ئەرزات قىزنىڭ قولىدىن تارتىپ تار كوچىلارنىڭ بىرىگە شوڭغىدى. ئارقىدىن ھېچكىمنىڭ قوغلاپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن توختاپ قىزنىڭ قولىنى قويىۋەتتى. پاھ ، ماۋۇ قىزنى كۆرۈڭ! نېمە دېگەن چىرايلىق پەرىزات بۇ! قاپقارا يوغان كۆز، قاپقارا قاش، قاپقارا چاچ . ئەرزاتنىڭ ئۆزىگە قاراپ قالغانلىقىنى سەزگەن قىز ـ رەھمەت سىزگە. ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!ـ دېگەچ باياتىن قېچىپ كېتىۋاتقاندا سەل ئارقىغا سىيرىلىپ قالغان ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ چاچلىرىنى بىر قۇر يىغىشتۇرىۋالغاندىن كېيىن تار كوچىدا ئىچكىرلەپ كېتىپ قالدى. ئەرزات تۇرغان يېرىدىلا قېتىپ قالغان ئىدى. ئەرزات تېڭىرقاپ قالدى. ئۇلار ئوق چىقارغۇدەك نېمە ئىش قىلدى؟ باشقا دۆلەتنىڭ ئەمەس، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، قانۇن بويىچە قاتىللارنى جازالاپ بېرىڭلار دەپ چىقتى. ئۇرۇپ ـ چاقمىدى. بۇلاپ ـ تالىمىدى . ياكى ھېلىقى سىندا كۆرسىتىلگەندەك ۋەھشىيلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزگە ئوق چىقىرىدۇ؟ بىزنىڭ قولىمىزدا خىتاي بايرىقى

كۆتۈرگەن بىرقانچە ئادەمنىڭ قولىدىكى بايراق خادىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىسا. بىز باشقا نېمىنى تەلەپ قىلمىساق. باشقا شوئار تووۋلىمىغان تۇرساق؟ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟.... ئەرزات بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ يۈرىكىنى توختاتقاچ ئاستا مېڭىپ تار كوچىلارنى بويلاپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كەتمەكچى بولدى.

ـ باسقۇنچى دەيسىلەر، باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى يالغان بولۇپ چىقتى . يەنە نېمە سەۋەب كۆرسىتىسىلەر؟ بىز مىليونلىغان خىتاينى زېمىنىمىزغا پاتقۇزدۇق. ئۇلارنى باشقۇرمىدۇق. ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردۇق. ئەجىبا بىزنى پاتقۇزالامسىلەر؟... باسقۇنچى دەيسەن. ئۇغۇ يالغان بوپتۇ. بىزنىڭ جەنۇپتا بىر خىتاي تېخى ئون ياشقا بارمىغان نارەسىدە قىزلىرىمىزغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ھەتتا بىرىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى. قانۇن سورىسۇن دېدۇق. خىتايلارنى تاككىدە بىرنى چەكمىدۇق. سىلەر ناھەق ھالدا بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنى قىرغىن قىلدىڭلار. بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟.... تېخى بۇلتۇرلا ئىچكىرىگە يالاپ ئېلىپ بېرىلغان نەچچە قىزىمىز نەچچە ئونلىغان خىتاينىڭ نۆۋەت بىلەن باسقۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراپ قېچىپ كەلدى. ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تۇرۇپ قورقۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشقىمۇ پېتىنالمىدى. شۇ چاغدا بىز نېمە قىلغان ئىدۇق؟ قانۇننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغان ئىدۇق. قانۇنغۇ بىرتەرەپ قىلىپ بەرمىدى. شۇنداقتىمۇ بىز بىرمۇ خىتاينىڭ مويىغا تەگمىدۇق. سەنلەر يالغان گەپنى باھانە قىلىپ بىزلەرنى ئۆلتۈرۈشتۈڭ! ـ ئەركىن توردا يېزىلغان مەزكۇر يازمىلارنى ئۆچۈرگەچ بىر ياقتىن ئەرزاتقا ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. راستىنى دېگەندە ئەركىننىڭ بۇنداق ئىنكاسلارنى قەتئىي ئۆچۈرگىسى يوق ئىدى . ئەمما ئامال يوقتە. ھەممە كىشى جان ساقلاشنىڭ، قورساقنىڭ غېمىدە . ئەركىن تاماكىنى ئارقا- ئارقىدىن ئۇلاپ چەكمەكتە. كومپيۇتېر كونۇپكىسىنى ھەر بىر قېتىم باسقىنىدا يۈرىكى يىغلىماقتا . ۋىجدانى تولغانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بەكمۇ كۆپ دەرتلىرى بار ئىدى. ئۇ ھېكايىسىنى ئەرزاتقا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار يېقىن ئەسرارلاردىن بولۇپ قالغان.

ـ ئادەم باشلانغۇچ ۋاقتىدىلا قىزلارغا قىزىقىدىغان بولۇپ قالىدىكەن ئاداش ـ ھەر قېتىم سۆزلەپ بەرگىنىدە شۇنداق پەيلاسوپلارچە ھايات پەلسەپىسىنى بايان قىلغان

تەلەپپۇزدا باشلايتتى ئەركىن. ئەرزات ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇپ ــ سۆزلە پەيلاسوپ ــ دېدى . ئەركىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ــ شۇ چاغلاردا بىزنىڭ سىنىپتىكى ئادىلە دەيدىغان قارا قۇمچاق قىزغا بەكلا ئىچىم كۆيەتتى. ئۇنى بىرىپلا قۇچاقلىۋالغۇم كېلەتتى. ئەمما مۇئەللىمنىڭ تەنقىتلىشىدىن، باللارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپ ئۇنداق قىلالمايتتىم. دائىملا ئۇنىڭ يىلىم چېچىپ ئۇششاق ئۆرىۋالغان چاچلىرىدىن تارتىپ يىغلىتىپ قوياتتىم. ئۇنىڭ دەپتەرلىرىنى، بوغچىلىرىنى ئېلىپ قاچاتتىم. مېنى قوغلىسا ئىچىمدە هاياجان قايناپ، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك بالا هېساپلاپ كېتەتتىم. بىز بىر گۇرۇپپىدا تازلىق قىلاتتۇق. ئۇ يەر سۈپۈرسە مەن پارتا- ئورۇندۇقلارنى يۆتكەپ بېرەتتىم . ئەلۋەتتە باشقا باللارمۇ بىز بىلەن بىرگە تازلىق قىلاتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋش پۇرسىتىنى هېچكىمگە بېرىشنى خالىمايتتىم. مەكتەپكە قەۋەتلىك قىلىپ يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى سالماقچى بولدى. ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتايلار شۇ قۇرۇلۇشتا ئىشلەيتتى . مەكتەپ بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ دائىرە بەلگىلەپ ، بىزنىڭ قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان دائىرىگە ئۆتۈشىمىزنى چەكلىگەن ئىدى. ئەمما ئەخلەت تۆكۈدىغان ئورۇن شۇ جايغا يېقىن ئىدى. مەن كېسەل بولۇپ قېلىپ مەكتەپكە بىرقانچە كۈن بارالمىدىم . بىزگە تازىلىق قىلىش نۆۋىتى كەلگەن ئىدى. هەرقېتىم تازىلىق قىلىپ بولغاندا ئادىلە ئىككىمىز ئۆيلىرىمىزگە بىرگە قايتاتتۇق. ئۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قايتىش پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويدۇم . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق پۇرسەت بولمىدى... ئەركىن سۆزىنى توختۇتۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى - دە، ئەرزاتقا قاراپ زورىغا كۈلۈمسىرىمەكچى بولدى. ئەرزات قىزىقىپ ــ نېمە بولغان ئىدى ؟ تولا نازلانماي دېمەمسەن! ــ دەپ ئەركىننى قىستىدى. ئۇ يەنە بىردەم تۇرىۋېلىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنغاندىن كېيىن تىترەك ئاۋازدا داۋام قىلدى ــ شۇ كۈنى ئۇ ئۆيىگە قايتماپتۇ . ئۆيىدىكىلەر مەكتەپكە، ساقچىغا مەلۇم قىلىپتۇ. مەكتەپتىكىلەر ئەتىسى ئۇنىڭ يالىڭاچ جەسىتىنى ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېپىپتۇ ــ -ئەركىن ئالقىنى بىلەن پىشانىسىنى سۈرتۈپ قويۇپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ ــ ساقچىلارنىڭ دېيىشىچە قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئۆلگەنىكەن . كېيىن مەلۇم بولۇشىچە قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەۋاتقان ئالتە خىتاي ئۇنىڭغا كېچىچە باسقۇنچىلىق قىلىپتۇ. ئارىسىدىكى 16 ياشلىق بىرى

ئۇنىمىغانىكەن، ئۇنى ئۇرۇپ مەجبۇرىي باسقۇنچىلىق قىلدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قالغان بەشى قېچىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى 16 ياشلىق خىتاي ئۆزىنى مەلۇم قىلىپتۇ. لېكىن سوت ئۇنىڭغا ئاران ئىككى يىللىق قاماق جاسىسى بېرىپلا باشقا جازا قوللانمىدى ـ دېدى ئەركىن سۆزىنى توختۇتۇپ. ئەرزات ئەركىنگە قانداق تەسەللىي بېرىشنى ئۇقالماي تېڭىرقاپ قالغان ئىدى. مانا ئۇ ھازىرمۇ يەنە تېڭىرقىماقتا ! نېمە قىلىشنى بىلمەي تار كوچىدا سېلىقى قىز كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلىمەكتەا....

9

ئەرزات تار، ئەگرى كوچىلاردىن ئۆتۈپ، چوڭ كوچىغا چىقتى. يولدا چېقىلىۋاتقان خىتاي دۇكانلىرىنى، ئۆرۈلگەن ماشىنىلارنى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئاپتوبۇسلارنى، كىچىك ماشىنىلارنى، ئوت قويۇلغان ئۆيلەرنى كۆردى. غەزەپكە كەلگەن ياش باللارنى، « ئاللاھۇ ئەكبەر » دەپ توۋلىشىۋاتقان بەزى دىنىي تۈستە كىينگەن كىشلەرنى، يىغلاۋاتقانلارنى، كۈلىۋاتقانلارنى، قورقىۋاتقانلارنى، غەزەپكە تولغانلارنى، ئەندىكىۋاتقانلارنى، قېچىۋاتقانلارنى... كۆردى. ئۇ نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بېجاۋاب ئىدى. راستىنى دېگەندە ئۇ خاتىرجەملىككە ئىنتىلەتتى. مەيلى نېمىلا بولسۇن خاتىرجەم ياشىسا، بىر خىزمەت ئورنى بولسا مۇئاشلىق بولۇپ تۇرمۇشىنى قامدىۋالسا، چىرايلىق خوتۇن ئالسا، باللىق بولسا، زاماننىڭ ئارقىدا قالماي ياشىسلا بولاتتى. ئاتىسىنىڭ مىللەت ئىدىيىسى ئۇنىڭغا قىلچە سىڭمىگەن ئىدى. سىڭگەن بولسىمۇ، « زاماننىڭ تەقەززاسى » ئۇنىڭ ئىدىيىلىرىدە ئۆزگۈرۈش ياسىغان ئىدى. ئۇ قورقىۋاتاتتى. ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ساقچىلار قۇرۇق قول پۇخرالارغا ئوق چىقارغان ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ « سىگنال » ئىدى . ئۇ ئەمدى ئۆيىگە قايتىشى كېرەك! ھاياتىنى، كەلگۈسىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك...ئۇ يەنە پاكار ئۆيلۈك مەھەللىلەرگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ مەھەللە كۆچمەن ئۇيغۇر يايمىكەشلىرىنىڭ مەھەلىسى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ چۈشىنەلمەيدىغىنى « كۆچمەن » ئاتالغان بۇ ئۇيغۇرلار ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن

تارتىپلا مۇشۇ مەھەللىدە تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ كۆچمەنلەرنىڭ باللىرى بىلەن بەزىدە توپ ئويناتتى. ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر بۇ مەھەللىدىكىلەر بىلەن توپ مۇسابىقىلىرى قىلاتتى. مانا ئۇ بۇ كوچىغا يەنە قەدەم باستى. بۇ كوچا ئۇلار كىچىكىدە توپ مەيدانى قىلغان كوچىلارنىڭ بىرى ئىدى ئەمەسمۇ. بۇ كوچا تامامەن ئۆزگۈرۈپ كەتكەن ئىدى. ئالدى بىلەن خىتايلار كۆچۈپ كېلىپ ئۇلارنى « توپ مەيدانى » دىن سىقىپ چىقارغان. كېيىن چوشقا گۆشى ساتىدىغانلارنىڭ قۇشخانىسى بولغان ئىدى. مانا بۈگۈن بۇ جاي ھەقىقىي ئىسمى -جىسمىغا لايىق « چوشقا قۇشخانىسى » بولۇپتۇ.

ئەرزات يەردە لالىيىپ يېتىپ قالغان خىتاي جەسەتلىرىنى، يۈز-كۆزى قان ھالدا ئۆمىلەۋاتقان خىتايلارنى كۆردى. ۋوي، بۇ ھېلىقى باي خىتاي ئەمەسمۇ؟ بۇ مەھەللىگە ئەرزات كىچىك ۋاقىتلىرىدا بەزىدە ئويناپ كېلىپ قالاتتى. شۇ چاغلاردا ئەخلەت تېرىپ ساتىدىغان، كىمنى كۆرسە ھىجىيىدىغان بۇ خىتاي ئۇنىڭغا دەسلەۋىدە شۇنداق ئىللىق تەسىر بەرگەن ئىدى. ھېلىمۇ يادىدا، باشلانغۇچنى پۈتتۈرىدىغان يىلىغۇ دەيمەن، مۇشۇ مەلىدىكى يايمىكەشلەرنىڭ باللىرى بىلەن پۇتبول ئويناپمىز دەپ كەلگەندە ئاشۇ خىتاي ھويلىسىغا چۈشۈپ كەتكەن توپنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىماي تۇرىۋالغاندا ئەرزات كىرىپ _ تاغا، توپىمىزنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز_ دەپ كۈلۈمسىرەپ سورىغىنىدا قاپقارا قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قولىقىنى چىڭ تۇتىۋېلىپ ۋۇت ئوغرىنىڭ بالىسى، بۇ توپنى نەدىن بۇلاپ كەلدىڭ؟ يەنە ھويلامغا كېلىدىغان بولساڭ تۆۋرۈككە باغلاپ قويىمەن!_ دەپ ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ قورقۇتۇپ چىقىرىۋەتكەن ئىدى. بۇ مەھەللىدە ئۇيغۇرچە بىلىدىغان خىتايلاردىنمۇ شۇ بىرلا خىتاي بار ئىدى. ئۇ بۇ مەھەللىگە كەلگەن تۇنجى خىتاي ھېسابلىناتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەرزات قەلبىدىكى ئوبرازى ئۆلگەن ئىدى. كېيىن چوڭ بولۇپ ئوغرى بولۇپ كەتكەن باللىق چاغلىرىدىكى دوستى داۋۇت ئۇ خىتاينىڭ چوڭ بايلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى، يالغاندىن مۇسۇلمان بولدۇم دەپ بىر يايمىكەشنىڭ قىزىنى ئالغانلىقىنى، ئۇ يايمىكەشكە ئۆي ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، مۇشۇ مەھەللىدىكى ئۆيلەرنى سېتىۋېلىپ ئىچكىرىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ چوشقا ئۆلتۈرىدىغان قۇشخانا سالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. مانا، بۇ خىتاينى كۆرمىگىلىمۇ شۇنچە يىللار بولۇپ كېتىپتۇ. ئەرزات بىردىنلا باللىق چېغىدىكى ئۆچىنى ئېلىش ھېسسىياتىدا بولدى . ئەمما ئۇ خىتاينىڭ يۈزىدىن ئېقىۋاتقان

قاننى، ئىلگىرىكى ھەممە كىشىگە ھېجاراپ ماگىدىغان ھالىتىنى، كېيىنكى يىللاردا باي بولۇپ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماس بولغانلىقىنى، ئۇيغۇر قىزنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى ئويلاپ بۇ ھېسسىياتى بىردە پەسىيىپ- بىردە كۈچىيەتتى. توۋا، نېمە خىياللاردا بولىۋاتىمەن؟ بىكار پوق- بالاغا مەن قالماي يەنە. ئاستا كېتىۋالاي جۇمۇ _ دەپ ئويلىدى _دە يولىنى داۋام ئەتتۇردى. بىردە يۈگۈرۈپ، بىردە ئاستا مېڭىپ ئاخىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئولتۇراق رايونغا يېتىپ كەلدى. مانا، مۇشۇ ئولتۇراق رايوننى « ھەقىقىي ئۇيغۇر» مەھەللىسى دېسە بولىدۇ جۇمۇ » دەپ ئويلايتتى ئۇ . بۇ مەھەللىدىكىلەر ئاساسەن باي سودىگەرلەر، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە زىيالىيلار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى بۇ مەھەللىدىكىلەر « مەتو »لاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەنە شۇلار «ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇيغۇرلار» سانىلاتتى. ئەنە شۇلارلا مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالايتتى. مانا ئۇ قورو دەرۋازىسىغا كەلدى. دەرۋازىۋەن ئۇنى تونۇپ تاقاپ قويۇلغان پولات ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئەمدى «ھەقىقىي ئۇيغۇرلار» تۇرۇشلۇق بۇ مەھەللىگە قايتىپ كەلدى...

كېچە، سىرتتا ۋارقىراشلار، قىيا- چىيالار بولدى. كىملەردۇر ئۇرۇپ- چاقتى. كىملەردۇر كىملەرنى ئۆلتۈردى. تاپانچىنىڭ ، پىلىموتنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ماشىنىلارنىڭ، بەلكىم تانكا- بىرونېۋىكلارنىڭ ئاۋازلىرى كېچىنىڭ ئاسمىنىغا تارقالدى. ئارقىدىن ماشىنىلارنىڭ تېنىم تاپماس ئاۋازلىرى، سۇ چېچىلغان، سۈپۈرۈلگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. دەسلەپكى « ئۇيغۇر، ئۇيغۇر، ئۇيغۇر...» _ دەپ توۋلاشلار ئاللىقاچان مىلتىق- پىلىموتنىڭ، زەھەرلىك بومبىلارنىڭ پارتىلىشىنىڭ ئاۋازىغا، يىغا- زارە سادالىرىغا ئورۇن بەرگەنىدى. ئەرزات ئۆيىگە قايتىپ كىرگەندە يىغلاپ ئولتۇرغان ئايىسى ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ قارشى ئالدى . دادىسى ئۇنىڭ ئۇستى- بېشىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى . ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىغاچ بېشىدا ئىششىق- ھۆررەكلەرنىڭ بار- يوقلىقىنى چاندۇرماي تەكشۈردى. ئۇلار ئەرزاتنىڭ « قىزىق قان » لىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلار بىلەن ئاسانلا ئۇرۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئەرزاتنىڭ بەستىگە باقماي قورقۇنچاقلىقىنىمۇ بىلەتتى . ئەمما ئۇنىڭ يۈزىگە سالمايتتى. مانا، بالىسىنىڭ ئەقلى باركەن. قالايمىقانچىلىققا ئارىلاشماي قايتىپ كىرىپتۇ.

سىرتتا ۋاراڭ- چۇرۇڭ، پاڭ- پۇڭلار داۋاملاشماقتا. ھاۋاغا پۇرخىنىڭ ، قانىنىڭ ھىدى تارىماقتا. سادىردەك ئېگىز بەستلىك ئەرزات ھوجرىسىدا كارۋاتتا يېتىپ تۈمەنمىڭ خىياللارغا پاتماقتا. ئۇنىڭ يۈرىكى تىترىمەكتە. پۈتۈن جىسمى تىترىمەكتە. قورقۇنچ، ۋەياكى ئاللىقانداق تۇيغۇلار ئۇنى بىئارام قىلماقتا...

## 10

ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى خۇددى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ھېس قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ جىسمىغا بولغان كونتروللۇقى بارا- بارا ئاجىزلاشماقتا ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ جىسمى ۋە بەش خىل ھېسسى بەرگەن ئۇچۇرلار ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا رېئاللىققا سۆرەپ كىرسە كېرەك. ئەرزات ئالغا قاراپ ماڭماقتا. ئەسكەرلەر قىزلارنى باشقا يۆنۈلۈشكە ئېلىپ كېتىشتى . بەلكى ئايالار قاملىدىغان بۆلۈم ئايرىم بولسا كېرەك. ئەرزاتنىڭ پۇتلىرى ئېغىرلاشماقتا. قەدەم ئالغىنىدا چىڭىپ قىرلىرى كۆرۈنىدىغان بولجۇن گۆش- مۇسكۇللىرى بۆگۈن سەل سۇلۇشۇپ قالغاندەك بىلىنمەكتە. بۇلار ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر. ئۇ بۇ چۈشتىن ئويغۇنۇپ كېتىشكە تىرىشماقتا . بىچارە ، كۆزىنى بىرقانچە قېتىم مەھكەم يۇمۇپ ئېچىپ باقتى. لېكىن ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغىنالمىدى. ئۇلارقوشقاناتلىق ئىشكتىن چوڭ بىر زالغىلا كىرىشتى. سوغاق تۇيغۇ بىلەن نەم خۇش پۇراقلار ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. قاتار بىر رەت بولۇپ مېڭىشقان بۇ « مەھبۇس » لارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئەرزات تۇرغۇزۇلغان ئىدى. زالنىڭ ئىككى يېقىدا قاتار- قاتار ئۆيلەر بولۇپ، ئىشكلىرىگە « سوراقخانا » دەپ يېزىلغاچقىمۇ كىشىگە سۈرلۈك تۇيغۇ بېرەتتى. زالنىڭ ئۇدۇل تەرىپى تورۇسقىچە تۆمۈر رېشاتكا بىلەن ئايرىلغان، رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىشخانىدا ئىككى ساقچى ئولتۇراتتى. ئۇلارنى يالاپ ئېلىپ كىرگەن ئەسكەر خىتايدىن بىرى ئۇلارنىڭ مېڭىشىغا بويرۇق بەردى. يەنە بىرى بولسا سۆزلەشكۈچ بىلەن قانچە ئادەم كەلگەنلىكى، ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكى دېگەندەك ئۇچۇرلارنى مەلۇم قىلدى. ئەرزات رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىشخانىدا بىرسىنىڭمۇ سۆزلەشكۈچتە

سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ خىيالىدا بولسا بۇ چۈشتىن تېزرەك ئويغىنىپ كېتىش دەۋر سۈرەتتى.

ئۇ لار مېڭىشقا باشلىۋىدى بىر ساقچى كېلىپ تۆمۈر رىشاتكىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئەرزات ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىردى. مانا ئۇ ئەمدى ھەقىقىي تۈرمىگە كىرگەن ئىدى. ساقچى ئۇلارنى دېرىزە ئالدىدا توختاتتى. دېرىزە ئىچىدىكى خىتاي ساقچى ئۇنىڭغا بىر ھۆججەتكە ئىمزا قويۇشنى بۇيرىدى. ئۇ ئىككىلەندى. ئەمما ئۇنىڭ يادىغا بايىقى « ۋارتا » باللىنىڭ پاجىئەسى كېلىپ دەر ھال ماسلىششنى تاللىۋالدى. ماسلاشمىغانىنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭغا ئايان بولغان ئىدى. ئىشىكنى ئاچقان ساقچى ئۇنى سول تەرەپتىكى يەنە بىر ئىشىكتىن ئېلىپ كىردى. ئۇ جاي قارىماققا داۋالاش ئۆيىدەك قىلاتتى. ئەرزاتنىڭ خىيالىغا بىردىنلا « ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەھشىيلىكى » تەسۋىرلەنگەن 731- قىسىم فىلىمى كېلىپ نېرىپلىرى تىترەپ كەتتى. خالات كەيگەن بىر ئۇيغۇر ئۇنى كىيىملىرىنى سېلىشقا بۇيرىدى. ئۇ بەجا كەلتۈردى. ئۇ مايكىسىنى سالغىنىدا يالاپ كىرگەن ساقچى ئۇنىڭ كۆكرەك مۇسكۇللىرى ۋە پارچە- پارچە تۇرغان قورساق مۇسكۇللىرىنى كۆرۈپ سەل چۆچىگەندەك بولدى. ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكى، ئېغىرلىقى قاتارلىقلار ئۆلچەندى. سالامەتلىك ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ئاخىرىدا دوختۇر ئۇنى بىر ۋاراق قەغەزگە ئىمزا قويدۇردى. بۇلارنى قىلىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق تاللاش ھوقۇقى يوق، پەقەت بويسۇنمىسا بولمايدىغان ھالدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، بۇلارنىڭ چۈش بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇ خىيالغا چىنپۇتۇپ ئويغىنىشقا قاتتىق تىرىشقان ئىدى. ئۇ كىيىنىپ بولۇشىغا يالاپ كىرگەن ساقچى ئۇنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ كىشەن سېلىپ يەنە بىر يۆنىلىشكە يالاپ ئېلىپ ماڭدى . زالنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ كۆزىتىش ئۆيى بار ئىدى. ئوخشىمايدىغىنى زالنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆزىتىش ئۆيىنىڭ سىرتىدا ۋە بۇ تەرىپىدە قوراللىق ئىككى ئەسكەر تۇراتتى. ساقچى ئۇنى قورالىق ئەسكەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى . ئەسكەر قورالنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ئالدىسا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. بايامقى ئۇيغۇر ساقچى ئۇنىڭغا سىرىق سىزىققا كەلگەندە توختايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغان ئىدى. ئۇ زالنىڭ

ئوتتۇرسىدىكى سېرىق سىزىققا كېلىپ توختىدى. ئەمما ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا بايىقى كويىدا . ئۇنىڭچە بولغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان چۈش. بۇنداق ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا سادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

توۋا، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە؟ تۆنۈگۈن يۈزبەرگەن ئىشلار ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئۇزاق زاماندا، يىراق تارىخلاردا يۈزبەرگەندەك ئۆتمۈشلەردەك بىلىنمەكتە. ھازىر سادىر بولىۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭغا چىن ئەمەستەك، چۈشتەك بىلىنمەكتە. ئۇ ئۇيقۇدىن تېزراق ئويغۇنۇشقا تىرىشىپ كۆزىنى يەنە بىر قېتىم چىڭ يۇمدى. ـ بۇشۇدۇڭ! ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي كۆزىنى ئېچىپ ئارقىغا بۇرۇلىۋىسى ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق بىرنەرسە تەگدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەر خىتاي مىلتىقىنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا كۈچەپ ئۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. قولى ئارقىسىغا كىشەنلەكلىك بولغاچقا ئۆزىنى باشقۇرالماي يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ بېشى قاتتىق يەرگە ئۇرۇلۇپ كەتكەنلىكتىن ھوشۇدىن كەتتى. ئۇ قانچىلىك ھۇشسىز ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنىڭ ئاپئاق سىرلانغا بىر ئۆيدە ياتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئاستا سەپ سېلىپ ئەتراپقا قارىدى . ئۇ بۇ ئۆيىنىڭ تۈرمە كامىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئون كۋادرات مېتىر كەلمەيدىغان كىچىككىنە بىر كاتەكتە ئاز دېگەندە ئون نەچچە مەھبۇس بار ئىدى . ئۇنىڭ بەزىسى بېتۇن سۇپىدا يېتىشقان، بەزىسى بىر يەرگە كېلىشىپ سۆزلىشىپ ئولتۇرغان، بەزىسى تورۇسقا تاقاپ جايلاشقان دېرىزىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ خىياللارغا پېتىشقان، بەزىسى داق يەردىلا تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشقان، بەزىسى يەنە بىرىنىڭ ئېيتقان ھېكايىسىنى ئاڭلىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. ئەرزات ئۆزىنىڭ ئاۋۇ بېتۇن سۇپىدا ئەمەس، بەلكى يەردە، تامنىڭ تۈۋىدە ياتقانلىقىنى بايقىدى. سۇنىڭ كورۇلدىغان ئاۋازى ئۇنىڭ يېنىدىنلا ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋايلاپ ئولتۇرۇپ قارىۋىدى كامىرنىڭ بىر بۇلۇڭى خۇددى سەھرالاردىكى ئوچاق بېشىغا ئوخشاش بەلگىچە ئىگىزلىكتە توغۇرتام بىلەن توسۇلغان بولۇپ مەھبۇسلار تەرەت قىلىدىغان خالاجاي ئىدى. خالادا بىرى ئۆرە تۇراتتى.

ـ ھېي، ماۋۇ ئويغۇنۇپتۇ ـ دېدى بىرى ئۇنى كۆرسىتىپ. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇچىسىغا تۈرمىدىن بېرىلگەن قولتۇقلىرى ئۇچۇق جىلىتكە

كېيىۋالغان كېلىشكەن بىر يىگىت ياشقا خېلى چوڭ بىر ئادەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئەرزات بېشى قاتتىق زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كېيىملىرىنى تۈزەشتۈرىۋېلىپ ئۇلارغا سالام قىلدى. ئەلۋەتتە ئۇ بۇ جاينىڭ تۈرمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ھەم ئۆزىنىڭ مەھبۇس ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. لېكىن ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگەتكەن « ھەرقانداق جايدا مويسىپىتلارنى كۆرگىنىڭدە پەيغەمبەرنىڭ سالىمىنى بەجا كەلتۈرگىن » - دېگەن تەلىملىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەيلى ئۇ خالىسىدۇر، خالىمىسىدۇر سىڭىپ كەتكەن ئىدى....

## 11

ئەرزات گويا ئۆزىنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى سەزمىگەندەك، ياكى بايىقى تاياق دەستىدىن ئېسىنى تېخىچە تاپالمىغاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئىككى كۈندىن بۇيان نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. تېخى بايىلا ھېلىقى ۋارتاچى بالىنىڭ پاجىئەسى، ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ كىچىككىنە سەۋەنلىك تۈپەيلى ئېتىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. توۋا، بۇلار يامان چۈش بولۇپ قالسا- ھە! - ئۇ شۇلارنى پىنھان ئويلاشقا ئۈلگۈردى. مەھبۇسلارنىڭ جىلتىكىسىنى كەيگەن ياش ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ھېلىقى مويسىپىتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ - قارا كاساپەتنى، بېشىڭنىڭ تېرىسى ئېچىلىپ قالماپتۇ ھېلىمۇ، تەلىيىڭ باركەن - دېدى، ئەرزاتنىڭ قان يۇقى چاچلىرىنى ئۇيان- بۇيان ئۆرۈپ .

- تالادا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ كىچىچە نۇرغۇن ئادەمنى ئېلىپ كىردى. نەلەرگە سولىدىكىن ئۇلارنى- دەپ، ئەرزاتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى مويسىپىت كىشى.

- نامايىش بولدى- ئەرزات سۆزىنى ئەمدى باشلىشىغا - لىجىك! - دېگەن ئاۋاز بىلەن ھەممە مەھبۇس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى رەت بولۇپ تىزىلىشقا باشلىدى. ئەرزاتمۇ ھېلىقى ياش بىلىكىدىن تارتىشى بىلەن، نېمە بولغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمايلا سەپكە قېتىلىپ تىزىلىپ تۇردى.

-با دۇڭ ياۋ، ئەيىبرزاتى چۇلې پەنشېن! - دېگەن زەھەرلىك ئاۋاز بىلەن ئىشىك ئېچىلىپ قوراللىق ئىككى خىتاي ئەسكەر كىرىپ ئەرزاتنىڭ قول-پۇتىغا كىشەن سېلىپ

يالاپ ماڭدى. ئۇ نېمە بولىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقايتتى . ھەممە ئىش تولىمۇ تۇيۇقسىز، تولىمۇ تېز بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭغا شۇنداق غۇۋا تۇيۇلماقتا . ئۇنىڭ كاللىسى بايىقى تاياق زەربىدىنمۇ، ياكى سادىر بولىۋاتقان بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشلار دەستىدىنمۇ غۇڭۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىچە - كاللامنىڭ مۇشۇنداق غاراڭ بولۇپ قالغىنىمۇ ئوبدان بولدى - دېگەنلەرنى قاچانلاردا ئويلاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەك مۇسكۇللىرى ئاۋۇ خىتاي ئەسكەرلەرنىڭ بىلەكلىرىدىن ئىككى ياكى ئۈچ ھەسسە توملۇقتا چىقاتتى. مۇشۇلار ھەربىي مەشىق كۆرگەن، چېنىققان مۇسكۇللار ھە؟ مېنىڭ مۇسكۇللىرىمدىنمۇ كىچىك تۇرىدۇ، تېگى پەس قەۋمدە بۇ؟! دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى خوش قىلغاندەكمۇ بولدى . ئۇيغۇرنىڭ پسخىكىسى- ھە، ئۆزەڭ بوزەك بولىۋېتىپمۇ، سەندەك تېگى پەسلەر مېنىڭ ئالدىمدا نېمە ئىدىڭ!-دېگەندەك خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئۆزى مەست قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ ياشاۋېرىدۇ. داڭلىق خىتاي يازغۇچىسى لۇشۇننىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان « ئا چ » دېگەن ئوبراز خىتاي مىللىتىنىڭ پسخىكىسىنى سۈرەتلەش ئۈچۈن يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ پسخىكىسىنى سۈرەتلەشكىمۇ لايىق بولىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. سادىرنىڭ بەستىدەك بەستى بار ئەرزات ئاۋۇ خىتاي ئەسكەرلەردىن قورقۇپ پۇتلىرى تىترەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، شۇنداق خىياللارنى قىلىشقا ئۈلگۈرگىنىنى قارا...

سوراقخانىنىڭ قانچىلىك سۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى ئەرزات تېخى تولۇق ھېس قىلىپ بولالمايۋاتقان ئىدى. خىتاي ئەسكەر ئۇنى سوراقخانىسكى قەپەزگە ئېلىپ كىرىپ، ئالدىدا تاختاي بار يوغان ياغاچ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، قوللىرىكى كىشەننى بوشاتمايلا، تاختا ئۈستىدىكى تۆمۈر ھالقىدىن قولىنى ئۆتكۈزۈپ سولىغىنىدا، بىلىكىنىڭ تېرىسى كىشەن بىلەن ھالقا ئارىسىغا قىسىلغىنىدا، تۆمۈر ھالقا گۆشىنى يىمىرىپ تاكى سۆڭەككىچە پاتقاندىلاندا ئاندىن ئازراق ھېس قىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھەممە نەرسە غۇۋا، چۈشتەك كۆرۈنمەكتە. دىمىقىغا يەردىكى قان ھىدى پۇرىمىغاندەك، كۆزلىرى قان دېغىنى كۆرمىگەندەك... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۇيۇن - دەپ، ئۆزىنى بەزلەشكە تىرىشتى . ئاۋۇ ئەسكەر خىتايلار بىر ئازدىن كېيىن كۈلۈشۈپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى چاخچاقلىقىنى ئېيتىدىغاندەك، ھەممىسى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدىغاندەك، بايىقى ۋاراتاچى بالا يۈگۈرەپ كىرىپ،

ئۇنى مەسخىرە قىلىپ قۇرسىقىنى تۇتۇپ كۈلۈپ يەردە دومىلايدىغاندەك، دوستى ئەركىن كېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۈرىسىگە مىنىۋېلىپ بېشىغا ئۇرۇپ چاخچاق قىلىدىغاندەك، ئىشقىلىپ بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلار ساختىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئەمما رەھىمسىز سوراق ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى تېزلا ئىسپاتلاپ بەردى. خىتاي ئەسكەر ئۇنىڭ كاچىتىغا تەستەك بىلەن ئىككىنى سالغاندىن كېيىن ئۇ يەنە رېئاللىققا قايتىپ كەلدى.

_ سەندىن سوراۋاتىمەن، تۆنۈگۈن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟ كىملەر سېنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى؟ _ ئۇيغۇر ساقچى قەپەز سىرتىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۇ چېتىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن زەھەر خەندىلىك بىلەن سوراۋاتاتتى. بۇ سوئالنىڭ قانچە قېتىم تەكرارلانغىنىنى ئەرزات ئەمدى ساناپ بولالمايتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە خىتاي ئەسكەرنىڭ قاداق بېسىپ كەتكەن شاپىلىقى ئارقا- ئارقىدىن ئۇرۇلماقتا، ئۇ نېمىنىڭ خورلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن يىغا تۇتماقتا ئىدى....

_ ھېچ نېمە قىلمىدىم، تالادا نامايىش بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كېلىپ ئۇخلۇدۇم _ دېدىمغۇ!. ئەرزات شۇ سۆزلەرنى يەنە قايتا تەكرارلاپ بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي، بەستىگە ماسلاشمىغان ھالدا يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغا ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق خورلۇقنى كۆرمىگەن، ئەزەلدىن بىركىمدىن بۇنداق ئادالەتسىزلىك ھېس قىلمىغان، ئەزەلدىن ئۆزىنى بۇنچە بىچارە ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدى. سوراق داۋام قىلماقتا. ئەمما ئۇ نېمىلەرنى دېيىش كېرەكلىكىنى بىلمەي تېڭىرقىماقتا. ئۇ نېمىنىمۇ دېسۇن! نامايىش بولغاندا خەقنىڭ ئارقىغا مۆكۈنۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنىمۇ؟ ھېلىقى قىزنىڭ قولىنى تارتىپ قاچقانلىقىنىمۇ؟ ئۇ قىزنىڭ چاچلىرىنى كۆرۈپ ھەۋەس قىلغانلىقىنىمۇ؟ كېچىچە ئاڭلانغان غەۋغا ۋە قورال ئاۋازىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، ياستۇق بىلەن قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ياتقانلىقىنىمۇ؟.... ئۇ ھەممىنى دېدى. ئەمما نامايىشقا قاتناشقانلىقىدىن تېنىۋېلىشنى ئۇنۇتمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تاياقنى بولۇشىغا يېدى. ئۇنىڭ بۇرنى قانىدى. يۈزلىرى يېرىلدى. بىلەكلىرى ۋە پۇتلىرى تۆمۈر كىشەن دەستىدە ئىششىپ كەتتى، يېرىلدى، قانىدى. ئۇ ماغدۇرسىزلاندى، ھوشىنى يوقاتتى، نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماس بولدى ....

سوراقنىڭ قاچانلاردا ئاياقلاشقانلىقى ئەرزاتقا نامەلۇم، ئۇنىڭ قاچانلاردا ھوشىدىن كەتكەنلىكى، ياكى ئۇخلاپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا نامەلۇم، ئۇ ئىسسىق سۇنىڭ يۈزىگە توختىماي تۆكۈلۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھوشىغا كەلدى، كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۇ يەردە ياتاتتى، پۇت قولى ماغدۇرسىز، ئورنىدىن تۇرۇشقا ھەتتا مىدىرلاشقىمۇ ماغدۇرى يوق ئىدى. ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچتى. بېشىدا ئۆرە تۇرغان خىتاي ئەسكەرلەرنى، ئۇلارنىڭ ئىزالىق جايلىرىنى، ئۆزىگە توغۇرلانغان ئىزالىق جايلىرىدىن ئېقىۋاتقان «ئىسسىق سۇنى» كۆردى. ئەرزات غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ ئەمما قىمىرلىيالمىدى. بار كۈچىنى يىغىپ كۆزىگە غەزەپ نۇرىنى يىغىپ ئۇلارغا قارىماقچى بولدى . «سۇ » كۆزىگە چاچراپ كۆزىنى يەنە ئاچالمىدى.... ئەرزات كۆزى ئەتراپىدىكى تامچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز يېشى ياكى ھېلىقى « سۇ » ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان ھالدا يەنە بىر قېتىم ھوشىنى يوقاتتى... ئاھ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەمدى ئۆلۈممۇ يىراق ئەمەستەك بىلىنمەكتە. قانچىلىك داۋاملاشقانلىقى ئېسىدە قالمىغان سوراقتا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنىمۇ ئەسكە ئالالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئۇنۇتقاندەك، ئالەمنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلالمايۋاتقاندەك، سادىر بولغان ئىشلارنى خاتىرىسىگە ئېلىشنى خالىمىغاندەك.... ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭغا رېئال ئەمەستەك بىلىنمەكتە. سوراق جەريانىدا ئۇ قانچىلىك خورلۇقلارغا ئۇچرىدى، قانچىلىك تاياقلارنى يېدى، بۇلار ئۇنىڭغا ئەمدى مۇھىم ئەمەستەك، ھەممە نەرسە مەۋھۇم بىلىنمەكتە...

12

زامانىنىڭ چىرىك بولغانلىقى كىشلەرگە نۇرغۇن بالايى- ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىرىكلىكىدىن پايدىلىنالىغانلار ئۈچۈن بالايى- ئاپەتلەردىن مال- دۇنيا ۋە مۇناسىۋەت ئارقىلىق ۋاقتلىق قۇتۇلغىلىمۇ بولىدىكەن. ئەرزات ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى زامانىنىڭ زۇلمىتى بىلەن زۇلۇملۇق كەچمىشلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىدى .مانا ئەرزات ئەمدى ئۆيىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋەت تورى ۋە مەلۇم مىقداردىكى ئىقتىسادى قۇربانلىقى بەدىلىگە زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ چىقتى. ھېچ بولمىغاندا زۇلمەتتىن ئۇنىڭ جىسمى قۇتۇلۇپ چىقتى. مەڭگۈ قۇتۇلۇپ

چىقالمايدىغىنى بولسا ئۇنىڭ مېڭىسىگە ۋە يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن ئازاپلىق كۆرۈنۈشلەر ئىدى.

ئەرزات كامىردا خىتاي ئەسكەرلەرنىڭ سۆيدۈكى سىڭىپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلاپ، بېشىنى پەس قىلغان ھالەتتە روھسىز مۈردىدەك تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ساقچى كېلىپ ئۇنى چاقىردى ۋە بىر ۋاراق قەغەزگە ئىمزا قويدۇرۇپ بولۇپ، ئۇنى چوڭ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ئېلىپ ماڭدى. ئەرزات نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلالمىغۇدەك ھالەتتە خامۇشلۇققا گىرىپتار بولغان ئىدى. دېمىسىمۇ كىم بۇنداق خورلۇققا چىدىيالىسۇن. قارىماسەن، تېخى نەچچە كۈن بۇرۇنلا « مەن ئەڭ نوچى، مەن ئەڭ مودا» دەپ چېچىنى مايلاپ يۈرۈيدىغان، كىيىمنىڭ ماركىسىنى تاللاپ ئېلىپ كېيىدىغان، ھېلىقى نايناق خەنزۇۋان مۇھەببىتى بىلەن كوچىلاردا قولتۇقلىشىپ غەمسىز يۈرۈيدىغان « ئاقسا » بالا يۈزىيلدەك بىلىنگەن بۇ بىر نەچچە كۈنلۈك كەچمىشلەرگە مەجبۇرىي مۈپتىلا بولدى. تېنىق كۆلدەك تۇرمۇشى بىردىنلا بوران-چاپقۇنلار دەستىدىن دولقۇنلىدى. قىرغاقلىرىنى قىيان ئالدى. توۋا، نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى- ھە؟ ئەرزات تۈرمىنىڭ چوڭ قارا دەرۋازىسىدىن چىقىپ ماشىنىدا ئولتۇرغا ئاكىسىنى كۆردى. كۆردىيۇ ئورنىدا ھېچبىر ئىنكاسسىز تۇرۇپلا قالدى. شۇنداق، ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ سادىر بولىۋاتقان ياكى كاللىسىدا خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى ۋەياكى ھېلىقى سوراقتا ھوشىدىن كېتىپ چۈش كۆرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى. ئۇنىڭ قاش قاپاقلىرى ئىششىغان، چاچلىرى سۈيدۈك ۋە قان داغلىرى بىلەن چىگىشلەشكەن ، قاڭسىق پۇراقلارغا سورۇن بولغان ئىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ دېرىزىدىن چوڭ دەرۋازىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى ۋارتا بالا كۆرۈنگەندەك قىلدى . ئۇ بالا ئەرزاتقا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى...

« ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەن گەپنى قايسى بىر بوۋىمىزنىڭ ئېيتقانلىقى نامەلۇم، ئەمما ھاياتتا ھەقىقەتەن شۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدىكەن. ئەرزاتنى قارىباسقانمۇ ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ تېخى ئويغىنالمىغان چۈشمۇ، بۇنىسى ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەستەك قىلاتتى.

- دادام يوققۇ؟....- ئەرزات مۇنچىدىن چىقىپ ئۆزىنى ئازراق ئوڭشىۋالغاندەك ھالەتتە چېچىنى لۆڭگە بىلەن قۇرۇتقاچ سورىدى. ئاپىسى ئۆزىنى تۇتالماي يەنە يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە يىغلاپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغان ئاپىسى، يىغىسىنى خېلى ئۇزۇندا ئاران توختاتقان ئىدى. ئەرزات ئاز- تولا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ

- ئاپا، يىغلىما بولدى، مەن قايتىپ كەلدىم....- دېدى ۋە ئاپىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. شۇنداق، ئۇ تاكى شۇ بىر ئېغىز گەپنى قىلمىغىچە ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك تۈرمىدىن قۇتۇلغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلمىغان ئىدى. ئۇ زۇلمەتلىك جايدىن قۇتۇلغانلىقىغا ۋە ئاپىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەنلىكىگە ھاياجانلىنىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى، يەڭگىسى، جىيەنى دانىيارلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى قۇچاپلاپ يىغلاشتى. ئەمما دادىسىنىڭ ئۇنى ساقچىلار تۇتۇپ ماڭغاندىلا يۈرەك كېلىسى قوزغىلىپ قالغانلىقىنى، جىددى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى يېتىپ كەلگىچە قازا قىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېيتمىغان ئىدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئاپىسى _ ۋاي مۇرەببىم، «ئەرزاتقا بۇنى قانداقمۇ دەرسەن » دەپ يىغلاپ تۇرۇپ جان ئۈزگەن ئىدىڭ مۇرەببىم، مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن مۇرەببىم - دەپ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ھايا قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇنى يەنە چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ تېخى نەم چاچلىرىنى تارتىپ ، ياغلىقىنى چىشلەپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ھوشىنى يوقاتتى. ئاپىسىنىڭ نالىلىرىدىن دادىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئىلغا قىلغان ئەرزات ئۆزىنى تۇتالماي ھۆركىرەپ يىغلاپ ئاكىسىدىن سورىدى _ ئېيتقىنا ئاكا، دادامغا نېمە بولدى؟ ئاكىسى جاۋاپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي ئۇنىڭ بوينىدىن چىڭ قۇچاقلاپ، ئۆكسۈپ- ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئەرزات ئۇلاردىن يۇلۇنۇپ چىقىپ ھۇجرا ئۆيگە كىردىدە، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھازا تۇتۇشقا باشلىدى _ جېنىم ئاھ ئاتا، سەن مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۆلۈپ كەتتىڭ! بۇ مۇمكىنمۇ جېنىم دادا! ئۇ كىچىك باللاردەك ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يىغلايتتى. ئۇ كۆكسىگە مۇشتلايتتى. ئۇ بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تولغىنىپ يىغلايتتى. ئۇ ناله قىلاتتى.

ئاھ پەلەك، شۇ زۇلمەتلىك كېچىدە قانچىلىغان پەررزەتلىرىڭنىڭ قان ئىچىدا جان ئۈزگەنلىكىگە سەن شاھىت، ئەرزاتقا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش ئۇيغۇر

ئائىلىلىرىنىڭ شۇ كەچتىن كېيىن ئۆزگەرگەن ھاياتىغا سەن شاھىت، ئاھ زېمىن، سەن ئەرزاتتەك، ئۇنىڭ ئائىلىسىدەك نۇرغۇن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئۆزەڭگە سىڭدۈردۈڭ، ھېلىقى ۋارتاچى بالىدەك نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قانلىرىدا بۇيالدىڭ، ئاھ خۇدا، بەندىلىرىڭ شۇنچە ئازاپلارغا مۇپتىلا بولدى، خورلاندى، ئۇلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرگەيسەن!....

ئايلار ئۆتمەكتە. ئەرزات رېئاللىققا تەن بەرگەندەكمۇ قىلاتتى. ئۇ قارىماققا خېلى تېنچلىنىپ قالغاندەك، تۇرمۇشنى قايتا باشلاشقا تەييار بولغاندەك قىلاتتى. ئاتىسىز ئۆتكەن بۇ بىرنەچچە ئاي ئۇنىڭغا ئاتىسى ھەققىدە نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئەسلەتتى. ئاتىسىنىڭ قولىيازمىلىرىنى ئوقۇدى. قانچە قېتىم ئاتىسىنىڭ ئۈستىلى ئالدىدا ئۇنىڭ رەسىمىنى يۈرىكىگە چىڭ بېسىپ يىغلىدى. تەقدىر شۇنداق . ئەجەل شۇنداق، ئۇ نېمە قىلالىسۇن؟ شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپىسى كېچىدە يېتىپ ئۇخلاپ، ئەتىسى مەڭگۈلۈك ئويغىنالماي قالدى. ئەمدىلا تېنچلانغان ئەرزاتقا بۇ ئىش تېخىمۇ ھار كەلدى. ئۇ روھىي كېسەلدەك، ئۆزىنى يوقاتقان مۇردىغا ئوخشاش تەپەككۇرسىز ھالەتتە قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ يىغلىدى، قاخشىدى . ئەمما ھېچ بىر ئىش ئۆزگەرمىدى. ئۇ ھۇجرىسىغا سولىنىۋېلىپ دادىسىنىڭ ۋە ئاپىسىنىڭ كىيىملىرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇتۇپ يىغلىدى. ناماز ئۆتۈپ سەجدىدە يىغلاپ ئورنىدىن تۇرالماي يەردە دۈگۈلنۈپ قاقشاپمۇ باقتى، بېشىنى تامغا ئۇرۇپ قانىتىپمۇ باقتى، چاچلىرىنى يۇلۇپ باقتى، .... قەلبىدىكى ئازاپلارنى يېنىكلىتىشكە تىرىشىپ باقتى، سەل يېنىكلىگەندەك بولدى، ئەمما ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتالمىدى. مانا، بىر ئىنسانىنىڭ ئۆزگۈرۈشى بەلكىم بىرقانچە ئايلىق مۆھلەت بىلەن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. ئەمما، ئەرزات ئۆز ئازابىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئەزەلدىن ھەقىقىي تۈردە ئىزدەپ باقمىدى. ئەگەر ئۇ ئازاپىنىڭ مەنبەسىنى، يەنى شۇ پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبچىسىنى تېپىش ھەققىدە ئويلانغان بولسا، بەلكىم تېخىمۇ ئېغىر ئازاپقا مۇپتىلا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق، ئەرزاتتەك نۇرغۇن يىگىتلەر ئۆز ئازابىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تېپىشنى خالىمىغىنىغا، ئۇنى ئويلانىسلا بىلەلەيدىغان بولسىمۇ، جاۋابىنى بىلىشتىن قورققاچقا ئويلىمىغىنىغا ئوخشاش، ئەرزاتمۇ ئۇلارنى ئويلىمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ياق، ئۇ ئويلىدى، ئەركىنىنىڭ، ئايشەمگۈلنىڭ ، ئەكرەمنىڭ، دادىسىنىڭ... ھەممىسىنىڭ گەپلىرىنى تەھلىل قىلدى. بۇ

پاجىئەلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلۇقنى ئۆزگەرتەلەيتتىمۇ؟! ئەرزات خۇددى بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا ئېغىر مۇڭلارغا پېتىشقا باشلىدى...

## 13

ئەرزات ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىر مەزگىل تۇردى. ئۇنىڭ ئاكىسىدىن باشقا قېرىندىشى قالمىغان ئىدى. ئاكىسى ئەرزاتنى نېفىتلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە ، ھەرىكەتنى باشلىقلىرى بىلەن بەزمەخانىلاردا، رېستۇرانلاردا كېچىسى ئېلىپ باراتتى. مانا، بۈگۈنمۇ ئاكىسى فەرۇق شۇنداق سورۇنلاردىن بىرنى قۇرۇپ كېتىپ قالغان ئىدى. ئەرزات سىرتقا چىقىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كوچىدا نامەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ ئاستا قەدەمدە ئېرەڭسىز مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا قاراڭغۇلۇقتىكى بىر كوچىدىن نامەلۇم قىزنىڭ _ يوۋرىنما، قۇتقۇزۇڭلار! _ دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئۇ شۇ كوچا تەرەپكە جىددىي بۇرۇلۇپ قارىدى. قاراڭغۇدا بىر قانچە كۆلەڭگىنى كۆردى. ئۇ تاماكىسىنى تاشلاپ شۇ ياققا يۈگۈردى. ئىككى خىتاي ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ _

نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت. بۇ يەردىن يوقال! بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشما، بەرىبىر ھۆكۈمەت سەنلەر تەرەپتە تۇرمايدۇ. ھايات قالاي دېسەڭ يوقال، سېسىق سەللىلىك!...- دەپ خىتايچە تىللاپ ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىردى. ئۇ بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى بۇ خىتاينىڭ دەۋاتقىنى توغرا ئىدى ئۇ دوستى ئەركىنىنىڭ 7- ئىيۇل كۈنى خىتايلار تەرىپىدىن ئۇر كالتەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى تۇتقاندەك شۇ خىتايلاردىن بىرەرىنى تۇتقانلىقىنى كۆرمىدى- ئاڭلىمىدى. قوشنىسىنىڭ يەتتە ياشلىق قىزىنى ئۆز مەھەللىسىدە چاناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئەمما شۇ ئىشقا شاھىت بولۇپ تۇرغان ساقچىلارنىڭ ياكى ئەسكەرلەرنىڭ شۇ ئۇيغۇرنى چاناۋاتقان خىتايلارنى توسىمىغانلىقىنى ئاڭلىدى.
قارامتۇل ۋارتا بالىنىڭ ئۆلۈمگە ئۆز كۆزى بىلەن شاھىت بولدى . سوراق قىلىنىۋاتقاندا ياندىكى سوراقخانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالىلىرىنى،

سۆگەكلەرنىڭ سۇنغان ئاۋازلىرىنى، ئىچىنىشلىق چىرقىراپ جان ئۈزگەن ياش بالىلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى . قانلىرىنى كۆردى . ئەمما بىرەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرنى قىرغىن قىلغانلىقى ياكى ئۇيغۇرغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلغانلىقىنى كۆرمىدى . شۇنداق، بۇ خىتايلارغا هازىر چېقىلغىلى بولمايدۇ. چېقىلدىمۇ ، يەنە بالاغا قالىدىغىنى مەن بولىمەن. ئادالەت يوق جاھان تۇرسا بۇ... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، ئارقىغا يانماقچى بولۇپ ئىككىلەندى.

ـ بالاڭزا، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ يوقال، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمىز. تولا كەيپىمىزنى بۇزماي ماۋۇ ئۇيغۇر جالىپىڭنى ئوينىغىلى قوي!.... ئۇلار خىتايچە يەنە باشقا ئەپسانە سۆزلەرنىمۇ قىلدى. ئەرزات مۇشتلىرىنى چىڭ تۈككەن بولسىمۇ، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدىكىسى چوڭ تاللاش ئىدى. يەنى« قاچاق بولۇپ كۆرەش قىلىش، ياكى ئارقىغا بۇرۇلۇپ مەڭگۈلۈك ۋىجدان ئازابىغا قېلىش» .
قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ ئۇ بۇ بىر قەدەمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان هېس قىلىپ بولغان ئىدى. شۇ ئارىدا ياندىكى چوڭ كوچىنىڭ بۇ تار كوچىغا چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا چىراق يورۇقىدا بىر قانچە خىتاينىڭ ياسانچۇق يەڭگىسىنى يەرگە بېسىپ كۆكسلىرىنى يالڭاچلىغان هالەتتە ئۈستىگە تاشلانغانلىقىنى كۆردى. ئەرزاتنىڭ قاينىغان قانلىرى دولقۇنلاپ بېشىغا چىقتى. مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت تولدى. ئۇ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ مەيدىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىتتىرمەكچى بولغان خىتاينىڭ بويىنىدىن ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن ئېلىپ كۆچەپ تۇرۇپ بېشىنى يەرگە بىرنى ئۇردى. ئورۇق خىتاينىڭ بېشى يەرگە تېگىپ قارس قىلغان ئاۋاز بىلەن يېرىلدى. ئەرزات ئۇنى تاشلاپ يەنە بىر خىتايغا ئېتىلغىنىچە يۈزىدىن قاتتىق مۇرىدى ـ دە، بېشىنى تامغا كۈچۈپ ئۇستۇردى. ئۇنىڭمۇ بېشى يېرىلىپ جەھەننەمگە يوللاندى . بۇ ئالامەتلەرگە تېخىچە پەرۋا قىلماي يەڭگىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان ئىككى خىتايدىن بىرىنىڭ بېشىغا كۆچەپ خىش بىلەن بىرنى ئۇردى. خىش خۇددى داڭگالغا ئوخشاش ئۇۋۇلۇپ كەتتى. ئۆزىنى ئوڭشاپ يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىۋاتقان خىتاينىڭ گېلىنى سول قولى بىلەن تۇتۇپ ئوڭ قولىدا ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى قايرىپ سۇندۇردى ـ دە، پاچىقىنى ئېلىۋالدى . بۇ كونۇپكىسىنى باسسىلا ئېچىلىدىغان، مەخسۇس ئادەم

ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئالاھىدە تەپكىلىك پىچاق ئىدى. ئەرزات پىچاقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ بىسىنى خىتاينىڭ كېكەردىكىگە كۆچۈپ سۈركىدى....

ئەرزات يەنە خىيالغا پېتىپ ئۆلتۈرۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى . شۇنداق، ئۇ دائىم خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ شۇنداق خىياللارنى سۈرۈشكە دەسمايىسى بار ئىدى. ئۇ شۇ كېچىسى يەڭگىسىنى خىتاينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. كېيىن ئەركىننىڭ شىركىتىدە ئىشلىگەن ئەكرەم بىلەن بىرلىشىپ كېچىلىرى چارلاش قىلىۋاتقان خىتاي ساقچىلارنى جايلىدى. ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى ئولجا ئالدى. ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ نېفتلىكنى پارتىلاتتى. ئەسكەرلىكتىن چېكىنگەن دوستى پەرھات بىلەن بىرلىشىپ پويىز ئۆتىدىغان تونىلغا بومبا قويۇپ پارتىلاتتى. خىتاي ھۆكۈمەت ۋە ساقچى دائىرىلىرى بۇ ئىشلارنى كىملەرنىڭ سادىر قىلغانلىقىنى بىلىپ بولغىچە چارلاشقا چىققان ئەسكەرلەرنىڭ ماشىنىسىغا بىنادا تۇرۇپ ماي بومبا بىلەن ئوت قويۇپ ماشىنىدىكى يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەسكەرنى جەھەننەمگە يوللىدى. قورال يۆتكەپ كېلىۋاتقان پويىزغا بارات قارىمنىڭ يۈك ماشىنىسى بىلەن سوقۇلۇپ رېلىستىن چىقىرىۋېتىشى بىلەن خىتاينىڭ قۇراللىرىغا ئېرىشتى. كېيىن شۇ قوراللار بىلەن نۇرغۇن غەزەپكە تولغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى قوراللاندۇردى. ۋەتەن ئىچىدە خىتاي ساقچى ۋە ھەربىي دائىرىلىرىنى نىشان قىلغان نۇرغۇن ئىشلارنى تەۋرەتتى. ئاشكارىلىنىپ خىتاينىڭ نىشانىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئاكىسىنىڭ ئائىلىسى بىلەن خىتاينىڭ جەنۇبى ئارقىلىق شەرقى جەنۇبى ئاسىياغا قاچماقچى بولدى. ئاكىسى شۇ جايدا جان ئۈزدى . يەڭگىسى بىلەن جىيەنى دانىيارنى بېخەتەر جايغا قويۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى - دە، تاكى ب د ت تېنچلىق ساقلاش قىسملىرى ئۇيغۇر پارتىزانلىرى بىلەن خىتاي باسمىچى دۆلەت ئەسكەرلىرى ئارىسىدىكى جەڭنى تېنچلاندۇرۇپ ، ئاۋام خەلق بېلەت تاشلاش ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق ئېلان قىلغىچە بولغان جەرياندا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ كۈرەشنى داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئەسلىمىلىرى قالدى. يارىلاندى، ئازاپلاندى، ئۇمۇدسىزلەندى... ئاخىرقى غەلبىنى قولغا كەلتۈرگىچە نۇرغۇن سەپداشلىرىدىن ئايرىلدى. قانداق ئۇرۇش قىلىشنى ۋە سەپداشلىرىنى قانداق قوغداشنى ئۆگەندى. ھاياتنىڭ ھەقىقى قىممىتى ۋە مەنىسىنى تونىدى. ئۇ ئەسلىمەي، ئۇنىڭغا ئوخشاش پىدائى ئەزىمەتلەر ئەسلىمەي كىم ئەسلىسۇن!

ئەرزات يەنە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ بەلكىم _ شۇ كۈنى خىتايلارنىڭ ئاستىدا قالغان ئايال يەڭگەم بولمىغان بولسا، بەلكىم ئارقامغا يانارمىدىم!
_ دەپ، ئويلاۋاتقانمىدۇر؟ ياكى _ مەن نېمىشقا شۇنچە ئازاپلارنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ، تاقەت قىلغىلى بولمىغىدەك دەرىجىگە يەتكىچە سۈكۈت قىلدىم؟ مەن نېمىشقا غەزەپلىنىشنى شۇنچە تەستە ئۆگەندىم؟ مەن نېمىشقا شۇنچە كېيىن ئويغاندىم
_ دەپ ، ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقانسا كېرەك !.... شۇنداق، ھېچكىم ئازابلىنىشنى خالىمايدۇ، ئەمما بەزىدە ئازاپ پەقەت ساڭىلا چاپلىشىۋالىدۇ دە، ئۇنى قانداق چۆرۈپ تاشلىشىڭنى ئۆگۈنۈشكە قىستايدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

ئەرزاتنىڭ ھېكايىسى بۇنىڭ بىلەن تامام بولمىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىدا داۋام قىلىۋاتىدۇ. بىز ئەرزاتتەك ئۇرۇش قىلىشنى تاللىماسلىقىمىز مۇمكىن. بەلكىم بۇ بىزنىڭ چىقىش يولىمىز بولماسلىقمۇ مۇمكىن. ئەمما ئەرزات شۇنى چىقىش يولى بىلىپ شۇ يولغا ماڭغان ئىدى . ياق ئەرزاتنى دەۋر شۇ يولغا مېڭىشقا قىستىدى... دەۋر بىزنى قايسى يوللارغا مېڭىشقا قىستاۋاتقاندۇر؟ بۇ ئازاپلار قاچانغىچە داۋاملىشار؟ يەنە قانچىلىغان ئەرزاتلار غەپلەت ئۇيقۇسىنى بۇزۇشنى خالىماي يېرىم ئويغاق ھالەتتە ياتار؟....

# كۆك ئاسمان

ھېكايە

*ئاپتوردىن: مەزكۇر ھېكايە ھەقىقىي ۋەقەلىككە ئاساسەن قىسمەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان. ھېكايىنىڭ ئىلھامىنى ئەمىن قىلغان 14 ياشلىق ئۇماق سىڭلىمىزغا كۆپ رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇماق سىڭلىم، كۆك ھامان ئۇستىمىزدە ھەم يۈرىكىمىزدە، ئىنشائاللاھ، ئۇنى ھامان بىر كۈنى ۋەتەن كۆكىدە لەپىلدىتىمىز!*

كۆك ئاسمان، ھاياتىمدا ئاشۇ كۆك ئاسمانغا قانچە قېتىم قارىغانلىقىم ماڭا نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم قارىغانلىقىم ۋە ئۇنىڭغا قارىغاندىكى ھېسسىياتىمنىڭ باشقا ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن خۇددىي پەقەت مەنلا شۇ مۇقامدا ھوزۇرلىنالايدىغاندەكلا، خۇددىي كۆك ئاسمان مەن ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ كۆكلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرغاندەكلا. مانا ھېلىمۇ ئېغىر نەپەسلەر بىلەن شۇ كۆك ئاسمانغا قاراپ ياتماقتىمەن...

- قوزغال قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار...، - خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللەت مارشىنى تووۋلاش ماڭا شۇ قەدەر ھار كېلەتتى. چۈنكى، دادامنىڭ تەلىملىرى ئارقىلىق ئۇ مارشنىڭ بىزنى ئىستىلا قىلغان دۈشمىنىمىزنىڭ مارشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم. دادامنىڭ دېيىشىچە بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ مارشى ۋە بايرىقىمىز بار ئىكەنتۇق، ھازىر ئۇنى پەقەت چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارلا ئاڭلىيالايدىكەن ۋە كۆرەلەيدىكەن. دادام ئۇنىڭ رەسىمىنى قەغەزگە سىزىپ بىزگە كۆرسەتكەن، ئەمما بۇنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشىمىزنى ۋە ھامان بىر كۈنى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ۋەتىنىمىز كۆكىدىن تازىلاپ، ئۆزىمىزنىڭ كۆك بايرىقىنى لەپىلدىتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقانىدى. شۇندىن بېرى ھەر دۈشەنبە كۈنى بايراق چىقىرىش مۇراسىمى بولغاندا، گەرچە قولۇمنى كۆتۈرۈپ ھۆرمەتتە تۇرساممۇ كۆزۈم خىتاي بايرىقىدا بولماي، ئاپئاق بۇلۇتلۇق كۆك ئاسماندا بولىدىغان بولغانىدى. ئاھ كۆك ئاسمان، ئەنە سەن ھامان ئۈستۈمدە لەپىلدەپ تۇراتتىڭ. يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلەشمەكتە، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. بەلكىم، قان بەك كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن قان يېتىشمەيۋاتقان بولسا كېرەك، بارماقلىرىم سانجىپ-سانجىپ ئاغرىماقتا، نەپەسىم

تېخىمۇ تېزلەشمەكتە. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن كۆزلىرىمنى يەنە كۆك ئاسمانغا تىكتىم. ئاھ، كۆك ئاسمان، سەن گويا بارا-بارا تۆۋەنلەۋاتقاندەك، گويا ۋەتىنىم ئۈستىگە تاشلىنىۋاتقاندەك ....

- ئەقىدە، بىلەمسىز، بىزنىڭ ئەسلى كۆك بايرىقىمىز بار ئىكەندۇق...، ئۆز سىرىمنى ئەڭ يېقىن دوستۇم ئەقىدەدىن يوشۇشنى خالىماي ئۇنىڭغا دەپ بەردىم، ئەڭ يېقىن ئەسرارىم بولغان، قارا كۆز دوستۇم ئەقىدەنىڭ رەزىل دۈشمىنىمىزنىڭ بايرىقىغا ھاياجان بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشنى خالىمايتتىم. بۇ باللىقتىكى ساددىلىقتىن بولغان تەۋەككۈل ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم، ئۇنى ئەڭ يېقىن ئەسرارىم دەپ بىلەتتىم. مانا ئۇمۇ مېنىڭ سىرىمغا شېرىك بولدى. ئۇنىڭغا قايتا-قايتا تاپىلاپ، «بۇ مېنىڭ سىرىم، بۇنى ئەگەر باشقا بىرەرىگە دەپ قويسىڭىز، سىزگە ئىككىنچى قارىمايمەن»، - دەپ ئەسكەرتىپ ۋەدىسىنىمۇ ئالدىم. مانا ئەمدى دۈشەنبە كۈنى بايراققا ئەمەس، كۆك ئاسمانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تىكىلىپ تۇرىدىغان بىر جۈپلەردىن بولدۇق. دائىم قول تۇتۇشۇپ بىللە يۈرەتتۇق، دەرسلەرنى بىللە تەكرارلايتتۇق، بىللە ئوينايتتۇق. گاھىلاردا مەھەللىمىزدىكى سۇئىي چىملىقتا كۆككە تىكىلىپ يېتىپ مۇڭدىشاتتۇق. يۇمران قوللىرىمىز بىر-بىرىنى چىڭ تۇتۇشقان، ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى ھارارەت مېنىڭ ئالقىنىمغا، مېنىڭ ئالقىنىمدىكى ھارارەت ئۇنىڭ ئالقىنىغا ئۆتىشەتتى. ئاھ، كۆك، سەن نەقەدەر گۈزەل، سېنىڭ گۈزەللىكىڭنى ھېس قىلىش نەقەدەر گۈزەل تۇيغۇ ھە! دوستۇمنىڭ ئالقىنى گويا مەڭزلىرىمنى سىلىغاندەك ھېس قىلماقتىمەن، يۈزلىرىم ئۇيۇشماقتا، مۇزلىماقتا، پۈتۈن جىسمىم مۇزلىماقتا، ئاسمانغا قاراپ ياتماقتىمەن، كۆك گويا مېنى ئۆز قۇچىقىغا ئېلىۋاتقاندەك، جىسمىم گويا شامالغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ بېرىپ كۆكنى قۇچاقلىماقچى بولىۋاتقاندەك....

- ئامىنە، مەن كېتىدىغان بولدۇم، بىز چەتكە كۆچۈپ كېتىدىغان بولدۇق، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەممە تەييارلىقنى قىلىپ بولدۇق، بەلكىم بۈگۈن ياكى ئەتە كەچتە ماڭىمىز، ساڭا دېمەي كېتىشكە كۆزۈم قىيمىدى...، - ئەقىدە شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپلا يىغلىغىنىچە مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاھ، يۈرىكىم، مېنىڭ ئەسرارىم يىراقلارغا كېتىمەن دەۋاتىدۇ، مەن ئەمدى يالغۇز قالىدىغان بولدۇم. يۈرىكىمدىن چىققان

تىترەش پۈتۈن بەدىنىمگە تارالدى، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم، ئۇنىڭ بىلەن گويا ئىككى پىيالە قىززىق چاي قوشۇلۇپ كەتكەندەك قوشۇلۇپ كەتكىم كەلدى.

يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى بارا-بارا ئاستىلىماقتا، باياتىن قاتتىق سوقۇپ مېنىڭ يۈتۈلدۈرىۋەتكەن يۈرەك رېتىمىم ئەمدىلىكتە بارا-بارا ئاستىلاپ جىسمىمنىڭ سوۋۇشىنى تېزلەتمەكتە. قىززىق، خىتاي ھەربىيلىرىنىڭ ئوقى تەگكەندە قىززىق مۇزدەك سۇغا ئۆزەمنى ئاتقۇم كەلگەن، سوغاق سۇ ئىچكىم كەلگەنىدى. قىززىق ئوقتىن چىققان ھارارەت جىسمىمنىڭ ئىچىدىن تارقاپ پۈتۈن ھۇجۇدۇمغا تارالغانىدى. ئەمدىلىكتە، پۈتۈن ھۇجۇدىمدىكى ھارارەت شۇ ئوق تەگكەن جايغا يىغىلىپ زېمىنغا تارقاپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئاھ ۋەتەن ھاۋاسى، قانچىلىغان قىز-يىگىتلىرىڭنىڭ ھارارىتى سېنىڭ ھاۋايىڭغا تارالغاندۇ؟ قانچىلىغان قىز-يىگىتلىرىڭنىڭ قېنى تۇپرىقىڭغا سىڭگەندۇ؟ قانچىلىغان قىز-يىگىتلىرىڭ گويا ماڭا ئوخشاش كۆك ئاسمانغا قادالغىنىچە يېتىپ قالغاندۇ؟ ئاھ كۆك ئاسمان، قانچىلىغان قىز-يىگىتلىرىڭنىڭ قۇربانلىقىغا شاھىت بولغانسەن؟....

- ئەقىدە، مەيلى قەيەرگە كەتكىن، مېنىڭ بىر ئارزۇيۇم بار، بىللە ئېلىپ كەتكىن...، - سۆزىمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، يۈرىكىمدىن چىققان تىترەك لەۋلىرىمنى تىترەتكەن، كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش يۈزلىرىمنى نەمدىگەن، ئۆپكەم ئۆكسۈپ سۆزلىشىمگە ھاۋا بەرمىگەن ئىدى. ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە ئۇنىڭ قۇلاق دۈۋىگە يېقىن كېلىپ- «ئەقىدە، ئاشۇ كۆك بايراقنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشسەڭ، شۇ بايرىقىمىزنى خۇددى مېنى چىڭ قۇچاقلىغاندەك چىڭ قۇچاقلاپ يۈزۈڭنى يېقىپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويساڭ!»... - ئۆز ئارزۇيۇمنى ئەسرارىم ئەقىدەگە ھاۋالە قىلىپ بولۇپ، ئۆكسۈپ يىغلىغىنىمچە خۇددى كۆك بايراقنى قۇچاقلاۋاتقاندەك دوستۇمنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم. لەۋلىرىم، ئۇيۇشماقتا، چىشلىرىمنىڭ ئاستىقى قىسمىنى ئەزەلدىن ھېس قېلىپ باقمىغانىكەنمەن، مانا ئەمدى ھېس قىلماقتىمەن، يۈرىكىم سىقىپ چىقارغان قانلارنىڭ تومۇرلىرىمدا ئېقىشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىمەن، ئاھ كۆك ئاسمان، ساڭا بىلەكلىرىمنى ئۇزارتىپ، سېنى تارتىپ كېلىپ چىڭ قۇچاقلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىر ھەتتا بارماقلىرىمنى مىدىرلىتالمىغىدەك ھالدا ماغدۇرسىزمەن. بايا، ئۇيغۇر،ئۇيغۇر،ئۇيغۇر... دەپ توۋلاپ ماڭغاندىكى ھاياجىنىم

گەرچە يوقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما جىسمىمنىڭ ماغدۇرى ئاللىقاچان يوقالغانىدى. ئاجايىپ ھە، ئۆزەمنى ئەزەلدىن يالغۇز ھېس قىلاتتىم، قارا ماڭا ئوخشاش ئىنسانلار يەنە نۇرغۇن ئىكەن ئەمەسمۇ؟! شۇلارنىڭ دىدارىنى كۆردۈم، بۇ نېمە دېگەن بەخت-ھە! شۇ ئىنسانلار بىلەن بىرگە بىر سەپتە بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ بۈيۈك نامىنى توۋلىشىپ ماڭدۇق، «ئۇر-ئۇر، قاچ-قاچ» قىلىپ كالتەك-توقماقتا رەھىمسىزلەرچە شېھىت قىلىنغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىشتۇق. رەزىل بىزگە ئادالەت بەرمىدى، ئاللاھ ئالدىدا ئۆز گۇناھىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ بىزنى قوغلىدى، ئۇردى، مىلتىقلىرى بىلەن ئاتتى، گاز بومبىلىرى بىلەن زەھەرلىدى. شۇنداق بولارىنى بەلكىم بىلەر ئىدىم، ئەمما ساڭا بولغان بىلەن قەدەملىرىمنى توسۇپ قالالمىدىم. ئاھ كۆك، گويا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنسەن، بەلكىم مېنى قۇچاقلاش ئۈچۈن كېلىۋاتقانسەن...

- ئەقىدە، كۆكنى كۆرىۋاتامسەن؟-، كومپيۇتېردا ئەسرارىم ئەقىدەدىم سورىدىم.

- شۇنداق، كۆك ھەرزامان ئۇستۈمدە!- ئەقىدە ئۆيىنىڭ ئېكرانىدا كۆرۈنمەيدىغان تەرىپىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى. ئاھ، كۆك بايراق، شۇ قېرىندىشىم سېنى ھەر زامان كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، سېنى قاچانمۇ ۋەتەن ئاسمىنىدا لەپىلدىتەرمىز؟! كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ياكى يۇمۇقلىقىنى ھېس قىلالمىدىم. جىسمىم ئۆلمەكتە، ئەمما روھىم ھېلىھەم ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى باسالماستىن قۇترىماقتا. ئاھ كۆك ئاسمان، كەل، ماڭا يېقىن كەل، سېنى چىڭ قۇچاقلاپ، يۈزلىرىمنى ساڭا يېقىپ تۇرۇپ سۆيىۋالاي!...

كۆك ئاسمان گويا مېنى قۇچاقلىغاندەك، جىسمىم گويا ئاق بۇلۇتلارنىڭ يېنىدا ئۈزۈپ يۈرگەن سەلكىن شاماللار بىلەن سەپداش بولغاندەك قىلاتتى...

# ئېچىنىمەن

# ھېكايە

- ھا ھا ھا، سەن بەك قىززىقچىكەنسەن. مېنىڭ ئىلگىرىمۇ بىر مىسىرلىق ئوقۇغۇچىم بار ئىدى. ئۇ بەك دىندار كىشى ئىدى. - دۆلەت تىلى ئوقۇتقۇچىسى يېڭى ئوقۇغىچىلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنى بىردىن- بىردىن تونۇشتۇرۇشقا بويرىغانىدى. قىزىق پاراڭ سېلىشقا ئامراق بۇدۇر چاچ ، قارا شەھلا كۆزلۈك چىرايلىق ئەرەب قىزى بۇشرا ئۆزى « مىسىر شاھىنىڭ مەلىكىسى» دەپ چاقچاق بىلەن تونۇش تۇرۇپ ھەممىنى كۈلدۈرىۋەتتى. سېرىقچاچ سېمىز ئايال ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، نەزىرىنى مودا كىيىنگەن، ئازراق سېرىقشمال ئاقامتۇل ئەتلىك كىلىشكەن يىگىت ئەزىزگە بۇرىدى:

- مەن شەرقىي تۈركىستانلىق، ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ئەزىز ئەمەت، ئاتامنىڭ ئىسمى ئەمەت ئاۋۇت، بوۋامنىڭ ئىسمى ئاۋۇت ئەلا، ئۇلۇغ بوۋامنىڭ ئىسمى ئەلا ئابدۇللاھ، ئۇلۇغ بوۋام بۈيۈك ۋەتەن ئۇرۇشىدا ماناستا قازا قىلغان. - ئەزىزنىڭ خۇددىي ھەربىيدەك تۇرۇپ سۆزلىگەن گېپىنىڭ چاقچاق ياكى راستلىقىنى پەرق ئېتەلمىگەن يېڭى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ زامانىنىڭ ئېرەڭسىز ياشلىرىدەك مودا ياسىنىۋالغان ھالىتى بىلەن، بايىقى ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىكى جەسۇرلىقىنى بىريەرگە ئېلىپ كېلەلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ گاڭگىراپ قالغانىدى. ھەممىسى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندا « قەھۋە تەنەپپۇسى» گە قويۇپ بېرىلىپ، سىنىپتا ئوقۇغۇچىلار بىر-بىرى بىلەن تېخىمۇ ياخشى تونۇشۇش ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئەركىن مۇنازىرىنى باشلىدى.

- ئەزىز،سەن بىلەن تونۇشقىنىمغا خوشالمەن. سەن تۈركىيىنىڭ شەرقىدىن كەلدىڭمۇ؟
- قارىماققا مۇسۇلمان چىراي قوڭۇر ئەتلىك بالا كېلىپ ئەزىز بىلەن قول ئېلىشقاچ ئۇنىڭدىن سورىدى.

- ياق، مەن شەرقىي تۈركىستانلىق. - ئەزىز ئۈنىڭغا قايتا چۈشەندۈرگەچ سىنىپنىڭ تېمىغا چاپلانغان خەرىتە تەرەپكە ئۈنى باشلاپ كېلىپ، كۆرسەتكەچ:

- مانا، بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستان. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز 1949-يىلدىن كېيىن خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. - دەپ چۈشەندۈردى. ئۈلارنىڭ مۇنازىرىسىگە قىزىققان يەنە بىرقانچە ئاق ئەتلىك ، قوڭۇر ئەتلىك، بۇغداي ئەتلىك ۋە قارا ئەتلىك ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۈلارغا قوشۇلۇپ، خەرىتىدىن ئۆز ۋەتەنلىرىنى كۆرسىتىشىپ سۆزلىشەتتى. ئارىدا چىرايى شەرقىي ئاسىيالىق ، كۆزەينەكلىك ئورۇق يىگىت كېلىپ شەرقىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغا ئەڭ تونۇش «توخۇسىمان» دائىرىنى كۆرسىتىپ ئۆز كىملىكىنى تونۇتماقچى بولدى. ئۇ ئەزىزنىڭ شۇ « توخۇ» نىڭ «قويرىقى»نى ۋەتىنىم دەپ كۆرسەتكەنلىكىنى تېخى بايقىمىغان بولسا كېرەك، ئەزىزگە قاراپ خىتايغا خاس يىرىك تەلەپپۇزدا ئېنگلىسچە :

- ۋېر ئايو فىرومو؟(تەرجىمىسى: سەن نەدىن كەلدىڭ؟)- دەپ سورىغاچ، كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويدى. ئەزىز ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

- لاۋزى سوڭ دوڭ تۇئېرچىستەن لەيدى، يوۋ شېنما پى خۇئا ياۋ شۇئو ما؟ (تەرجىمىسى: ئاكاڭ قارىغاي شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن، قانداق لاۋزا گېپىڭ بارمۇ سېنىڭ؟ ) - دېدى خەرىتىنى كۆرسىتىپ. ئەتراپتىكىلەر «ياۋروپالىق» دەپ ئويلىغان بۇ يىگىتنىڭ خىتايچە سۆزلىگەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ ئۈنىڭغا قاراشتى. ئارىدا بىر بۇغداي ئەت بالا:

- ۋوۋ، ئاي نەۋېر سوۋت يوۋ كەن سپېك چاينىس! خوۋ دۇ يوۋ نوۋ چاينىس؟ (تەرجىمىسى: پاھ، مەن سېنى خىتايچە بىلىدۇ دەپ ئەزەلدىن ئويلىماپتىكەنمەن! سەن قانداقچە خىتايچە بىلىسەن؟)- دەپ پەخىرلەنگەندەك ئەزىزنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ، گەجگىسىنى يىنىك ئۇۋىلاپ قويدى. ئەزىز ئۈنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

- يېخ، بادى، يوۋ دونت خەۋ نو ئايدې ۋات ماي پېپول گو سرۈۋ، ئىت ئىز شەئېم تو مې سەي ماي كونچىي ئوككۇپايت باي چاينىسى...(تەرجىمىسى: ۋاي دوستۇم، سەن مېنىڭ خەلقىمنىڭ قانداق ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلمەيسەن، ماڭا

نىسبەتەن « مېنىڭ دۆلىتىمنى خىتاي بېسىۋالغان» دېيىش ناھايىتى نومۇس...) - دەپ گەپنى باشلاپ، يۇمۇرلۇق سۆزلىرى بىلەن ئۇنى ۋە باشقىلارنى كۈلدۈرسە، تەسىرلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى ئۇلارغا ئاڭلاتقاچ ، ئۆزىنىڭ خۇشچاقچاقلىقى ۋە يېقىشلىقى بىلەن، مەرت ۋە ئوچۇق مىجەزى بىلەن ئۇلار بىلەن بىردەمدىلا ئىچ قويۇن، تاش قويۇن بولۇشۇپ كەتتى. كۆزەينەكلىك خىتاي ھەممە خىتايلاردا بولىدىغان « بىز دېگەن دۇنيادىكى ئىككىنچى باي دۆلەتنىڭ پۇخراسى، يالاڭتۆشلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ھەۋەس قىلىشى، بىزگە خۇددى چولپانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى كېرەك...» دەيدىغان پەسكەش خىيالىغا پوق چاپلاشقاندەك بولۇپ، مەكتەپنىڭ تۇنجى كۈنى مەكتەپ سوۋغا قىلغان قەھۋانى ئىچىشىپ تونۇشۇپ كۈلىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن خۇددى ھىلىگەر تۈلكە ئوۋچىنى كۆرگەندە قويرۇقىنى خادا قىلىپ، بېشىنى پەس قىلىپ قاچقاندەك يالغان كۈلۈمسىرەپ، تازىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئاۋاق خىتاي ئوۋ ئىتلىرىدىن ئۆزىنى ئاران قاچۇرۇپ چىققان ئوغرى تۈلكىگە ئوخشاش، سىنىپتىن چىقىپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويىدىدە، يەنە بىر خىتايغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلگەندىن كېيىن شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. كارىدوردا تامنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقان ئىككى خىتاينىڭ گېپىنى يان تەرەپتە تېلېفون سۆزلىشىپ تۇرغان ئېگىز بۇدۇرچاچ «چەتئەللىك» نىڭ راۋان خىتاي تەلەپپۇزىدا ئېيتقان سۆزلىرى بۇزۇپ قويدى:

- نېمە ئۇ «تۈركىستان تېرورچىلىرى» دېيىشكىنىڭ؟ ئۇيغۇرنىڭ زېمىنىغا كېلىۋالغىنىڭ بىر خوپ، ئۇيغۇرغا تىلىڭنى مەجبۇرىي تاڭغىنىڭ بىر خوپ، ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىر خوپ،« سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك، «ئوغرى قوپۇپ "ئوغرى كەلدى" دەپ تووۋلىدى» دېگەندەك بىزنى قاراقچى، مەدەنىيەتسىز، ياۋايى دېيىشىۋاتىسىنا! ياۋايى دېگەن سەن، مەدەنىيەتسىز دېگەنمۇ سەن! - يىگىتنىڭ گەپلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن ئىككى خىتاي بېشىنى پەس قىلىپ ئىگىسىز ئىتتەك تىرناقلىرىنى تاتلىغاچ، ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي، يا يىغلىشىنى، يا

كۆلىشىنى بىلمەي، ئەركەكلىك ئەزاسىغا ئىگە ئىنسانغا يات بولغان ھالەتتە بىر-بىرىگە ئوغۇرلۇقچە قاراپ تۇرىشاتتى. يىگىت يەنە:

- ئەندىشە قىلىشما، بىز سەنلەردەك ئىرقچىلاردىن ئەمەس، مىللىي كەمستىشكە ۋە ئادالەتسىزلىككە بىز قارشى. ئەمما شۇ يادىڭلاردا بولسۇنكى، يەنە بىزنى «ئوغرى»، «قاراقچى»، «تېرورچى»دېيىشسەڭ، نېمىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى سەنلەرگە ئوبدان بىلدۈرۈپ قويىمەن!...- دەپ بولۇپ ئۇلارغا غەزەپ نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، كېتىپ قالدى. ھېلىقى ئىككى خىتاي ئۇنىڭ كەتكەنلىكى كۆرۈپ ئۇھ تارتىپ بولۇپ:

- قاغىشتەككۈرلەر، شىي تيەن شىي دى (تەرجىمىسى: ئاسمان زېمىنغا رەھمەت) بۇلارنىڭ ھەممىسلا بۇنداق ئەمەس. بىزنىڭ سىنىپتىمۇ بىرى باركەن بۇلارنىڭ، ئۆزىنى مەن «شىنجاڭدىن كەلدىم، مەن جۇڭگولۇق» دەپ تونۇشتۇردى. ھا ھا ھا، راستىمنى دېسەم تازا كۈلگۈم كەلدى. ئاخماق، بىزدىن قورققان گەپ! تەربىيە كۆرمىگەن ساراڭ ياۋايى، بىزنىڭ ياۋروپاغا كېلىش ئۈچۈن « مەن ۋالۇنگوگچى»، « مەن دېموكراتچى»، «مەن ئۇنداق، بۇنداق» ... دېگەندەك گەپلەر بىلەن كەلگەنلىكىمىزنى بىلمەيدۇ- دە ئۇ دۆت! - يەنە بىر خىتاي ئەزىزنىڭ سىنىپىدىن ئوۋچىدىن قاچقان تۈلكىدەك چىقىپ بايىقى بالىغا يۇلۇققان «بەختسىز» سەپدىشىغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى.

- ۋاي، توغرا دەيسەن! ئۆتكەندە مەنمۇ گۆلى دەپ بىرىنى كۆرگەن، كاساپەت! بۇ ئوغرىلار تېگى پەس بولغان بىلەن، قىزلىرى چىرايلىق كېلىدۇ دېسە! خام يېگۈدەكلا نېمىكەن. ئۇمۇ ئۆزىنى ماڭا « شىنجاڭلىق» دېدى. ئۇنىڭدىن توي قىلىپ كەلگەنمۇ، ياكى ئوقىغىلىمۇ؟ دېسەن، « كۆچمەن بولغىلى» دەيدۇ. جاھان كۆرمىگەن ئوغرىلاردە يەنىلا، كىم بىلمەيدۇ، يا ئوقىمىسا،يا ئىشلىمىسە، يا ياۋروپالىق بىلەن توي قىلمىسا، قانداق بولۇپ «كۆچمەن» بولىدۇ؟! ھەقىچان جۇڭگو بىزنى ئۇنداق قىلدى، بۇنداق قىلدى، دەپ يالغان ئېيتىپ، دۆلەتنى سېتىپ پاناھلىق تىلىگەن قاراقچى ئۇ. - ئەزىز بىلەن بايىقى بالىدىن كۆرگەن دەشنام بىلەن كەلگەن ئاچچىقنى «گۆلى» گە يۆتكەپ تۆكىۋاتاتتى. يەنە بىر خىتاي ئاجايىپ ھىلىگەرلەرچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

- دۆتكەنسەن. ئۇنىڭ تېلفۇن نومۇرىنى ئېلىۋالماي؟! ھى ھى ھى .- يىرتىق كۆزىنى جىمىرلىتىپ قويدى.

- ئالدىم، ئەندىشە قىلما. بىر كۈنى چاقىرىپ، « ھەممىمىز جۇڭگولۇق بولغاندىكىن» دەپ تازا ئىندەككە كەلتۈرۈپ ئاچچىقىمىزنى چىقىرايلى. ھى ھى ھى ....- ئاۋاق خىتاي شۇنداق دېگەچ يانفۇنىنى چىقىرىپ ئۇچۇر يازغاچ، سائىتىگە قاراپ ئىككىنچى خىتايغا مېڭىش ئىشارىسى قىلىپ بىرلىكتە سىنىپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

مودا مۇزىكىنىڭ ئاۋازى بىلەن سايرىغان يانفۇنىنى نازۇك قوللىرىغا ئالغان خۇما كۆز چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى كەلگەن ئۇچۇرنى ئوقۇپ بولۇپ، يانفۇن كونۇپكىسىدا نېمىلەرنىدۇر بېسىپ بولۇپ، يانفۇنىنى يانچۇقىغا سېلىپ، يېنىدىكى كېلىشكەن يىگىتكە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- سىزغۇ ياخشى بالا يالقۇن، ئەمما مەن سىزنىڭ تەلپىڭىزگە قوشۇلالمايمەن. سىز جۇڭگونىڭ قارا تىزىملىكىگە چوقۇم كىرىپ بولدىڭىز، ۋەتەنگە قايتالمايسىز. مېنىڭ ۋەتەنگە بېرىپ كېلىپ ياشىغۇم بار. كىچىكىمدىن چەتئەلگە ھەۋەس قىلاتتىم، مۇشۇ ياۋروپانىڭ كوچىلىرىدا يۈرگۈم كېلەتتى. ئەمما ھازىر ۋەتەننى سېغىنىمەن. ئاتا-ئانامنى سېغىنىمەن. ۋەتەنداش بولۇشىمغا ئاز قالدى، پاسپورتنى ئېلىپلا ۋەتەنگە بارىمەن. مېنىڭ ھىجرەت-پىجرەت بىلەن چاتىقىم يوق! مەن دېگەن نورمال ئادەم، نورمال ياشىغۇم بار. خىتايلارمۇ ئادەم، مېنىڭ ئۇنداق بىتەرەپلىمە بولۇپ ياشىغىم يوق. سىزمۇ ۋاقتىدا ئۆزىڭىزنى بىلىۋېلىڭ يالقۇن. سىز ياخشى يىگىت، كەلگۈسىڭىز تېخى ئالدىڭىزدا، ئۇنداق كىرىشىپ كەتمەڭ ئايىقى چىقمايدىغان ئىشلارغا. رېئال بولۇڭ، بىر تىيىنلىك پايدىسى يوق ئىشلار ئۇ! ....- چىرايلىق زىبا قىز قويۋېتىلگەن توم چاچلىرىنى نازۇك بىلەكلىرىدە ئوينىغاچ، كىشىنى مەست قىلغۇدەك گۈزەل كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ يىگىتنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتمەيلا، ئورنىدىن قوپماقچى بولدى.

- راملە، ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم سىزنى شۇنداق گۈزەل قىلىپ يارىتىپتۇكى، سىزگە قارىغان كىشى مەست بولغىدەك گۈزەل جامالىڭىز بار. ھەر قېتىم سىزنى كۆرگىنىمدە ، مەيلى قانچىلىك يىراقتىن كۆرەي، سىزگە قاراپ يۈرەك رېتىمىم پۇتلىرى بىر-بىرىگە

پۇتلىشىپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ ئاياق تېۋىشىدەك سوقۇپ كېتىدۇ. ئەمما، ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ! مەن ئىلگىرى سىزنىڭ گۆشىڭىزنى، تېرىڭىزنىلا كۆرگەن ئىكەنمەن. قەلبىڭىزنى كۆرەلمەپتىمەن. گۆش-سۆگەكلەر قېرىيدۇ، ئۆلىدۇ، چىرىپ تۈگەيدۇ. سىزمۇ شۇنداق بولىسىز. دىن توغرىلىق سۆزلىگىدەك ساۋادىممۇ يوق، ئەمما شۇنداق ئېيتالايمەن: ۋەتەن ئۈچۈن مەن ھەرقانداق قۇربانلىق بېرىشكە رازى، چۈنكى مەن مىللىتىمگە، شۇ مۇسۇلمان مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە شاھىت بولدۇم، شۇلارنىڭ نامىدا بۇ جايدا ياشاش شارائىتىغا ئېرىشتىم. باشقا چوڭ قائىدىلەردىن سۆز ئاچالمايمەن، ئەمما شۇنى بىلىپ قويۇڭكى راملە: بىز شېھىتلەرنىڭ بەدىلى ۋە نامىغا بۇ جايدا ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇ پۇرسەت بىزگە باياشات ياشاش پۇرسىتى ئەمەس، بەلكى شۇ شېھىتلەرگە ئادالەتنى قايتۇرۇپ بېرىش پۇرسىتى! بىر تىيىنلىك پايدىسى يوق دەيسىز، توغرا، چۈنكى بۇ بۆيۈك ئىشنى چىرىپ ۋە دات بېسىپ تۈگەپ كېتىدىغان پۇل ۋە تەڭگىلەر بىلەن ھېسابلىغىلى بولمايدۇ! چۈنكى، بۇنىڭ پايدىسى مەڭگۈلۈك ھايات ۋە بېھىش ئۈنۋانىدۇر! ... - يىگىت سۆيگەن، ئەمما ۋىسالىغا يېتەلمىگەن قىزغا قانداق بولۇپ بۇنداق شېئىرانە سۆزلەرنى قىلىپ سالغانلىقى ئۆزىگە ئاجايىپ تۇيۇلماقتا ئىدى. ئەجىبا، ئۇ قىزغا ئادەتتىكى گەپلەرنى قىلسىمۇ تەمتىرەپ تىترەپ كېتەتتىغۇ؟!

- سىزگە ئېچىنىمەن، يالقۇن! مۇشۇ گەپلىرىڭىزدىن سىزنىڭ ئالجىغانلىقىڭىزنى بىلدىم. خىھ،... - چىرايلىق قىز يۇمىلاق يانپاشلىرىنى ئوينىتىپ كېتىپ قالدى. يالقۇن قىزنىڭ ئارقىدىن قارىدى. ئەمما، قىزغا قارىغاندىكى يۈرەك رېتىمى ئىلگىرىكى ھېسسىياتتا ئەمەس، بەلكى باشقىچە بىر تۇيغۇدا سوقىۋاتاتتى. ئۇ ئولتۇرغان جايدا يانفۇننى ئېچىپ « ئۆگىبېتىك» (فەسپ بووك) ىگە :

« ماڭا ئېچىنغانلارغا ئېچىنىمەن. چۈنكى ئۇلار مەن تاللىغان يولغا، مەن تاللىغان ھەقىقەتكە ئېچىنىدىغانلاردۇر. ئۇلارغا بەكرەك ئېچىنىمەن، چۈنكى ئۇلار بۇ دۇنيادىلا باتىنىي قاراڭغۇلۇقتا ياشاشنى تاللىغانلار بولماستىن، ئۇ دۇنيادىمۇ ق ئوت-لەۋا ۋە ئىس- تۈتۈنلەر تولغان ماكاندا ياشاشنى تاللىغانلاردۇر... »

# بىمەۋجۇد ئىنسان

ھېكايە

- پاھ ئاجايىپ ئىشلار بولۇپ كەتتى دېسە، قانداق بولۇپ بۇ نومۇسلۇق جايغا كىرىپ قالغاندىمەن؟! - شۇنداق خىياللار كاللامدا ئەكس سادالار ياڭرىتىپ قايتا-قايتا تەكرارلانماقتا. تۈرمىنىڭ سوغاق تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تورۇسقا ئۇلاشتۇرۇپ ئېچىلغان ئېگىزدىكى دېرىزىدىن كۆك ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرغىنىمچە خىياللارغا پاتماقتا ئىدىم. كۆك لاتا ئاياق كىيگەن، قولىغا پىلىموت تۇتقان ختاي ھەربىينىڭ ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ، ھەرتەرەپكە يىرتىق كۆزلىرى بىلەن ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ كۆزىتىپ تۇرىشى ماڭا خۇددى كىنولاردىكى ئۆلۈم مۇئەككىلىنىڭ مېنى ئىزدەۋاتقان كۆرىنىشىدەك بىلىنىپ تېخىمۇ دەھشەتلىك بىلىنمەكتە ئىدى.

- ئاكا، مۇڭلىنىپ قاپسەنغۇ؟ - بىر كۆزىگە ئاق چۈشكەن، ئاۋاق قوللىرىدا تۈرلۈك كونا-يېڭى يارا ئىزلىرى ۋە تاتۇقلار قالغان ئون بەش- ئون يەتتى ياشلار چامىسىدىكى قارامتۇل يىگىت يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ مەن قارىغان دېرىزىدىن سىرتقا قارىغاچ مەندىن سورىدى. ئۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇ جايغا بەنت قىلىنغانلىقى ماڭا نامەلۇم، ئەمما

ئۇنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا بۇ بەندىنىڭ مۇشۇ جايغا كېلىشكە لايىقلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەتىمالىم ئۇ ئوغرىلىق قىلغان بولۇشى، ياكى ئاق ساتقان، ياكى بۇلاڭچىلىق قىلغان، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىن سەل ھەزەر ئەيلەپ ئۇنىڭغا بولغان يىرگىنىشىمنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ جاۋاب بەردىم.

- ياتىقىمدىن چەكلەنگەن كىتاب چىقىپ قالدى، مېنىڭ ئەمەستى بولمىسا...، - گېپىمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. مېنى تۇتقان كۆندىكى ۋەقەلەرنىڭ دەھشىتى تېخىچە ۋۇجۇدىمدىن كەتمىگەنىدى. بىر تۈركۈم دوبۇلغا-ساۋۇتلۇق ساقچى كىرىپ ئىشكىمنى تېپىپ ئېچىپ كىرىپ قولۇمنى ئارقىغا قايرىپ، خۇددى ئۇستا قاسساپ بوغۇزلايدىغان قوينى ئۇستىلىق بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە باغلاپ ياتقۇزغاندەك مېنىمۇ تۆمۈر كىشەنلەر بىلەن ماۋۇ مەلئۇنلار شۇنداق قىلىپ بولغانىدى. كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى بىلىمەن، كۆز ئالدىمدا بىر قارا تۆشۈك... ئاھ، شۇ قارا تۆشۈكنىڭ دەھشىتى ئالامەت بولىدىكەن. ئۇنىڭ زۇۋانغا كېلىشىنى ئويلاشمۇ كىشىنى ئاجايىپ ۋەھىمىگە سالىدىكەن. بەشىنچى ئىيۇلدا ئۇنىڭ زۇۋانغا كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم، شۇڭلاشقىمۇ بۇ قارا تۆشۈكنىڭ ماڭا توغرىلىنىپ قالغانلىقى ماڭا خۇددى قاراباسقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى، كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ باقتىم، ئەمما كۆزۈمنى ئاچقاندا يەنىلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغانىدىم. ئۇستىدىكى كارۋاتتا ياتىدىغان ياتاقدىشىم ئۇيقۇمەست ھالەتتە «زالا!...»دەپ جۆيلۈگەندەك چۇشكەنلىكى ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا ملتىقىنىڭ پەيىنىكىنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشىغا باھانە بولدى، بىچارىنىڭ بۇرنى قىيسايغان، ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئاققان ھالەتتە بېلىكى ئارقىغا قايرىلىپ «قارىست»قىلغان ئاۋاز بىلەن پاتتىڭغا تارتىپ كېلىنىپ كىشەنلەنگەنىدى. ھەرنېمە بولسا بوينۇمغا دەسسەپ تۇرغان خىتاينىڭ بەستى ۋىجىكرەككەن، بولمىسا بەلكىم بوينۇمدىنمۇ شۇنداق «قارىست!»لار قانچە قېتىم چىقىپ بولغان بولاتتى.

- ئاكا، ئۇ نېمە كىتابكەن؟ نېمىلەر يېزىلغانىكەن؟...، - ئاۋاق بالا خۇددى كىتابىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەمدەك ۋىچىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كۈلكەمنى قىستىغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىگەچ كۈلكەمنى يۇتۇپ چىرايىمنى ئۆزگەرتمەسلىككە تىرىشىپ جاۋاب بەردىم.

- نېمىلىگىنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ يامان كىتاب بولسا كېرەك، قايسى «نائەھلى» قىلغان ئىش بولغىيتتى...، - ئۇۋالچىلىقنىڭ ئىچىمگە پاتمىغان ھىسسىياتىدا گۇناھنىڭ مەنبەسىنى شۇ كىتابنى ئوقۇغان ئادەمگە دۆڭگەپ ئاھ ئۇرغۇم كەلدىيۇ، ئەمما ماۋۇ ئاۋاق بالىدەك بىرسى بىلەن ئەسرار بولۇشنى نومۇس ھېس قىلدىم بولغاي، ئۆزەمنى تۇتىۋېلىپ، گەپنى بۇراش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن:

- ئۇكام، سەنچۇ؟ نېمە ئىش قىلىپ قويغانىدىڭ؟- ئۇنىڭ «شۇ ئاكا، نامراتچىلىق، پۇل تاپالماي ئوغرىلىپ قىلىپ قويدۇم» دېيىشىنى ، ياكى« ئوغۇل بالا دېگەن ئاچچىقنى باسالمايدىكەن قارا، بىرسىگە پىچاق تىقىۋېتىپ شۇ» دېيىشىنى، ۋەياكى« ئاكا، ئۇنىڭ ھوزۇرىنى بىلمەيسەن، كاساپەت، بىرلا تاتتىڭما، بولدى، ئاسماندا ئۇچىسەن...» دېيىشىنى پەرەز قىلسامىمۇ، گەپنى بۇراش مەقسىتىدە شۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

- مېنىڭ ھىكايەم ئۇزۇن ئاكا، دەپ بەرسەم بەلكىم مېنى «ئۆزەڭنى چاغلىماي، بىلمەي قاپسەن» دېيىشىڭ چوقۇم، مەن مۇشۇ ئۇۋالچىلىقلارنىڭ يىلتىزى بولغان خىتاي باسمىچىلىرىنىڭ پېيىنى قىرقىيمەن دەپ تۇتۇلۇپ قالغان...، - ماۋۇ «ئوغرى»نىڭ گېپى مېنىڭ پەرەز قىلغىنىمدەك چىقماي، مېنى چۆچۈتۈپ قويغانىدى. مۇشتۇمدەك ھالىغا نېمانداق چوڭ گەپ قىلىدۇ-بۇ؟ «ئۇۋالچىلىقلارنىڭ يىلتىزى بولغان خىتاي باسمىچىلىرى» دەيدا تېخى، مەن ئۇنداق نەرسىلەرنى خىيال قىلىشقىمۇ پېتىنالمايمەن!

- ھىكايەمنى ساڭا قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بېرەي -ھە ئاكا، مەن تۇغۇلغاندا دادامنى «دىنىي ئۇنسۇر» دەپ تۇتۇپ كېتىپتىكەن، مەن ئاچام ئىككىمىز يالغۇز ئانام بىلەن چوڭ بولدۇق. دادام «سىياسىي جىنايەتچى» بولۇپ تۇتۇلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بولغاچقا ماڭا نوپۇس بەرمىدى. شۇڭا مەن نوپۇسى يوق« قارا نوپۇس» ، ھا ھا ھا، «كۆرۈنمەس ئادەم »دېگەندەك مەن قانۇنىي جەھەتتىن بىمەۋجۇد ئادەممەن. ئەسلىدە مېنىڭ بوۋىلىرىم سودىگەر ئادەملەركەندۇق، ئۇلار ئەرەبىستان، ئىران دېگەندەك يۇرتلاردا قەدىمدىن تارتىپ سودا قىلىدىغانكەندۇق، بىرچاغدا قاراقچىغا يولۇقۇپ بارلىق مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، بىر قاپاق سۇ بىلەن چۆلدە قېلىپتۇ، شۇ چۆلدە مېڭىپ بىر بۇلاققا كېلىپ قاپتۇ، شۇ بۇلاقنىڭ يېنىغا كەپە تىكىپ، يەر ئېچىپ دېھقان

بولۇپ كېتىپتۇ، كېيىنچە ئۇ بۇلاق بويى مەھەللە بولۇپ يۇرت بولۇپتۇ. ھا ھا ھا، مەن مانا شۇ يۇرتقا تۇنجى قەدەم باسقان، قۇملۇققا يانتاق تېرىپ يەر ئاشقانلارنىڭ پۇشتى، شۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ قارا نوپۇس بولۇپ قالدىم. تەقدىر ئاجايىپ بولىدىكەن-ھە ئاكا، - بۇ ئاۋاقنىڭ دېگەن گەپلىرى ئونبەش ياشلىق بالىنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس بەلكى مويسىپىت بوۋاينىڭ ئاغزىدىن چىقسا توغرا بولاتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى رىۋايەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بىر كۆزىگە ئاق چۈشكەن، يەنە بىر كۆزى بولسا خۇددى مىڭ يىللىق بۇلاقتا ئوخشاش چوڭقۇر مەنىلەرگە تولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستى-بېشىغا يەنە بىر قۇر سەپسېلىپ قاراپ چىقتىم. بۇ ئاۋاق بالا خۇددى سۆڭەككە تېرىنى كىيدۈرۈپ قويغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

- مەكتەپتە بەكلا ئوقۇغۇم بار ئىدى، لېكىن نوپۇسلۇق بولمىسا ھېچ ئىش قىلالمايدىكەنسەن، يېرىمىزنى ھۆكۈمەت تارتىۋالغان، دېھقان بولاي دېسەم ئۇنىمۇ قىلالمىغىدەكمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ مايلامچىلىق قىلدىم، بىركۈنى بىزنىڭ مەھەللىدىن چىقىپ كەتكەن قېرى ئىمام ئۇچراپ قالدى، ئۇ ئادەم دادامغا كىتاب ئۆگەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ ئادەمگە بالا بولۇپ قالدىم. رەھمەتلىك بەكلا ئىسىل تەقۋادار سالىھ كىشى ئىدى. شۇ كىشى مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى، ھەقنى تونۇتتى. ئىلاھىم ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!...- ئاۋاق بالا شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ ماڭا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ، مېنىڭ نېمىنىدۇر دېيىشىمنى كۈتكەنىدەك ئىپادىدە بولدى. مەن نېمە دېيىشىم كېرەكلىكىنى بىلەلمەي دەقىقە تېڭىرقىغاندىن كېيىن، چاندۇرماي:

- يامان بوپتۇ...،- دەپ قويدۇم. ئاۋاق مېيىقىدا كۈلۈمسىراپ تۇرۇپ:

- ئاكا، يامان بوپتۇ دېمەيسىز، سالىھلارنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن دەيسىز، شۇنداق قىلسىڭىز ساۋابى سىزگىمۇ، مېيىتكىمۇ بولىدۇ. ئۈچ مۆئمىن كىشى «ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن»دېسە، ئاللاھ جەننەتتىن ئورۇن بېرەرمىش... ھا ھا ھا، كەچۈرۈڭ ئاكا، بىلەرمەنلىك قىلىپ قويدۇم. رەھمەتلىك ماڭا دائىم كەمتەر بولغىن، پەيغەمبىرىمىز شۇنداق كەمتەر يېقىشلىق بولغاچقا دىنىمىز شۇنچە كەڭ ۋە تېز تارقالغان دەيتتى. - ماۋۇ ئاۋاقنىڭ ئوبرازى بىردىنلا باشقىچە

يورۇپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى. دەسلەپتە بۇنىڭ گەپلىرىدىن «قەبىھ تالىپ» ئوخشايدۇ دەپ قالغانىدىم، قارىسام ئەپتى بىلەن ماسلاشمىغان ھالدا مۇلايىم بالىكەن ئەمەسمۇ.

- ھاياتىمىدىكى بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ، تۇرمۇشىمىدىكى مۈشكىلاتلارنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ بېشىدىكى كۆلپەتلەرنىڭ مەنبەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ زات ماڭا تونۇتتى. تارىخىمىزنى ئۆگەتتى، دىنىمىزنى ئۆگەتتى، دۈشمەننى تونۇش ئۈچۈن دۈشمەننى چۈشىنىشنى ئۆگەتتى. بىزنىڭ جەڭدە ئىكەنلىكىمىزنى، بۇ جەڭدە ھامان غەلبە قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۆگەتتى...، - ئاۋاق شۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگۈم كەلدى. توغرا، ھەرقانداق ئۇيغۇر ئۆز مىللىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇشتەك بىر مۇقەددەس چۈشى بارلىقىنى بىلىدۇ ۋە شۇ چۈشكە ئورتاقلىشىدۇ. ئەمما، ئۇ بىر چۈش، بۇ چۈش خىتايدەك قۇدرەتلىك دۆلەت ئالدىدا قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشسۇن؟! ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ئالدى بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، مانا بۇ ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇل، مەن شۇنىڭغا ئىشىنەتتىم، نۇرغۇن«ئىلمىي» كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن گەپنى ئۇنىڭ زىتىغا تەگمەيدىغان ئۇسۇلدا قىلىشقا تىرىشىپ سۆز باشلىدىم:

- قارىم، دېگەنلىرىڭ توغرا، ھاياتتا نۇرغۇن بەختسىزلىكلار بار، ئەمما ئاۋۇ «دۈشمەن» ھەققىدە دېگەنلىرىڭ سەل رېئاللىقنى ئەمەس، قولۇڭدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق نەچچە مىليون كىشىلىك زامانىۋى قوراللانغان، ئاتوم قۇراللىرىغا ئىگە بىر كۈچ بىلەن قانداقمۇ توقۇنۇشالايسەن؟! ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش قىلىشىڭ، رېئال ۋەزىيەتنى چۈشىنىشىڭ كېرەك...، - بۇ سۆزلىرىمنىڭ قانچىلىكىنى ئۇنىڭ چۈشىنىشى ، ئۇنىڭغا قانچىلىك تەسىر قىلالىشى ماڭا قاراڭغۇ، ئەمما بۇ كامىرنىڭ قايسى جايىدا قانداق نەرسىنىڭ بارلىقى ماڭا قاراڭغۇ بولغاچقا، «تامنىڭمۇ قۇلىقى بار»لىقىغا ئىشەنگەچكە پىچىرلاپ ئېيتقان سۆزلىرىمنى دەرھاللا توختۇتۇۋالدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدىمەكتە، قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ بولۇشىدىن ئەندىشە قىلماقتا ئىدى.

- ئاكا، قورقۇنچ شۇنداق نەرسە، ئۇ ئادەمنى كونترول قىلغان ۋاقىتتا ئەڭ خەتەرلىك قۇرالغا ئايلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، يەنى ماھىيىتى شۇ يەردىكى، كىمدىن، نېمىدىن قورقۇشتۇر. ئەگەر سىز قۇرالدىن، ئىقتىسادتىن، كۈچتىن قورقسىڭىز ئۇنداقتا ئۇنىڭ

يولى ۋە يۆنىلىشى، نەتىجىسى ئوخشمايدۇ. ئەگەر سىز ئالەملەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان ، ئىككى دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئاللاھتىن قورقسىڭىز، ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋە جەريانى ھەم ئوخشمايدۇ. بىزدە قورقۇنچ بار، سىزدە بار، مەندە بار، ئاۋۇ ئولتۇرغانلاردىمۇ ، ھەممىمىزدە بار. ئەمما ھەممىمىزنىڭ قورقىدىغان نەرسىسى ئوخشماي قاپتۇ. قورقۇشقا تېگىشلىك نەرسىدىن قورقۇچقا بولغان قارىشىمىز ئوخشمايدىكەن. مانا بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزى ۋە نېگىزى. ئەگەر سىز مەن قورققاندىن قورقسىڭىز، ئۇچاغدا سىزدە باشقا قورقۇنچ بولمايدۇ. .....،- ئاۋاقنىڭ پەلسەپىۋىي سۆزلىرى مېنى ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى راستىمنى ئېيتسام تەپەككۇرۇم تېخى ھەزىم قىلىپ بولالمايۋاتاتتى.

بىمەۋجۇد ئادەم، ئاۋاق بالا، ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلىدى، ئەمما ئۇلار قۇلىقىمغا كىرگەن بىلەن يۈرىكىمگە تېخى بېرىپ بولالمايۋاتاتتى.

- ئاكا، رەھمەتلىك ئىمام ئاۋاق بىلىكىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ « بالام، دۈشمەننى بىلىكىڭ بىلەن يېڭەمەن دېسەڭ بىلىكىڭ قانچە توم بولسىمۇ يېڭەلمەيسەن، ھەتتىگەي، سېنىڭ توم بىلىكىڭ بولسىچۇ، ھاھاھا، ئەقىللىق ئوغلۇم، ئۇلۇغ ئاللاھ ساڭا ھىدايەت ئاتا قىلغانىكەن، مانا ساڭا ئەڭ قۇدرەتلىك قۇرالنى بەرگەنلىكىدۇر. ئىشەنچىڭنى ھېچبىر مەۋجۇداتقا باغلىماي خاس ئاللاھقا باغلا، بىلىكىڭگە ئەمەس، بەلكى ئىمانىڭغا، ئىمانىڭ قۇترىشىدا ئىگەللىگەن بىلىمىڭگە تايان. رەسۇلللاھ يەر تېرىشنى ۋەھيىدىن ئەمەس، بەلكى يەرلىك كىشىلەردىن ئۆگەنگەنىكەن، دېمەك ئەقلىنى دانىشتىن سوراشنى بىل، كەمتەر بولغىن، مانا شۇلار سېنىڭ پىلموتقا، تانكىغا، ئاتوم بومبىسىغا تاقابىل تۇرىدىغان قۇرالىڭ.... شۇلارنى جايىدا ئىشلىتەلىگەن چېغىڭدىلا تۆمۈردىن ياسالغان قۇرالدىنمۇ مۇھىم قۇرال بىلەن دۈشمەننى بىتچىت قىلىشقا سەپ تۈزگەن بولىسەن...» دېگەنىدى.

ئاۋاق بالا ماڭا كۆلۈمسىرىگەن پېتى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سۆگەكىنىڭ ئۈستىگە كىيدۈرۈلگەن تېرە كەبى جىسمى خۇددىي مىللىتىمىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە سىمۋول قىلىنغان پوترېتقا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەي بىمەۋجۇد ئادەم، سېنىڭ سۆزلىرىڭنىڭ تېگىگە قاچانمۇ يېتەرمەن؟! شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ ئاۋاقنىڭ مىڭ يىللىق

بۇلاق كەبى چوڭقۇر قارا كۆزىدىن تامغان تامچە ياشتىن ئۆز ئەكسىمنى كۆرگەندەك ھېس قىلدىم، ئەي قەترە، شۇ ئاۋاق مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقىغا سىڭىپ كەتسەڭچۇ!.

# زاكوسكا "يۈرەك"

ھېكايە

- ئۇكام، سەن تېخى ياش ئىكەنسەن، ھايات يولى تېخى ئالدىڭدا. بىر ئۇچۇم بۆلگۈنچى ئونسۇرلارنىڭ ئالدامچى تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ ئۆزەڭنى بۇنداق نابۇت قىلمىغىن. ھازىر دۇنيادا جۇڭگو دېسە ھەممە ئادەم ۋاي دەپ ھۆرمىتىڭنى قىلىدۇ. بۇنداق بىر ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇش شەرەپلىك ئىش. ۋاك دىيجاڭ ھەققانىي ئادەم، بىز ئۇيغۇرلارنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. كىچىكىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئويناپ چوڭ بولغان، خوتۇنىمۇ ئۇيغۇر.  خاتا تۇتتۇلۇپ قالغان ئۇيغۇر باللارنى مۇشۇ ئادەم قويىۋەتكەن. سەن تولا ئاخماقلىق قىلما بالا. ئۆزەڭنى كىنولاردىكى قەھرىمان دەپ چاقلاپ قالدىڭمۇ نېمە؟ ئۇنداق...

- مەن ئۇيغۇر، جۇڭگولۇق ئەمەس! بولىمەن دەپمۇ بولالمايمەن، قېنىم، دىنىم، دىلىم ئۇلار بىلەن ئېنىق ئايرىلغان! ئاغزىڭنى يۇم مۇناپىق!...- يىگىت زەردە بىلەن يوغان قورساق ئۇيغۇر ساقچىغا قاراپ يۈزىگە تۈكۈرمەكچى بولدىيۇ، تۈيۈقسىز تەگكەن مۇشت ئۇنىڭ مۇناپىققا تۈكۈرۈشكە تەمشەلگەن كالپۇكىنى يېرىۋەتتى.

- جىيايىلى ئىشاكې! مەن ساڭا كەنچا نۆۋەت دىدى ھا! سەن كىچىكې، بۇ دۇڭ سىر، دەپ سېنى كىينامسۇڭ دېدى شۇ. مەن ساڭا نىما دېدى، داجا دوۋشى جۇڭگورېن، دېسا "مەن جۇڭگورېن ئاماس" دېدۇ؟ كاندا بۇ شياڭ خۋا بالاڭ سەن؟! ...- يىرتىق كۆز ختاي ساقچى شالاڭچاچ پىشانىسىدىن چوشقا مېيىدەك پارقىراپ تۇرغان سېمىز مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان تەرىنى ئالقىنىغا ئەرتكەچ، ئۇيغۇر يىگىتنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ شۇ گەپلەرنى ئېيتقان يىگىتنىڭ كۆزىگە قارىدى.

- جۇڭگولۇق دېگەنلىك دەۋزاق ئەھلى مەن دېگەنلىك، ھۆت ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ھايۋان ختاي! مۇبارەك تىلىمنى دەپسەندە قىلىپ سۆزلىمەي يوقال كۆزەمدىن!..- يىگىت يېرىلغان كالپۇكىدىن ئېقىۋاتقان قاننى يەرگە تۈكۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزىگە زەردە بىلەن تىكىلىپ قارىغان شۇ گەپلەرنى ئېيتىۋاتاتتى. يىگىت ئەمدىلا يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى سەل قارامتۇل بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ھەرقانداق ئادەمگە تىكىلسە تىكىلگەن ئادەمگە بىر خىل خۇدۇكسىنىش ۋە ئەيمىنىش ھىسسىياتى تۇغدۇراتتى.

- ھەي ياشلىق، ھەي ئاخماقلىق! قانداق بالا سەن ئۇكام؟ نېمانداق غەرەز ئۇقمايسەن؟ ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان نېمكەنسەن جۇمۇ! - ئۇيغۇر ساقچى خۇددى ئۇنىڭغا ئېچىنغان نەزەردە قارىغان شۇ گەپلەرنى ئېيتقان ئۇنىڭ يېنىدىن ئىككى- ئۈچ مېتىر يىراقتىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ختاي ساقچىنىڭ ئۇزاتقان تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

- ياخشىلىق - يامانلىقنى ئوڭ تەتۈر قىلىدىغان ئىمانى تەتۈر مۇناپىق! سەنمۇ ئىنسان بولدۇڭمۇ؟! قانچە يۈزلىگەن ياشلارنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلغانىغا ۋە قىيناپ ئۆلتۈرگەنگە شاھىت بولغانسەن؟! ئۆزەڭدىن نېمە ئۈچۈن دەپ سوراپمۇ باقمىدىڭمۇ؟ ئەركىنلىك ۋە ئىنسانلىق قەدىر-قىممەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەمسەن؟! مېنى ۋەمەندەك ياشلارنى نېمە جىنايەت ئۈچۈن تۇتۇشتۇڭ؟ ئادالەتنىڭ نېملىكىنى بىلەمسەن؟ ياق، چۈنكى جۇڭگو دېگەن سۆز ئادالەتكە يات! جۇڭگو دېگەن سۆز ئىنسانلىققا يات! جۇڭگو دېگەن سۆز بىزنى ئىنساندەك ياشاش ھوقۇقىمىزدىن، ئاچا-

سىڭىللىرىمىزنى ئېپپىتىدىن، دىلىمىزنى ئىماندىن، مىللىتىمىزنى روھىدىن ، ۋىجدانىمىزنى جېنىدىن ئايرىدى! ياق، مەن جۇڭگولۇق ئەمەس! مەن ئۇيغۇر!...

- ۋو كەن تاشى ئي دۇ دې مىنزۇ فىن ليې فىنزى، كوڭبۇ فىنزى! داسى تا سۇەنلې! (تەرجىمىسى: مېنىڭچە ئۇ زەھەرخەندە مىللىي بۆلگۈنچى، تېرورچىكەن! ئۆلتۈرۈپلا قۇتۇلايلى!)- دەپ تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ ئېسىل خۇرۇم ئايىقى بىلەن يىمىردى خىتاي ساقچى.

- شو دې خاۋ دۇيجاڭ! تا شى گې مىنزۇ بەيلەي! گەي سى! (توغرا دېدىڭىز كوماندىر، ئۇ ھەقىقەتەن مىللىي مۇناپىقكەن! ئۆلۈمگە لايىق!)- يوغان قورساق ئۇيغۇر ساقچى خىتاينىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپ سوراقخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇيغۇر ياشلارنى تولا ئۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈپ كۆزلىرى پىشىپ كەتكەن، ئۇيغۇر قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئاستا-ئاستا قىيناپ ئۆلتۈرۈپ خۇما بولۇپ قالغان ئىككى خىتاي ھەربىي خۇددى قاسساپ قوي بوغۇزلىغىلى ماڭغاندىكى يېنىك كەيپىياتتا بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تۇياقلىرىنى تەككۈزۈشكە باشلىدى....

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئۇنىڭ كىشەنلەنگەن قولىدىن تامچىلىغان قانلار بېغىر-بېغىر بولۇپ ئۇيۇپ، پارقىراق تۆمۈر كىشەندىن خۇددى زىمىستاندا دەرەخنىڭ شاخلىرىدا ساڭگىلاپ قېتىپ قالغان مۇز چوكىلاردەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ «يولۋاس ئورۇندۇق» قا يالىڭاچلىنىپ بەنت قىلىنغان جىسمى ئۇيۇپ قارىدىغان قانلار بىلەن يېڭى ئاققان قانلار بىرلىشىپ ساق جايىنى كۆرگۈسىز ھالەتكە يەتكەنىدى. پۇتلىرى ئورۇندۇققا ئورۇنلاشتۇرغان كىشەن بىلەن كىشەنلەنگەن بولۇپ، كىشەنىنىڭ چىڭلىقىدىن ئوشۇقىنىڭ تېرىسىگە پېتىپ كەتكەنىدى. كىندىكىنىڭ سەل ئۈستى تەرىپى ئېگىزلىكىدە جايلاشقان تۆمۈر تاختىغا ئاۋاق بېلىكىگە سېلىنغان كىشەن ئىككى ھالقىلىق قىسقا زەنجىر چېتىقلىق ئىدى. ئۇ ھاياتمۇ ئۆلۈكمۇ؟ ئۇنىڭ بېشى ئارقىغا ساڭگىلىغان ھالىتى ئۇنى گويا باغلاپ قويۇلغان مۇردىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بېشى ماغدۇرسىزلىقتىن ئارقىغا ساڭگىلىغان بولماستىن، بەلكى تۆمۈر راشاتكىلىق كىچىك دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ قالغان قاراڭغۇ چۈشۋاتقان كۆك ئاسمانىنى كۆرۈش ئۈچۈن ساڭگىلىغان ئىدى. خىتاي ھەربىي ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، بېشىنى ئالدىغا زەردە

تارتىپ ئۇستۇردى. تاڭ! قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىدىن ۋە يۈزىدىن يەنە قان ئېقىشقا باشلىدى.

- خا خا خا خا ، شو نى شى جۇڭگورېن جىيۇۋ راڭ نى خو جې! (تەرجىمىسى: مەن جۇڭگولۇق دېسەڭ سېنى هايات قويىمىز؟!) - قىزىقارلىق ئويۇن ئويناۋاتقاندەك خۇشال بولۇپ قىلىپىغا پاتماي قېلىۋتقان خىتاي ھەربىي خۇددىي چامباش كىنولاردىكى ئارتىستەك پۇتىنى كۆتۈرۈپ ،ھەربىيچە كۆك لاتا ئايىقى بىلەن يىگىتنىڭ يۈزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرەپ دەسسەپ سورىدى.

- هايۋان قەۋمىنىڭ ئەڭ پەسكەش توڭگۇزى! ئاكاڭ قارىغاي ئۇيغۇر، ئوغۇزنىڭ نەسلى! خىتايدەك چوشقىنىڭ كۈچىكى ئەمەس! .....- ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەن خىتاي يىگىتنىڭ ئاغزىغا بىر قانچىنى كۈچەپ تەپتى. ياندا تۇرغان خىتاي كۈندە تەكرارلىنىدىغان بۇ «ئويۇن» دىن زېرىكتى بولغاي، ئۇنىڭ يېنىغا تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاچ كېلىپ:

- سۈەنلې، گەي چۇ چى فەنلا، نوڭ سى تا سۈەنلا! گوۋرىدې چىيەنتو! (تەرجىمىسى: بولدىلا، تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۆلتۈرىۋېتەيلى بولدى! قاغىشتەككۈر ئۇيغۇرنى!) ...- دېدى. يىگىتنى ئۇرۇپ هارغان يەنە بىر خىتاي ئۇيغۇر يىگىتنىڭ كۆزىنى سۇغۇرۇپ ئالغاچ:

- نەينەي دې چىيەنتو! شو رېن خۋا، دوڭ ۋۇ دې يۈيەن ۋو بۇ دوڭ! (ئاناڭنى چىيەنتو! ئادەم گېپى قىل، هايۋاننىڭ تىلىدا كاپشىساڭ چۈشەنمەيمەن!)- دەپ جان تالىشۋتقان يىگىتنى كىشەنلەردىن بوشاتتى- دە، پىشقان ماھارەت بىلەن ماغدۇرسىز يىگىتنىڭ قولىنى قارىست قىلىپ سۇندۇرۇپ ئارقىغا قىلىپ، پۇتۇن بەدىنى قانغا بويالغان يىگىتنى تىرىك پېتىنى كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. تېخى جېنى چىقىپ بولمىغان بالا دۈپۈلدەپ تۇرغان ئۆز يۈرىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ جان ئۈزدى. ئىككى خىتاي ھەربىي خۇددىي ئادەتتىكى ئادەملەر ئىشتىن چۈشكەندە بولىدىغان كەيپىياتتا قان تامچىپ تۇرغان يۈرەكنى يانچۇقىدىن چىقارغان سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ:

- زوۋ، بەن جيۇۋ چى جۇ شىن!(تەرجىمىسى: يۇرە، ھاراققا زاكوسكا قىلىپ «چوشقا» يۇرىكى يەيمىز)... - دېگىنىچە سوراقخانا ئىشىكىدىن چىقىپ، قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتتى. يىگىتنىڭ جەسىدى قانغا بويالغان، كۆزى ئۇچۇق ھالدا يەردە يېتىپ قالدى، ھىلال ئاينىڭ يۇلتۇزنى قۇچاقلىغىنىچە قاراڭغۇ بۇلۇتلارنى ئىتتىرىپ ئۆتۈپ پەسكە قارىغاندىكى سىماسىدىن تۆكۈلگەن ئاپئاق نۇر تۆمۈر رىشاتكىلىق دېرىزىدىن كىرىپ يىگىتنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى ...

# نەدىن كەلدىڭ ؟

(Where are you from?)

ھېكايە

- مىللەت دەيدىكەنمىز، بىر ئۇيغۇردىن ياخشىلىق كۆرمىدىم. ھە دېگەندە ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشۋاتقان، بىر ئىشىڭ ئىلگىرى باسسا كۆرەلمەيۋاتقان، سېنى يىقىتىدىغانغا، پۇتلايدىغانغا ئاران تۇرغان. ئاغزىنىڭ سېسىقلىغى بۇ خەقنىڭ، ئادەمنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئارقىدىن تىللاپ تۇرۇپ سېسىق گەپ قىلىشۋاتقان. توۋۋا، قانداق بىر مىللەتكىن بۇ، مىللەت ئەمەس، ئىللەتقۇ بىز...، - ئەكرەمنىڭ كاللىسىدا شۇنداق ئويلار توختىماستىن ناغرا-سۇناي چېلىپ، كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويۋاتاتتى. مىللەت ئۈچۈن دېگەن ئۇلۇغۋار خىياللىرى بەزىدە ئۇنىڭغا قۇرۇق خىيالدەك، زىيادە ئىشتەك، بىكارچىنىڭ قىلىقىدەك بىلىنىپمۇ قالاتتى.

- قويە ئۇكام، نېمە بۇ؟ قوتۇر ئىشەكنىڭ ئەسكى توقۇمىدەك نەرسىنى ئۆيۈڭگە گىلەم دەپ سېلىۋاپسەندە... هە بوپتۇ، يارىشىپتۇ ئۆيۈڭگە...،- چىرايلىق كىينگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمنىڭ گېپى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن هازىرغىچە كەتمەيۋاتاتتى.

-ئىستت ئۇنىڭغا قويغان تامىقىم...،- دەپ پىچىرلىدى ئەكرەم ئاچچىقىدا تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق بىرقانچىنى تارتىپ قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، زەردە بىلەن دەسسەپ يىمىرگەچ. سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك ئاقتەنلىكلەر، قارا قاش، قارا چاچلىق ئوتتۇرا شەرىقلىكلەر، ئۇششاق بۇدرە چاچلىق، قارا ئەتلىك قاراتەنلىكلەر، گازىركۆز، بۇغداي ئۆڭ ئاسىيالىقلار بىلەن تولغان ياۋروپا كوچىسىدا يالغۇز كېتىۋاتقان ئەكرەمنىڭ خىيالىدا تۈرلۈك تۈمەن خىياللار، تۈرلۈك چىگىش جاۋابلار لاغايلىماقتا ئىدى. باغچىنىڭ ياغاچ ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى ئەكرەم يەنە بىرتال ياماكىسىنى تۇتاشتۇرغاچ.

-ۋوي ئاداش، بارالماي قالدىم سىلەرنىڭ سورۇنغا، ئۆيگە ۋەتەندىن يېڭى كېلىپ پاناهلىق تىلىگەن بىچارە سەرگەرداندىن بىرسى كېلىپ قالغان دېگىنە، شۇنىڭغا تاماق قىلىپ بېرىمەن دەپ...،- ياۋروپاغا يېڭىدىن پاناهلىق تىلەپ كەلگەندە يۇرتدىشىم دەپ ئۆيىگە كىرگەن بىرسىنىڭ ئايالى ئېيتقان سۆزلەر ئۇنىڭ ياۋروپاغا چىقاندىكى دەسلەپكى ئەڭ يامان تەسىراتىغا سەۋەبچى بولغانىدى.

- ئىستت، پوقۇمنى يەپ بېرىپتىمەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە...- ئەكرەم تاماكىسىنى يەنە كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ۋەتەن سېغىنىشىنىڭ ئوتى بىلەن ياۋروپادىن يېتىمسىرەش تۇيغۇسى تەڭلا ئورۇن ئېلىپ، مەدەنىيەت توقۇنىشى دەۋرىدە تۇرغان بىچارىنى قاتتىق ئازاپلارغا مۇپتىلا قىلماقتا ئىدى.

- do you have fire؟ (تەرجىمىسى: ئوتۇڭ بارمۇ؟)- چىرايلىق سېرىق چاچلىق بىر چوكان تاماكىسىنى چىشلىگەچ ئۇنىڭغا قارىدى. ئەكرەم چوكاننىڭ چىرايلىق فىگۇرىغا ۋە يوغان كۆك كۆزلىرىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن.

- yes, but what kind of fire you want؟(تەرجىمىسى: بار، ئەمما قانداق ئوتنى دەمەكچى؟)- دەپ يانچۇقىدىن چاقمىقىنى چىقارغاچ چوكانغا قاراپ هىجايدى. تووۋا، شۇ تۇرقى ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق قىلىقنى قىلىپ قالغانلىقىنىمۇ

بىلمەي قالغانىدى. قىز دوستى ئابىدە بىلەن شۇنچە يىل ئارىلىشىپمۇ، توي قىلغىچە هارام بولىدۇ دېگەن ئىمانى بىلەن نەچچە قېتىملاپ شەيتان دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەن ئەكرەم، ئەمدىلىكتە ماۋۇ چوكانغا قاراپ ئاجايىپ تەمەلەردە ھىجىيىپ سالدى دېسە؟

- ئۆتكەندە بىر كۇلۇپقا بارغان دېگىنە، ئاجايىپكەن بۇلار، ئۇسسۇل دېگەننى ئويناپ چاك چىقىرىۋېتىپتىمەن مەسىلىكىمدە، بىركەمدە ئېسىمنى بىلسەم تاكسىدا كېتىپ بارىمەن، قۇچىقىمدا چىرايلىق سېرىق چاچلىق بىر قىز. تووۋا...، - مەھمۇتنىڭ سۆزلىرى ئۇنى خېلى بىر چاغلارغىچە غىدىقلاپ، ئەرلىك ھورمۇنى ئۇلغۇيىۋاتقان ياش يىگىتلىك ھېسلىرىنى شەيتان يوللىرىغا قانچە قېتىم باشلىغانىدى. يالغۇزلۇق ئادەمنى نېمە كويغا سالمايدۇ ھە؟!...

- ha ha ha, you are so funny, what kind of fire you have؟- چوكان ھىلىگەرلەرچە جادۇ كۆزلىرىنى ئەكرەمنىڭ ئۇستى بېشىغا بىر يۈگۈرتىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ ئولتۇردى. چوكانىنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان قويۇق ئەتتىر ھىدى بىلەن يالىڭاچ بىلەكلىرىدىن ئەكرەمنىڭ بىلەكلىرىگە ئۆتكەن ھارارەت ئەكرەمنى غىدىقلاپ كۆزلىرىنى قىزارتىشقا باشلىغانىدى. بىچارە ئابىدە شۇتۇرقى ھۇجرىسىدا ئەكرەم بىلەن ئىككىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا چۈشكەن سۈرەتلەرگە قاراپ، كۆزلىرىنى ياشلاپ ئولتۇراتتى.

- قىزىم، ھېلىقى خوتۇندىن تېلفۇن كەلدى، سېنىڭ ئىشىڭنى پات يېقىندا پۈتكۈزىمەن دەيدۇ. خۇدايىم بويرىسا مۇشۇ جايدىن بىر يولغا چىقىۋالساڭ، بارساڭ ئەكرەمجانمۇ بار، بىزمۇ خاتىرجەم بولاتتۇق. ھە دېگەندىلا ياشلارنى تۇتۇپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ بۇ كوگچەنداڭ، نېمە بولىدىكىن تاڭ. قوشنىمىزنىڭ بالىسى ئەھمەتنى تۇتۇپ كەتكىلى ئىككى يىل بولدى، بىچارىنىڭ ئاپىسى يالغۇز ئوقۇتقانىدى ئالىي مەكتەپتە، ئەمدى بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ھالاۋىتىنى كۆرەي دېگەندە كۆزتەگكەندەكلا بولدى ئۇلارغا. قاچانلا قارىسا بالام ئۆلمىدى، بالام ھايات دەپ يىغلاپلا تۇرغان. ئۇنداق كۈنلەرنى بىزگە ھارام قىلسۇن ئىلاھىم، بوپتۇ بالام، بىز رازى، ئىشىڭ پۈتىدىغان بولسىلا يىراقلارغا ئۇچۇپ كەت، قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى دەپ يۈرەرمەن....- ئانارخان ئانا

تېخى تۆنۈگۈنلا ئابىدەنىڭ چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ شۇ گەپلەرنى قىلىپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئابىدە مۇھەببىتىنىڭ ۋىسال تەشنالىقىدا كۆيگەن يۈرىكىگە پات يېقىندا بولغۇسى ئاتا-ئانا ھىجرانىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇنلا تۇتاشماقتا ئىدى. ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس لاتاپەتلىك، قارا چاچ، يوغان قارا كۆزلۈك ئابىدە يىگىتىنىڭ سۈرىتىنى يۈرىكىگە يېقىپ ئۈنسىز يىغلىماقتا.

- whre are you from؟(تەرجىمىسى: نەدىن كەلدىڭ؟)- سېرىق چاچلىق چوكانىنىڭ سۇئالى ئەكرەمنىڭ شەيتان يېرىم قەدەم دەسسەپ بولغان يۈرىكىگە يەنە ئاغرىق سېلىپ قويىدى. مۇشۇ سۇئال، دەل مۇشۇ سۇئال ئۇنى بىر يىلدىن بۇيان قاتتىق ئازاپلارغا مۇپتىلا قىلمىغانمىدى؟! بۇ سۇئال گەرچە ئاددىي گىراماتىكىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئېنگلىس تىلى ئۆگەنگەن ھەرقانداق ئادەم ئەڭ دەسلەپتىلا ئۆگۈنىدىغان مەزمۇن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر پۇشتىغا بۇ سۇئالغا جاۋاب بېرىشنى ئۆگۈنۈش ئۇنداق ئاسانغا توختىمايتتى. بولۇپمۇ ئەكرەمدەك بۇ سۇئالنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن شۇنداق ئىدى. ئەكرەم ئۆزىنى "جۇڭگولۇق" دەپ باقماقچى بولدى، ئەمما نامايىش قىلغان كۈنى غايىپ بولغان دوستلىرى، كۆز ئالدىدا خىتايلار تەرىپىدىن قىلىچ-كالتەك بىلەن چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ سىماسى
ئۇنىڭ "جۇڭگولۇق" دېيىشىگە گۇمان ئەمەس، مۇتلەق "ياق" دېگەن جاۋابنى تاڭغانىدى. "شەرقىي تۈركىستانلىق" دېسىچۇ؟ ھەر ئىشنىڭ بىر باش ئاغرىقى بولىدىكەن، بولۇپمۇ "شەرقىي تۈركىستان" ئاتىلىق بۇ مەرھۇم دۆلەتنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىش شۇنچىلىك قىيىن ئىشكى، ئەكرەملا ئەمەس، بەلكىم ھەرقانداق ئۇيغۇر بۇنىڭدىن بىتاقەت بولۇشى مۇمكىن. ئامال يوق، ۋەتەنسىز مىللەت ئۈچۈن كىملىكىنى ئېنىقلاشتىن ئارتۇق مۇشەققەت ئىمتىھان سۇئالى بولسۇنمۇ؟!

- I am from East Turkista (مەن شەرقىي تۈركىستاندىن)،- ئەكرەم يەنە بىر قېتىم مەرھۇم ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ نامىنى ئاڭلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ جاۋابقا ئۇلۇشۇپ كېلىدىغان سۇئاللارغا ئۇ كۆنۈك ئىدى، كۆنمەيمۇ ئامال يوق ئىدى. بىر قېتىن ئۇ بۇنداق سۇئاللارغا بەنت بولمىغان، ئەنە ئۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم بۇندا سۇئاللاردىن خالاس ھالدا ئۆز كىملىكىنى بىر ئېغىز "ئۇيغۇر" سۆزى بىلەن تونۇشتۇرغان ۋاقىت ئىدى. شۇ قېتىم

ئۇنىڭ يىگىتلىك كىكزلىرىگە ياش كەلگەن، يۈرىكى تونۇلۇش ھاياجانىدا تىترىگەنىدى. ياشانغان تۈرۈك بوۋاي ئۇنىڭغا" ئوگلۇم، سەن بەنىم سويداشىمسەن" دېگىنىدە ئۇنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسى تىترىگە نىدى. شۇنداق، بىچارە ۋەتەنسىز ئۇيغۇرنى ھەركىم تۇنىمايدىغان، تونىسمۇ تونىماسقا سالىدىغان زاماندا، بىرسىنىڭ" سەن مېنىڭ قېرىنداشىم، ۋەتەنداشىم" دېيىشى ئەلۋەتەتتە قانچە يۈز مىڭ كىلوگرام ھاياجاننى ئېلىپ كېلىدۇ-دە.

- (سەن تۈركىيىنىڭ ?ow, are you from east part of turkey? Kurdish شەرقىدىنمۇ؟ كۈرتمۇ سەن؟)- سېرىق چاچ چوكان باشقا كىشىلەردەكلا ئوخشاش ئەگەشمە سۇئالنى سورىدى. ئەكرەم يەنە يادا بولۇپ كەتكەن جاۋابنى بېرىشكە باشلىدى. بەزىدە كىشىلەر سوراپ زېرىكەتتى ياكى راست چۈشۈنۈپ سوراشتىن توختايتتى. سېرىق چاچ چوكانمۇ شۇنداق بولدى، ئەكرەمنىڭ تېلفۇنىنىڭ سايرىشى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۇزدى.

- ۋەي، جېنىم تورغا چىقمىدىڭىزغۇ؟ - ئابىدەنىڭ ئاۋازى يىگىتنى شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن ئويغاتتى. ئاھ مۇھەببەت، سەن نېمانچە ئۇلۇغ سەن! كىشىگە پاكلىقنىمۇ، ئىپپەتنىمۇ، غورۇرنىمۇ سەن تونۇتقان. ئەكرەم ئابىدەنى قانچىلىك سېغىنىدى ھە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ساپ مۇھەببەت، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ساپ ھىسسيات، ئۇلاردىكى ۋىسال ئىنتىلىشى كىشىگە مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى، ۋىسالنىڭ قانچىلىك قىممەتلىكلىكىنى تونۇتاتتى. قانچىلىغان ياش قىز يىگىتلەر شۇنداق ھىجراندا ئۆرتىنىۋاتقاندۇ؟ قانچىلىغان ۋىسال ئىنتىلىشلىرى ھەر بىر مىنۇتنى خۇددىي مىڭ يىللارچە ئازاپقا مۇپتىلا قىلىۋاتقاندۇ؟! ئەكرەم ئورنىدىن تۇردى، سۆيگەن يارى بىلەن ئىنتېرنېتتا سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. مەن كىم؟ قەيەردىن كەلدىم؟ دېگەن سۇئال ئۇنى دەقىقە بولسىمۇ ئازاپلاشتىن توختىتىغاندەك قىلدى. شۇنداق، ئەكرەم مەرھۇم ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلدى، ھىجرانلىق مۇھەببىتىنى تاشلاپ، ئاتا-ئانىسىدىن، بوۋا-موملىرىنىڭ قەبرىسى ياتقان ئانا تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ، ياۋروپاغا كەلدى. ئەمما ئۇ كىم؟ ئۇيغۇر، ئۇ ئۇيغۇر بالىسى،

ۋەتەنسىز، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئاز دېگەندە يېرىم سائەت كېتىدىغان جاۋابلارنى بېرىشكە مەجبۇر بىر توپ كىشىلەرنىڭ بىرى.

-ھەي، ئۇيغۇر، سەن ئاجايىپ خەق جۇمۇ. سەندىن باتناپ قالىمەن، سېسىق گەپلىرىڭدىن زېرىكىپ، خاپا بولۇپ قالىمەن. ئەمما، يەنىلا سېنى سۆيىمەن. سېسىق گەپ قىلساڭمۇ ئانا تىلىمدا، تىللىساڭمۇ ئانا تىلىمدا سۆزلەيسەن. بەلكىم بەك تەلەپچان سەن، شۇڭا تەلەپچانلىقىڭنى پۈتلىغانلىق دەپ بىلىپ قالىمەن. ھا ھا ھا، ئويلاپ باقسام مەن يەنىلا سېنى سۆيىدىكەنمەن، خۇددىي ئابىدەنى سۆيگەندەك،- ئەكرەم يولدا كېتىۋاتقاچ شۇگەپلەرنى ئىچىدە پىچىرلاپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ يۈز يىللار بۇرۇن يېيىتىلغان تاش يولدا كېتىپ باراتتى، ئىچىدە:

- مۇشۇ تاشلار يولغا يېيىتىلغاندا مېنىڭ ۋەتىنىم بار ئىدى، ئىنشائاللاھ، مۇشۇ تاشلار گۇۋاھچى بولسۇنكى، ئۇلار يەڭگۈشلەنگىچە ۋەتىنىمنىڭ ئازاتلىقىنى چوقۇم كۆرىمەن! يا ۋەتىنىمنىڭ تاشلىرىغا ئىسسىق قېنىمنى چېچىپ ئۆلىمەن!...-دەپ پىچىرلايتتى.

# ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتى

يېقىندا بىر خىتاي "ئەدىب"ياكى "تارىخچى" ئۇيغۇرلار بىلەن تۇرۇكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھىيلەپ، ئۆزى ئىشەنگەن تارىخىي مەۋقەدە تۇرۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنى ئۆزى ئىشەنگەن تارىخىي مەۋقەدە تۇرۇپ دېگەندىن كۆرە، ئۆزى ئېتىقاد قىلغان سىياسىي مەيداندا تۇرۇپ، ئۆزى تەۋە مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلار بىلەن تۇرۇكلەرنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى شەرھىيلەپتۇ-دېسەك تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. ئۇنىڭ كىتابىنى تولۇق ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولساممۇ، كىتابىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر ۋە كىتابىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تونۇشتۇرغان يازمىلاردىن، ئۇنىڭ ئېنىقلىماقچى بولغان ئېنىقلىمىسىنىڭ :" ئۇيغۇرلار

تۈركىيە تۈرۈكلىرى بىلەن تارىخىي نۇقتىدىن ۋە ئىرقىي نۇقتىدىن ئورتاقلىقىقا ئىگە ئەمەس، بەلكى ئىچىنىك كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئەكسىچە خىتاي مىللىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، خىتاي مىللىت بىلەن ھازىرقى گىئوپولىتىكىلىق جەۋەتتىن ھەم قېرىنداش مىللەت" دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بىلدىم. بۇنىڭغا باھا بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرنىڭ "مىللىي قېرىنداش تونۇش"ھىسسىياتىنى ئېنىقلاشنى راۋا بىلدىم.

ئۇيغۇرلار ۋەتەنسىزلىكنىڭ زۇلمەت كۈنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان مەزلۇم مىللەت بولۇشى بىلەن، ئىنسانىنىڭ نورمال تەبىئىتىدە تۇغۇلىدىغان ئۆزىگە ھەر تەرەپتىن ياردەمچى ئىزدەش ياكى بىر قېرىنداش تېپىش ئارقىلىق يالغۇزلۇق تېگىرقىشىدىن قۇتۇلۇش پىسخىكىسىدا بولۇشنى بۆگۈنكى پىسخولوگىيە ئىلمىلا ئەمەس، بەلكى تارىختىكى نۇرغۇن پاكىتلار توغرا چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ھەرقانداق بىر مىللەت ياكى يەككىلىك ئاجىزلىغان ۋاقتىدا ئالدى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىزدەش تەمەسىدە بولۇشى تەبىئىي. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئەنە شۇنداق يالغۇزلۇق تېگىرقىشىدا ئىتتىپاقچى ئىزلەش ئارقىلىق تەرەققىي قىلغاندۇر. ئۆزەمنى دارۋىنىزىمچى دېيەلمەيمەن، ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ ئافرىقىدىن چىققانلىقى ۋە دۇنياغا تارقىلىش جەريانىدا يەككىلىكلەرنىڭ بىرلىككە كېلىپ بىر پۈتۈن جەمئىيەتلەرنى شەكىللەندۈرگەنلىكىگە ھازىرقى ھالىتىمدە ئىشىنىشىم مۇمكىن، ھازىر ئىلىم جەمئىيىتىدە بىر قەدەر ئورتاق قوللاشقا ئېرىشكەن ئەنە شۇ نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئىنسانلار قېرىنداش تونۇش ئارقىلىق ئىتتىپاقچى تاپقان ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق مۇھىتنىڭ ۋە تۈرلۈك باشقا چەكلىمىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، ھازىرغا قەدەر تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنى ئابىدە قىلىپ تەرەققىي قىلغان. ئەمدى گەپنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ۋە قېرىنداش تونۇش پەلسەپىسىگە يۆتكىگىنىمىزدە، گەرچە ئۇيغۇرلار ۋەتەنسىزلىكتەك ناتىۋان ھالەتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنى بار/ دېمەكچى دۆلىتى بار ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزى بىلەن ئېتنىك جەھەتتىن ياكى مەدەنىي جەھەتتىن بىۋاستە ياكى تارىخىي مۇناسىۋىتى بار مىللەتلەرنى قېرىنداش تونۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىگە ئوخشاش ۋەتىنى/ دېمەكچى مۇستەقىل دۆلىتى بولمىغان، ئەمما ئېتنىك يىلتىز ياكى ئېتىقاد جەۋەتتىن مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەرنىمۇ قېرىنداش تونۇپ، ئۇلارغا شارائىتىگە ماس ھالدا

يېقىنچىلىق ئىپادىلەپ كەلمەكتە. ئۇلاردىن ئۇيغۇرلارغا قانچىلىك نەپ كېلىشى ئېنىق بولمىسىمۇ، ھەتتا بەزىلىرىدىن نەپ ئەمەس، ئەكسىچە تەسىرلەر كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆزىگە ماسلاشقان ھالدا، ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان لوگىكىدا تۇرۇپ قېرىنداشلىرىنى تونۇپ كەلدى. قېرىنداشلىق تونۇشىنىڭ ئالدىنقى كاتىگورىيىسىگە تۈركىيە تۈرۈكلىرى كىرسە، كېيىنكى كاتىگورىيىسىگە ئىراق تۈركمەنلىرى كىرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا مىساللار كۆپ، ئەمما مېنىڭ بىلىش دائىرەمنىڭ چەكلىك بولۇشى، ۋە ماقالىنى ئىخچام تاماملاش ئارزۇيىم بويىچە، بۇ جايدا كۆپ توختالمىدىم. ئەسلى گەپكە كەلسەك، ئۇيغۇرلار ھەرقانچە ناتىۋان قالغان بولسىمۇ، ھەرقانچە ئېغىر كۈنلەرگە مۇپتىلا بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىچارىلەرچە دۈشمىنىنى قېرىنداش تۇنىدىغان دەرىجىدە ھاماقەتلەشكىنى يوق!

مېنىڭ تارىختىن سۆز ئېچىشىم بەلكىم ھاجەتسىز، يىراق تارىخقا قارىغىنىمىزدا، بىزگە قانچىلىك خىتاي قېنىنىڭ سىڭگەنلىكىنى پىرسەنتلەپ باھا بېرىش ھاجەتسىز، مۇھىم بولغىلى شۇكى، بىزنىڭ قانچىلىك ئاتا مىراس زېمىنلىرىمىز خىتاي تېرىتورىيىسىنىڭ ھەقىقىي بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى؟ كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنلىرى، قاشقوۋۇق شەھىرى ... قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ماكانلىرىنىڭ مۇھىم قىسمىلىرى ئىدى، ھازىر ئۇلاردا قانچىلىك ئۇيغۇر ياشايدۇ؟ قانچىلىك قېرىندىشىمىز خىتايلار تەرىپىدىن قىرغىن قىلىندى؟ ئەقەللىسى مۇشۇ ئاتمىش يىلدا بولغان يىغىلىقلار ۋە قىرغىنلاردا جان بەرگەن ۋە قەستلەنگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سانىنى قاچان ستاتىستىكا قىلىمىز، شۇ چاغدا بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەيمىز. تىبەتلەرنى خىتايلار 55-يىلى ئىشغال قىلغىچە بولغان ئارلىقتا يەتتە مىليونغا يېقىن تىبەتلىكنى قىرغىن قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ تىبەتلەر. تىبەتكە قارىغاندا نوپۇسى ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئۇيغۇرلاردىن قانچىسى قىرغىن قىلىنغاندۇ؟! مانا بۇ بىزنىڭ بۇ جايدا ئۆلچەيدىغان ئۆلچىمىمىزدۇر. خىتاي بىزنى قېرىنداش تونۇشقا ئالدىرىغان بولسا، توقۇلما تارىخىي ئىسپاتلارنى ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدىكى مىللىي زىددىيەتنى ئاۋۋال تەپەككۇر ئېلىمەنتى قىلىشى كېرەك. بۇ ناتىۋان مىللەتنىڭ خىتايلار قانچە كۈچىسىمۇ، نىمە ئۈچۈن دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ بۈيۈك، ئىقتىسادى گ د پ ھىسابى بويىچە ئىككىنچى بۈيۈك ھالەتتىكى بۇ مىللەتنى قېرىنداش

تونىمايدىغانلىقىنى؟ بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا ياشاپ تۇرۇپمۇ قېرىنداشلىق ھىسسىياتىدا بولالمىغانلىقىنى ئوبدان تەپەككۇر قىلسۇن، ئاندىن بىزنى قېرىنداش تونۇشقا بىر نىئومېتىر كەلگىدەك ۋىجدانى، ئادىمىي غورۇرى بولسا شۇنى دەسمايە قىلىپ، ئاندىن كېلىپ سۆز ئېچىپ باقسۇن، ئەلۋەتتە يەنىلا ئوخشاش سوغاق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ.

ختاي بىلەن قانداشلىقىمىز راستلا يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار، بىزدە ئورتاق ئىنسانلىق گېنى بار، ئەمما ئوخشمايدىغىنى بىزدە ئىنسانلىق غورۇرى بار، ختاينىڭ ۋىجدانسىز سىياسەتچىلىرىدە ۋە سىياسىي تەشۋىقاتىنىڭ سېسىق سۈيىدە مېڭىسى يۇيۇلۇپ كەتكەن ئىنسانلىرىدا ئۇنىڭدىن بىرتال مالىكولىمۇ يوق. ختايلار بىز بىلەن تارىختىن بۇيان قوشنا ھالەتتە ياشىغان مىللەت، ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا نۇرغۇن قېتىم تۇرلۇك - تۇمەن سەۋەبلەر تۇپەيلى ساۋاشلار بولغان، ئارىمىزدا بەلكىم ئىتتىپاقلىشىش ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان، ئەمما ھېچقاچان ئاپاق- چاپاق بولۇشۇپ، بىر مىللەت بولۇش ياكى بىر- بىرىمىزنى قېرىنداش تۇتۇش بولۇپ باقمىغان. تۇرۇكلەر بىلەن بولغان تارىخي ۋە بۈگۈنكى مۇناسىۋىتىمىزنى ئىزاھلاش مەنچە بىھاجەت. ئەمما ئېنىقلاشقا تېگىشلىك بولغىنى بىزنىڭ ختاي مىللىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدۇر. بىزنىڭ ختاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز نېمە؟ بىزنىڭ ختاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز، تارىختا قوشنا ئەللىك بولغان بولسا، بۈگۈن ئۇيغۇر ئېزىلگۈچى، مۇستەملىكە قىلىنغۇچى، ختاي بولسا دەل ئۇيغۇرنى ئەزگۈچى ۋە مۇستەملىكە قىلغۇچى، ئەڭ يامىنى، ختاي ئۇيغۇرنى تامامەن يوق قىلىش غەرىزىدە تىمىسقىلاپ يۈرگۈچى! مانا بۇ بىزنىڭ بۇ ئاتالمىش قېرىندىشىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدۇر.

## بىزنىڭ ئارزۇيىمىز

بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قەلبىمىزدە بىر بۈيۈك ئارزۇ يوشۇرۇنغان، مەيلى ۋەتەندە گاھىلاردا كۆك ئاسمانغا قاراپ "كۆك" خۇمارىمىزنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئوت يۈرەكلەردىن بولايلى، ياكى ۋەتەن سىرتىدا "كۆك" نى كۆتۈرۈشۈپ نامايىشلار قىلىۋااتقانلار بولايلى، قەشقەرنىڭ كوچىلىرىدا كېتىۋاتقانلىرىمىز بولايلى، خىتاينىڭ شەھەرلىرىدە يايمىچىلىق قىلىۋاتقانلىرىمىز بولايلى، ياكى چەتئەللەردە ياشاۋااتقانلىرىمىز بولايلى، مەيلى ئاشكارا سورۇنلاردا ئېيتايلى-ئېيتمايلى، ھەممىمىزدە بۇ چۈش بار. بۇ چۈش بىزگىلا خاس ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ قېرىنداشىمىز، تەقدىرداشىمىز بولغان مىللەتلەردىمۇ، ياكى بىز بىلەن تارىخلاردىن بويان بىرگە ياشاپ زېمىنىمىزدا بىز بىلەن قېرىنداشلىق ئورناتقان مىللەت توپلىرىدىمۇ مەۋجۇد. ئۇ بولسىمۇ ھۆر دۆلەتىمىز شەرقىي تۈركىستان چۈشىدۇر!

بىزدە بىر چۈش بار، بۇ چۈش ھۆر دۆلىتىمىزنىڭ بولۇشى، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇش چۈشىدۇر. بىز ئەزەلدىن ھۆر ياشاپ كەلگەن، دۆلەت قۇرغان ۋە باشقىلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا ياردەملەردە بولغان مىللەتمىز. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرۇپلا قالماي، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشىنى قوللاپ كەلگەن مىللەتمىز. بىز مىللەت روھى ئۆلگەن، باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا قانائەت قىلىدىغان ھالغا كەلگەن مىللەت ئەمەسمىز، بىز ئەزەلدىن ئۆز دۆلىتىمىزدە ياشاپ كەلگەن، ھۆرلۈككە كۆنگەن مىللەتمىز! ئاتا-بوۋىمىز مەيلى مۇھتەشەم گۈللىنىش دەۋرلىرىمىزدە بولسۇن، ياكى زۇلمەت دەۋرلىرىمىزدە بولسۇن ئۆز دۆلىتىنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ كەلگەن، ئۆز تۇپرىقىنى ۋەتىنى بىلگەن، ئۆزگىلەر تۇپرىقىغا چاڭ سالمىغان ئىنسانلاردىن ئىدى، مانا بىز ئاتا-بوۋىمىزنىڭ ئۇدۇمىغا، مىللىتىمىزنىڭ جىسمىدا تەبئىي بولغان ھۆرلۈك گېنىغا خىلاپ قالدا ئۆزگىلەر ئىستىلاسى ئاستىدا ياشىغىنىمىزغا ئاتمىش يىلدىن ئاشتى. بۇنىڭغا بىز كۆنمىدۇق، كۆنمەكچى بولساقمۇ كۆنەلمەيتتۇق، چۈنكى ئىستىلاچىلار تولىمۇ رەزىل، تولىمۇ ئادالەتسىز، تولىمىز شەپقەتسىز ئىدى. بۇنىڭغا مۇشۇ ئاتمىش يىل مابەينىدە تۆكۈلگەن قانچە قېتىملىق مىللىي قىرغىنچىلىققا ياتىدىغان قانلار گۇۋاھ ئىدى. بىز بۇ ئاسارەتكە كۆنمەكچى بولساقمۇ، ئىستىلاچى دۈشمەن ئۆزىنىڭ رەزىللىكلىرى، ئادالەتسىزلىكلىرى، شەپقەتسىزلىكلىرى بىلەن رەددىيە بېرىپ كەلدى. بىز ئۇ تائىپە بىلەن

ياشىيالمايدىغانلىقىمىزنى، ياشىماقچى بولساق چوقۇم ۋەيران بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. ھەر بىرىمىز تونۇپ يەتتۇق، مەيلى بىز مۇناپىق ساناۋاتقان ئىنسانلىرىمىز بولايلى، ھەممىسى تونۇپ يەتتى. بىزدىكى ئورتاق ئارزۇ بارا-بارا ئاشكارە بولۇشقا، گويا تۇننىسپىدە دېرىزە پەردىسىنى ئاستا قايرىپ قارىغاندا كۆرۈنگەن قوتانلاشقان تولۇن ئايدەك نامايىش بولۇشقا باشلىدى.

بىزدە بىر چۈش بار، بۇ چۈش بىزنى ھامان غىدىقلاپ كەلدى، بۇ چۈشنى ئاتا بوۋىلىرىمىز قۇرغان دۆلەتلەرنىڭ روھى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. يىراق زامانلاردىن كۆك تۈرۈك خانلىقى، ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى، قۇچۇ خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى، ئىلى سۇلتانلىقى، ئۇدۇن دۆلتى، كىروران دۆلتى ، قاراخانىلار خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى، قەشقەرىيە دۆلتى ..... ھازىر تارىختا ئاشكارا بولغان ياكى بولمىغان بارلىق تارىخىي دۆلەتلىرىمىزنىڭ روھى بىزگە بىر چۈشنى ھامان ھاۋالە قىلىپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ ھۆر دۆلىتىمىز شەرقىي تۈركىستان چۈشىدۇر! بۇ چۈش ئالدىنقى ئەسىردە ئىككى قېتىم ئەمەلگە ئېشىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بۇ مىللەت روھىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ دۆلەتلىرىمىز ئەينى زاماندىكى رەزىل ئويۇنلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، شۇ دەۋىردە ياشىغان بوۋىلىرىمىزغا گۈزەل پەيتلەرنى بېرىپ كەتتى. نەگىلا قارىساڭ ۋەتەن، ئۆزىمىز تەبئىي ھوقۇقىمىز بولغان ۋەتەندىن بەھىرلىنىش ھوقۇقىنى سۈرۈش، بوۋايلارنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد، باللارنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد، ياشلارنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد، ھەممە ئۈمىد بىلەن ياشايدىغان دەۋرلەر شۇ دەۋر دىكى بوۋىلارنىڭ گۈزەل ئەسلىملىرى بولۇپ كېتىپ قالدى. بۇ ئەسلىملەر خاس ئۇلارنىڭلا ئەسلىملىرى بولماستىن، بۈگۈنكى دەۋردە ياشاۋاتقان بىزلەرنىڭمۇ گۈزەل ئەسلىملىرىمىز بولۇپ قالدى. ئۇ دەۋر تارىختا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، ئۇ دەۋرنىڭ سايىسى يۈرىكىمىزگە ئورنالغان ئىدى، ئارىمىزدا نۇرغۇنلىرىمىز شۇ دەۋرنىڭ خۇمارى بىلەن مەيلى قانچىلىك زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىسۇن، شۇ دەۋرگە قايتىش ئارزۇسىدا قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ ھوزۇرى بىلەن، پۈتۈن جىسمى قىيىن قىستاقلار دەستىدىن ۋەيران بولغان بولسىمۇ، كۆزلىرىدە جەننەت سايىسىدىن يانغان كۈلكە بىلەن كېتىپ قالدى. شۇنداق، بۇنداق بىر ئۇلۇغ چۈش،

ئېتىقاد بىلەن ئەجداد ئۇدۇمى مۇجەسسەملەنگەن ئارزۇ يولىدا قۇربان بولۇش مۇبارەك دىنىمىزدىمۇ شېھىتلىك مۇقامىغا ئېلىپ بارىدۇ ئەمەسمۇ!

بىزدە بىر چۈش بار، بۇ چۈش ھېلىھەم ھەربىر كىشىمىزنىڭ قەلبىدە مەۋجۇد، مەيلى ئاشكارا قىلايلى ـ قىلمايلى، بۇ چۈش يۈرىكىمىزنى ھامان كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ قەبرىلىرىمىز ھامان يېڭى ـ يېڭى كىشىلىرىمىز بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ چۈش بىزنى كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ، ئەمما شۇ كۆيۈك بىزگە ئاجايىپ قۇۋۋەتلەرنى بەرگەنكى، ئاشۇ قەبرىلەر قاتارىغا ماكان ھازىرلاشقا ھەر زامان نۇرغۇن ئىنسانلىرىمىز رازى بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، نىشانىمىز ھۆر ۋەتەن ۋە مۇقەددەس جەننەت ئىدى. بۇ يول رەزىلىنىڭ ۋەھشىيلىكلىرى، ھىيلىگەرنىڭ قىلتاقلىرى، ساتقۇنىنىڭ پىچاقلىرى، ئانىلارنىڭ ھىجرانلىرى، باللارنىڭ قۇربانلىرىغا تولغان يول، ئەمما بۇ يول جەننەتنىڭ تۆرىنى ۋە زېمىندا قۇرۇلغۇسى بولغان ھۆر ۋەتەننى نىشان قىلغان يول ئىدى. مەيلى ھېس قىلايلى ـ قىلمايلى، بىز مانا مۇشۇ يولدا كېتىپ باراتتۇق. پۈتلىرىمىز تىكەنلەر ئازابىدا، دىللىرىمىز گاھى تېگىرقاشلاردا بولاتتى، چۈنكى دۈشمەن ھەقىقەتەن زور ئىدى. مانا، دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغىنىمۇ شۇلار، دۇنيانىڭ قەيەرگىلا بارساڭ شۇلارنىڭ مېلى، مەيلى قەيەرگىلا بارساڭ شۇلارنىڭ تەلەتى، مەيلى نېمىلا قىلمىساڭ شۇلارنىڭ بېسىمى، ۋادەرىخ، ھەتتا دىنىي ۋە ئېرقىي قېرىنداشىڭمۇ شۇلارنىڭ ئاقچىسىغا سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭنى سېتىپ بەرمەكتە، خۇددىي يەكشەنبە بازىرىدا قوي ـ ئۆچكىلەر، ئېشەك ـ كالىلار، توخۇ ـ ئۆردەكلەر سېتىلغاندەك، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ كۆرۈنمەس بازارلىرىدا ئۇيغۇر مانچە پۇل دېيىشىپ، بەزىلىرىمىزنى جىڭلاپ، بەزىلىرىمىزنى مېتىرلاپ سېتىشماقتا. مەلئۇن دۈشمەن ئۆز تۈپرىقى خىتايدا قىزلىرىمىزنى ئەرمەك قىلىپ يېتىشماقتا. ئاھ، مىللىتىمىز نېمە كۈنلەرگە مۇپتىلا بولدى ـ ھە؟! تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئازاپلىق كۈنلەرگە مۇپتىلا بولدۇققۇ بىز! ئۇرقۇن خانلىقى ۋەيران قىلىنغاندا، كۆلبىلگە قاغانىمىزنىڭ باشچىلىقىدا ئۆز زېمىنىمىز بولغان، ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا ھىجرەت قىلغان ئاشۇ زۇلۇملۇق كۈنلەردىمۇ بۇنچە خورلۇق تارتمىغان ئىدۇق، قارىمامسەن، ئەمدى قېنى شۇ قاغانىمىز؟ ياق، بۇ تېخى زۇلمەتنىڭ باشلىنىشى ئىدى، تۈلۈق ئاي بارا ـ بارا قارا بۇلۇتلارنىڭ تۇتقۇنىدا قېلىپ، ھېلىقى دېرىزىدىن مارىساق سىرتتا جۇدۇن باشلانماقتا ئىدى...

بىزدە بىر چۈش بار، بۇ چۈش سەندە بار، ئۇنىڭدا بار، مەندىمۇ بار. قېرىنداشىم، بۇ چۈش ھەممىمىزدە بار! بۇ چۈش مېھرىبان ئاناڭنىڭ ساڭا دېيەلمىگەن چۈشى، بۇ چۈش جاپاكەش داداڭنىڭ ساڭا ئېيتالمىغان چۈشى، بۇ چۈش گۈزەل سىڭلىڭنىڭ ساڭا پىچىرلىيالمىغان چۈشى، بۇ چۈش مەرھۇم بوۋاڭنىڭ ۋەسىيەت قىلالمىغان چۈشى، بۇ چۈش گۈزەل ئايالىڭنىڭ سەن بىلەن سىردىشالمىغان چۈشى، بۇ چۈش قەدىناس بۇرادىرىڭنىڭ ساڭا ھاۋالە قىلالمىغان چۈشى، بۇ چۈش سەن ماڭا دېيەلمىگەن چۈشۈڭ، بۇ چۈش بىز رېئاللىقتا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان چۈش، بۇ چۈش بىز بىرلەشسەك رېئاللىقتا چىقىرالايدىغان چۈش! قېرىنداشىم، چۈشلىرىمىزنى ئويغىتايلى، ساتقۇنلاردىن، رەزىللەردىن قورقمايلى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىدىنمۇ رەزىل دوۋزاق پەرىشتىلىرىنىڭ قىينىشىغا مەھكۇم بولىدىغان دوزىقىيلار، بىز بولساق بۇ كۆرەشتە يا ھۆر ۋەتەنگە يا مۇقەددەس جەننەتكە ئېرىشىدىغان بەندىلەردىن بىز! قېرىنداشىپ، قارا، دېرىزەڭنى ئېچىپ مارىلاپ باق، يىراقلاردىن تېز سۈرئەتتە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بورانلار ئاۋۇ لەيلەپ يۈرگەن يوغانچى قارا بۇلۇتلارنى بىردەمدە توزۇتۇپ يامغۇر قىلىپ تۆكىۋېتىدۇ! ئەتە سەھەردە ھويلاڭدا ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرىسەن! كەل قېرىنداشىم، شۇ بوراننىڭ شامالىرىدىن بولۇپ پەرۋاز قىلىشنىڭ پەيزىدىن بىرلىكتە بەھرلىنەيلى! بىزنىڭ چۈشىمىز رېئاللىقتا ئاشىدىغان چۈش، بىزنىڭ چۈشىمىز ئۇ چۈش ئەمەس، ئاللاھ ئىگەم قەلبىمىزگە تاشلىغان ئىمان نۇرىنىڭ سايىسىدۇر! بۇ چۈش ئەمەس، مانا بۇ بىزنىڭ نىشانىمىز، بىزنىڭ ئارزۇيىمىزدۇر!

## بىز نېمە ئۈچۈن مۇستەقىل بولىمىز؟

ھەرقانداق بىر نورمال ۋىجدانغا ۋە نورمال ئىنسانىيلىقتا ئىگە ئۇيغۇر پۇشتىنىڭ ئاتا مىراس تۇپرىقىغا مۇستەقىللىقنى ئارزۇسى قىلىشى تەبئىي. ئۇخشىمىغان قىممەت قاراشقا

ۋە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئۇمۇد ھالىتىگە ئىگە ئىنسانلارنىڭ بۇ ئارزۇنى شەرھىيلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن دەسمايە سېلىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇيغۇر جامائىتىدە كۆرۈلىۋاتقان جەمئىيەت ھادىسىسىدۇر. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى بولغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر پۈشتى ئۇيغۇر دۆلىتى چۈشىنى كۆرىدۇ، ئەمما چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا بولغان ئۇمۇد كۆرسەتمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن گاھى بەزىلەر چۈشكۈنلۈكتە تەسلىمچىلىك ئىدىيىلىرىگە قۇل بولىدۇ ۋە خىخائىنلىق، مۇناپىقلىقتەك مەينەتلىككە مۇپتىلا بولۇپ، ئىككى دۇنيالىق لەنەت ساھىبى بولۇپ قالىدۇ. بۇ جايدا دېيىلىۋاتقان ئۇمۇد بىر يۇرۇش باتىنىي پائالىيەت ياكى ھىسسىي پائالىيەتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ ئىنسانىنىڭ باتىنىي سەرگۈزەشتىلىرىگە غىدىقلىغۇچ بولغان دۇنيا قارىشى، ئېتىقادى ۋە مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنىمۇ كۆرستىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇمۇدنىڭ شەكىللىنىشى ياكى ھالىتى شۇ ئىنسانلارنىڭ بىلىش دائىرىسى، ئۇچۇرلارغا بولغان ئىنكاسى ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقتەك ئاللاھ ئاتا قىلغان تۇغۇلۇشىدىن تەبىئىي بولىدىغان ھوقۇقىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۇرۇش ۋە شەرھىلەش ئارقىلىق بىزنى مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت نىشاندىن ئاداشتۇرۇشقا تىرىشماقتا. مەيلى خىتاي دېموكراتلار بولسۇن، ياكى مىللەتچىلىرى، ۋەياكى كوممۇنىستلىرى بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ھەق ھوقۇقىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ ۋە ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلەردە مەيلى قانداق ئىختىلاپلارغا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇيغۇر مۇستەقىللىقى مەسىلىسىگە كەلگەندە ئوخشاش مەۋقەدە تۇرۇپ، ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىنكاسلاردا بولىدۇ ۋە بۇ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر خىتايلارنىڭ ئوخشىمىغان گورۇپپا ۋە ئېقىملىرىدا داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئۆز مىللىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلغان تەبىئىي ھەقلىرىنى ھۆرمەت قىلىشتەك ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئاساسى بولغان پىرىنسىپنى بىشەملىك بىلەن بۇرمىلاشقا تىرىشىۋاتىدۇ. مەيلى كوممۇنىست بولسۇن، ياكى دېموكرات ۋەيا كى باشقا مەزھەپ-پارتىيە بولسۇن،«ئۇيغۇر» ياكى «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىگە كەلگەندە ھەممىسلا

ئوخشاش مەيداندا تۇرۇپ مۇلاھىزە ۋە تەپەككۇر قىلىشۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئىزاھلاشلىرى ياكى شەرھىيلەشلىرى مىللىتىمىز ئەزالىرىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تەسىر قىلىپ، بىزدە تەپەككۇر كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك يۇقۇملاندۇرغۇچى بولماقتا. مەلۇم ۋەزىيەت شارائىتىدا بۇ يۇقۇملىنىش تىزگىنلەنمەي كەڭ يامرىسا، بەلكىم مىللەتتە تەپەككۇر بوھرانى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىزاھلاش تەقەززاسى تۇغۇلدى.

بىز- ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولىشى كېرەك؟ تارىختىن بۇيان مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئېرقىي قىرغىنچىلىق ، ئاسسىملاتسيە ۋە كەمسىتىش سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن مەۋجۇدلۇق كىرىزىسىغا پېتىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ؟ ياق، بىز ھەرقانداق باشقا مىللەتكە ئوخشاش ئاللاھ ئاتا قىلغان ھەق-ھوقۇقلارغا شەرتسىز ئېرىشىش ھوقۇقى بار ئىنسانلار توپىدىن شەكىللەنگەن مىللەت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۇزاق تارىخي باسقۇچتا بىزنى بىر جايغا جەم قىلغانلىقى، بۇ جەم بولۇشتىن ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەتكە ئىگە جامائەت بولغانلىقىمىز ۋە جامائىتىمىز ئاساسىدا مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئاللاھ ئاتا قىلغان تۇپرىقىمىزنى ئاتىلاردىن باللارغا ئۇدۇم قىلىپ ياشىغانلىقىمىز، قانلىرىمىز شۇ تۇپراقنى ياتلار پايخاندىن ساقلاش ۋە پاكلاش ئۈچۈن تۆكۈلگەنلىكى، جانلىرىمىزنىڭ شۇ تۇپراققا سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولىشى كېرەك. ئاللاھ ھەربىر ئىنسانغا باراۋەر ئاتا قىلغان ۋە تۇغۇلۇشىدىن ئىنساندا تەبئىي بولىدىغان، ھېچ بىر شەكىلدە ھېچ بىر ئىنساندىن ياكى غەيرىي قەۋمدىن ئىنئام ياكى ھەدىيە قىلىنمايدىغان، ھېچقانداق بىر ئىنسان ياكى غەيرىي قەۋمنىڭ تارتىۋېلىش ھوقۇقى بولمىغان ھوقۇقلىرىمىزنى جارىي قىلدۇرىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولۇشى كېرەك. مەيلى مانجۇ ئىستىلاسى دەۋرى بولسۇن، مىللىتارىست خىتاي ئىستىلاسى دەۋرى بولسۇن، ياكى مىللەتچى خىتاي ئىستىلاسى دەۋرى بولسۇن، ۋەياكى كوممۇنىست خىتاي ئىستىلاسى دەۋرى بولسۇن، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئەقىللىي

ھوقۇقلىرى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئەڭ رەزىل شەكىللەردە دەپسەندە قىلىندى، ھەق ـ ھوقۇقلىرىمىز ئۆچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىمىز مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى مەنزىل قىلغان بولسا، خىتاينىڭ مەككارلىق بىلەن ھىلە ئىشلىتىپ قۇرغان قىلتاقلىرى مەيلى قانداق گۈزەل شەكىلدە باشلانغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاقىۋەت مىللىتىمىزگە خورلۇق ۋە ئەڭ ئېچىنىشلىق زۇلۇملارنى ئېلىپ كەلدى. بۇنداق بولۇشى خىتاينىڭ ئاللاھنىڭ ھەربىر ئىنسانغا باراۋەر ئاتا قىلغان ھەق ھوقۇقلىرىنى تونۇماسلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ھوقۇقلاردىن پەقەت مىللىي دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى بولغاندىلا ھەقىقىي كاپالەتلىك شەكىلدە بەھرىلىنەلەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر. بۇ ھوقۇقلاردىن ھەرگىزمۇ خىتاي دېموكراتلار ياكى مىللەتچىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، «ھەربىر شەخسكە گەرەجدانلىق ھوقۇقى بېرىش » دېگەندەك چارىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ياكى كاپالەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر مەسىلىسى ياكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەرگىزمۇ نوقۇل تارىخىي ياكى مىللىي مەسىلە بولۇپ قالماستىن، ئۇ بىر ئېتىقاد مەسىلىسى. بۇ ئېتىقاد خاس دىنىي ئېتىقادلا بولماستىن، بەلكى مىللىي مەۋجۇدلۇق ئېتىقادىدۇر! خىتاي دېموكراتلارنىڭ ياكى مىللەتچىلەرنىڭ ئىنسانلارغا كىشىلىك ھوقۇق «بېرىش» دېگەندەك نۇتۇقلىرى ياكى سەپسەتىلىرىدىكى شۇ «بېرىش» كەلىمىسىدىنلا ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھەربىر ئىنسانغا باراۋەر ئاتا قىلغان ھەق ھوقۇقلارنى تونۇمايدىغانلىقى، بەلكى بۇ خىل ھوقۇقلارنى خالىغاندا بېرىدىغان، خالىغاندا تارتىۋالىدىغان ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىجادىيىتى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بىزگە ـ ئۇيغۇرلارغا ھوقۇق خىتايلاردىن ۋەياكى باشقا بىر قەۋمدىن بېرىلگەن ياكى بېرىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ياراتقۇچى رەببىمىز ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنساننى ياراتقاندىلا ئاتا قىلىنغاندۇر! ئۇيغۇر مەسىلىسى ياكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئەسلى مەسىلە ئەمەس، ياكى مەسىلىنىڭ نېگىزى ياكى كېلىش مەنبەسى ئەمەس، بەلكى ئىستىلاچى ـ خىتايلارنىڭ بىزدىن ئۇ ھوقۇقلارنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىغا خىلاپ ھالدا تارتىپ ئالغانلىقىدۇر! بىزگە ھېچكىمنىڭ ھوقۇق بېرىشى كېرەك ئەمەس، بەلكى بىز ئوخشاش ھوقۇق ساھىبى بولغان ۋە بۇ ھوقۇقنى تونۇپ يەتكەن جىمى ئىنسانلارنىڭ بىزنى دەستەكلىشىنى سورايمىز! بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزغا سەۋەب كەتمەيدۇ، چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئەقەللىي ھوقۇقىمىز، ھېچكىمنىڭ

بۇ ھوقۇقنى ئىنكار قىلىش ھەققى يوق! ھېچكىمنىڭ بۇ ھوقۇقنى بۇرمىلاش ۋە سۈيئىستىمال قىلىپ غەيرىي يۆنىلىشلەردە بىزنى قايمۇقتۇرۇش ھەققى يوق!
ھېچكىمنىڭ بۇ ھوقۇقلىرىمىزنىڭ ھەرقانداق مەنپەئەتكە سېتىش ھوقۇقى يوق! بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزغا ھېچقانداق سەۋەب كەتمەيدۇ، بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىز، مەيلى ئۇ تارىختىكى مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولغۇسى مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولسۇن، بۇ بىزنىڭ ئاتا مىراس تۇپرىقىمىزدا يۈرگۈزۈشىمىزگە تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقىمىزدۇر، بۇ بىزنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىزنىڭ ئىبادىتىدۇر!
بۇ بىزنىڭ مىللەتنىڭ مەۋجۇتىمىزنىڭ تەشناسى ۋە تەقەززاسى! ئۇ بىزنىڭ ئىختىرايىمىز ياكى ئىختىيارىمىز ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ئىشتىراكچىسى بولغان بىردىنبىر ئىلاھ، رەببىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە تۇغۇلۇشىمىزدىلا ئاتا قىلغان ھوقۇقىمىزدۇر!
مانا بۇ بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولۇشىنىڭ سەۋەبى ۋە تەقەززاسىدۇر!

## ۋەتەنسىزلىكنىڭ غورۇرى

ئۇيغۇرلار ۋەتەنسىزلىكتە دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا مۇھاجىرەتتە ياشاپ تۇرلۇك مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق كۈنلىرىگە شېرىك ۋە شاھىد بولدى، ئەمما ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق كۈنىنى بولسا ھەسرەتلىك ئەسلىمىلەر بىلەن خاتىرىلەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. مانا يەنە بىر قېتىملىق مۇستەقىللىق كۈنىمىز كەلدى، ئەمما بۇ كۈن ھازىرقى ھالىتىمىزدە بىزگە «مۇستەقىللىق كۈنى» بولماي، بەلكى تارىختىكى شۇ بەختلىك كۈنلەرنىڭ ئەستىلىكى سۈپىتىدە مەرھۇم جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنى ئاچچىق-تاتلىق تۇيغۇلاردا ئەسلەيدىغان كۈنگە ئايلىنىپ قالدى. مەرھۇم مۇجاھىت، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئالدىنقى ئەسىردىكى تۇنجى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنى رېئاللىققا

ئايلاندۇرغان دىنىي ۋە مىللىي ئۇستازىمىز سابىت دامولللامىلارنىڭ قولىدا ۋەتىنىمىز كۆكىگە چىقىرىلغان ئۇيغۇر روھىنىڭ زېمىندىكى زاھىرى بولمىش ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق كۆك تۇرۇكلەرنىڭ ئاززۇسى ۋە ئىمانىي ئىسلامنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تارىخمىزدا ساقلىنىپ قالدى. ھەربىر ئۇيغۇر مەيلى مۇسۇلمانلىق ياكى ئۇيغۇر تۇرۇكلۇك سالاھىيىتى بىلەن بۇ بايراقنىڭ مىڭ يىللىق ئىسلام تۇپرىقى، قانچە مىڭ يىللىق تۇرۇك يۇرتى بولمىش شەرقىي تۇركىستان- ئۇيغۇرىستاننىڭ سەلكىن شامالىلىق كۆكىدە لەپىلدىشىگە ئىنتىزار بولماقتا. بۇ چۈش بوۋىلاردىن ئاتىلارغا، ئاتىلاردىن سەبىي باللارغىچە ئورتاق بولدى ۋە بولىۋاتىدۇ. بۇ چۈش مەيلى دىنىي بۇرچ بويىچە ئىزاھلانسۇن، ياكى مىللىي مەۋجۇدلۇق بويىچە ئىزاھلانسۇن، ھەربىر نورمال تۇيغۇلۇق ئۇيغۇرغا غورۇر ھورمۇنلىرىنى ئۇرۇپ، ۋىجدان قۇترىشىغا سەۋەب ۋە تۇتروق بولماقتا. ئۇيغۇر روھى مۇجەسسەملەنگەن بۇ بايراق قانچە مىڭ يىللىق كۆك تۇرۇكلۇك مىللەت روھىغا مۇقەددەس دىنىي ئىسلامنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆچمەس تارىخي ئابىدىلىرى بولغان تارىخي خاتىرىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھالدا ھېلىھەم ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يوشۇرۇن ھالدا ئۇيغۇر يۈرىكىدە، ۋەتەن سىرتىدا يۈرىكىدە ئۇيغۇرلۇق رېتمى سوقىۋاتقانلارنىڭ قوللىرىدا لەپىلدىمەكتە.

دېمەك، ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ غۇبارسىز تۇپرىقى شەرەپسىزلەرنىڭ تاپانلىرىدا پايخان بولۇپ مۇستەملىكىگە ئايلانغان، ھەتتا بۇ تۇپراقنىڭ مۇستەملىكە ئىكەنلىكى رەزىللەر تەرىپىدىن دۇنياغا ئۇنتۇلدۇرۇلۇپ، بۇ ئەزىز تۇپراق ياتلارنىڭ تۇپرىقى بولۇپ تونۇشتۇرىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ تۇپراق ئىگىلىرىنىڭ روھىدا بۇ تۇپراقنىڭ ھەقىقىي ھاكىمىيىتى ۋە ئىستىقلالى ھېلىھەم ھايات ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىنسانلارنىڭ دىلى تىرىلىۋاتىدۇ. ۋەتەن ئۆلدى، ۋەتەنسىزلىكتە قالدۇق، دېگەن چۈشكۈنلەرچە تۇيغۇ ئۇيغۇر روھىنى چىرماشقا قانچە ئۇرىنىۋاتقان بولسىمۇ، شۇ كۆك بايراقتىن چېچىلىۋاتقان ئىمانى ئىسلام نۇرى ۋە كۆك تۇرۇكلۇك ئۇيغۇر مىللىيەت نۇرى بىزنى قايتا روھلاندۇرۇپ، مۇشتىلىرىمىزنىڭ تۇرۇلۇشىگە، تىللىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ شاپائىتى بىلەن ناتىقلارچە ۋەتەن قايغۇسىنى دۇنياغا ياڭرىتىشىغا قۇۋۋەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلماقتا. بۇ نۇر بىزنى بۇ دۇنيادا مۇستەقىل ۋەتەنگە، ئۇ دۇنيادا ھۆرلەر ھەمراھ بېھىشكە باشلاپ بارىدىغان قانلىق كۇرەش يوللىرى بىلەن تەمىن قىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ بېھىشىنىڭ تۆرىدە

ئورۇن ئالغۇچى شېھىتلىرىنى كۆپەيتمەكتە ۋە دۇنيا كىشىلىرى ئالدىدا ئۇيغۇرنىڭ دۇنيادىكى بۈيۈك كۈچلەرنىڭ بىرىگە رەقىب بولۇشتىن باش تارتماي ھەققىنى ۋە ئانا تۇپرىقىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئىرادىسىنى كۆرگەزمە قىلماقتا. ئۇيغۇر ۋەتىنى گەرچە ئىشغال قىلىنغان، ئۇيغۇر غورۇرى دەپسەندە قىلىنغان، ۋىجدانى زەھەرلىك خەنجەرلەرنىڭ سانجىشىغا مۇپتىلا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇر تاشلار ئارىسىدا قىسىلىپ، ئىنسان تۇرۇپ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن مال كەبى ياۋلارغا سېتىلسىمۇ، قەددىنى يەنە دەس تۇتۇپ سۇلتان ئەجدادلىرىغا خاس سالاپەتتە ئۆزىنى ئۇنۇتقان دۇنياغا ۋەتەنسىزلىك غورۇرىنىڭ ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەرمەكتە. ۋەتەنسىزلىكنىڭ غورۇرى دەل شۇ ۋەتەنسىزلەرنىڭ قەلبىدە تېخى ھايات ۋەتىنى ۋە شۇ ۋەتەننى زېمىندىكى دەپسەندە قىلىنغان تۇپرىقىدا قايتا قۇرۇپ چىقىش ئىرادىسىدىن كېلىدۇ-ئەلۋەتتە! شۇنداق، ئۇيغۇردا بۇ ئىرادە ئۆلمىدى، ھەم ئۆلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئىرادە ئۆلسە قانچە مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ئۇدۇمى ئۈزۈلۈپ ئۇيغۇر مەھكۇملۇقتىن يوقۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ، دۇنيا يۈزىدە ئۇيغۇر دىدارى يوق بولۇپ، ئۆزگە مىللەتلەرگە ئەزا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە گۇۋاھلىق بولىدىغان دۇنيا كۇلتۇر ۋە ئىقلىمىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىقىدەك مۆجىزىنىڭ بىر قىسمىلىق پەخرىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىمتىھانى بولغان بۇ قىيىنچىلىق پەيتلىرىدىن ھامان مەغرۇرانە غەلىبە بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ!

ئۇيغۇر مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئېگىرىشىدا تولغىنىۋاتقىنى يوق، بەلكى مەۋجۇدلۇقىنىڭ داۋامىغا ئىلاج ئىزدەۋاتىدۇ. شۇنداق، رەزىللەر ئۇيغۇرنىڭ ئىمانىي، كۇلتۇرىي، تىلىي ۋە دىلىي مەۋجۇدلۇقىغا قارا قول ئۇزاتماقتا، ئۇيغۇر پۇشتىنى ئاتا ئارزۇسىدىن ئايرىشقا ئۇرۇنماقتا، ئۇيغۇرنى مەۋجۇدلۇق ئېگىرىشىدا تولغىنىش ھالىتىگە سۆرەپ كىرىشكە تىرىشماقتا. بۇنىڭغا ئۇيغۇر بىرلىك ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنۇملۈك قايتارما زەربىلەر ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىۋاتىدۇ ۋە داۋاملىق تېخىمۇ كۈچلۈك شەكىللەردە جاۋاب قايتۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى مەۋجۇدلۇقنىڭ تەقەززاسى، ۋەتەنسىزلىكنىڭ غورۇرى ئۇيغۇرنىڭ شۇنداق يوللارغا مېڭىشىنى راۋا قىلسا، شەرەپسىزلەرنىڭ ئۇيغۇرنى مەۋجۇدلۇق ئېگىرىشىغا مەجبۇرلىماقچى بولغانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنى بىر كۈچلۈك قارشىلىققا ھامىلدار قىلماقتا. ئۇيغۇردا بىرلىك يوق ئەمەس، بەلكى دۆلەت قۇرۇش

ساپاسىغا ئىگە ئۇيغۇر پۇرسەتلەر ۋە ۋەزىيەتلەر پىشىپ يېتىلگەندە، زامان تەقەززاسى بىلەن دەقىقىدە بىرلىشەلەيدۇ! ئۇيغۇر ئەمدى ئىگىلمايدۇ، چۈنكى ئۇيغۇر ئىگراپ بولغان...

مانا، ۋەتەنسىزلىكنىڭ غورۇرىنى ئويغاتقۇچى شۇ بەختلىك كۈنلەرنىڭ ئەستىلىكى بولمىش جۇمھۇرىيەتلىرىمىز كۈنى كېلىش ھارپىسىدا بىز يەنە بىر-بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىپ ئاتلىنىشقا تەييار تۇرماقتىمىز. بىزدە ھەممە نەرسە يوق بولدىكى، ئەمما دۈشمەننى تىترەتكۈدەك ئىرادە، ۋەتەننى قايتا قۇرغۇدەك ئىشەنچ، بېھىشكە باشلايدىغان بەخت يولى، مىللەتنى بىرلەشتۈرىدىغان ئورتاق ئۈمۈد، رېئاللىققا ئايلىنالايدىغان چۈش مەۋجۇد، دۈشمەننى قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدۇرغۇدەك مەۋجۇدلۇق غورۇرى مەۋجۇد! مانا بۇ بىزنىڭ ۋەتەنسىزلىك غورۇرىمىزدۇر! مەرھۇم جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنىڭ خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەپ، ئىمانىي ئىسلام، ئۇيغۇرلۇق مىللىي روھى بىلەن جاھاندىكى بارلىق ۋەتەنداشلىرىمغا سالام ۋە ئورتاق تىلەك يوللاپ: دەرتداش ۋەتەندىشىڭلار ئەلسۆي

# ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش يولى نەدە؟

## 1- باپ مۇقەددىمە

ئەڭ ئاخىرقى ئۇيغۇر دۆلىتى خەلقئارا مەنپەئەتلەر ئويۇنىدا قۇربان قىلىنىپ، خىتايدا كوممۇنىست ھاكىمىيەت تەختكە چىقىپ ئۇيغۇر ۋەتىنىنى قايتا تېرىتورىيىسىگە ئېلىپ ئىستىلا قىلغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى توختاپ قالمىدى. ئۇيغۇر ۋەتىنى ئىچى ۋە سىرتىدا ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي

تەييارلىقلارنى تۈرلۈك يوللاردا ھازىرلاش خىزمىتىنى ئىشلىگەن نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ياشلىق دەۋرىدىن قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى، ھەتتا نۇرغۇنلىرى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئىنئامگاھلىرىغا كېتىشتى. ئۇيغۇر دەۋاسى خىتاي ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگۈرۈشىگە بېقىپ تەرەققىي قىلىپ كەلدى. ئەمما يېرىم ئەسىردىن كۆپ ۋاقىتتا نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جان تەسەددۇق قىلىشى ۋە نۇرغۇن ماددىي-مەنىۋىي قۇربانلىقلاردىن كېيىن ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياكى قايتا بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىغا يېتەلمەي، بۇ ئارزۇ بىرقانچە ئەۋلاد ئارىسىدا چۈش شەكلىدە ئۇدۇم قېلىۋەردى. ئۇيغۇر ۋەتىنى ئىچىدىكى خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ پىلانلىق ۋە سېستىمىلىق ھالدا ئېلىپ بارغان ۋە ئېلىپ بېرىۋاتقان مېڭە يۇيۇش ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى يوقۇتۇش سىياسەتلىرى بىلەن بىر تۈركۈم خىتاي ۋەتەنداشلىقىنى قوبۇل قىلىپ، زوزوڭتاڭ نامىلىق جاللاتنىڭ ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ قېنىنى سىياھ قىلىپ، ئۇيغۇر ۋەتىنىگە ئۆچمەس داغ قىلىپ قويغان «يېڭى چىگرا» مەنىسىدىكى كەمسىتىش خاراكتېرلىق ئىسىم «شىنجاڭ»نى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىگە دەسسىتىدىغان نادان ۋە غاپىل ئىنسانلارنى، ھەتتا ئىمان تۇيغۇسىدىن چەتنىگەن خائىن،غالچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ۋە چىقىۋاتىدۇ. ئەڭ يامان بولغىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىنى بازا قىلىپ غەرىپكە يۈرۈش قىلىش، ياكى كېڭەيمىچىلىك قىلىش پىلانىغا مۇستەھكەم چېگرا بازىسى قۇرۇش مەقسىتىدە رايۇندىكى خەۋپلىك ئامىل سانالغان يۇمشاق كۈچ—ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك يۆنۈلۈشلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئۇيغۇر مەۋجۇدلىقىغا بىۋاستە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان سىياسەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنى ئىسمى بار، جىسمى يوق «ئاپتونوم رايون» نامىدا ئۆزىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش چۈشىدىن ئويغۇنۇشقا قىستاپ قويدى. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك جەمئىيەت مەسىلىلىرى ئۇيغۇر ۋەتىنىگە كەلگەندە خاس جەمئىيەت مەسىلىسىدىن مىللىي زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارغا، ھەتتا قانلىق سوقۇشلارغا ئايلاندى. خىتاي دېموكراتلىرى گەرەجدانلىق ھوقۇقى مەسىلىسى سەۋىيىسىدە يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈمۈدىنى خىتاينىڭ ھاكىمىيەت ئالمىشىپ دېموكراتلىششىغا باغلاشنى تەشەببۇس قىلىسمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر

ساداسىنى چۈشەنمەسلىكى، ياكى پىسەنت قىلماسلىقى، ئۇيغۇر مىللىي مەۋجۇدلۇقىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ئۇلاردا بۇنداق ئىقتىدارنىڭ يوقلىقىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەردى. خىتاي مۇخالىپەتچىلىرىنىڭ كۆچلۈك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ۋە ئۇيغۇر مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى كەمسىتىش خاراكتېرلىك سۆز-ھەرىكەتلىرى ئۇلار بىلەن گەرچە خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئالدىدا سەپداش بولساقمۇ، مىللىي مەۋجۇدلىقىمىز ئۈچۈن بىر سەپتە ئەمەس، ئەكسىچە زىددىيەتلىك قارمۇ-قارشى سەپلەردە بولۇش ئېھتىماللىقىمىزنى بىزگە ئاشكارىلىدى. مانجۇ ئىستىلاسى بىلەن خىتايغا باغلانغان ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم بۇ ئىستىلا زەنجىرىدىن قۇتۇلدى، ئەمما خىتاينىڭ خەلقئارا مەنپەئەتلەردە تۇتقان ئورنىنىڭ ئۇيغۇردىن يۇقىرىلىقى سەۋەبلىك خىتايغا قايتا-قايتا ئىككى قېتىم بېئىلاج تۇتۇلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مىللىي تەجرىبىلىرى ئۇيغۇرنىڭ خىتايلار بىلەن بىرگە تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئايدىڭ قىلدى. چۈنكى، خىتاي پىرقىدۆلەتچىلىرى كەشىپ قىلغان ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش پىلانىنى، پىرقىدۆلەتچىلەرنى يېقىتىپ ئۇيغۇر ۋەتىنىگە كىرىپ پۈت تىرەش جەريانىدا تۇرلۈك شېرىن-شېكەر كەلىمىلەر بىلەن كۆز بويىغان خىتاي كوممۇنىستلىرى داۋاملىق ئىجرا قىلىۋاتاتتى، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش دەۋاسى قىلىۋاتقان خىتاي مۇخالىپەتلىرى بۇ پىلانىنى داۋاملىق باشقا بىر شەكىللەردە ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان ئىدى. كېڭەيمىچىلىك ۋە باشقا مىللەتلەرنى ئىستىلا قىلىشنى تەرەققىيات دەپ چۈشىنىدىغان كېسەل مەنتىقىگە ئىگە خىتاي مىللەتچىلىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆزلىرىگە تەھدىت، ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇپ يوق قىلىشنى بولسا مىللەتىنىڭ «تەرەققىيات» مۇساپىسىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك باسقۇچ دەپ تونۇيتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق مەنتىقىدىكى مىللەتچىلىك قان-ھۆجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن بىر قەۋم بىلەن ئورتاق ياشاپ، ئورتاق مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ تەرەققىي قىلىش ئېھتىماللىقىنى يوق قىلاتتى. دېمەك، ئۇيغۇرغا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش يولىدا مېڭىش بىردىن-بىر چىقىش يولىلا ئەمەس، بەلكى بىردىن-بىر مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش يولىمۇ بولۇپ قالغانىدى.

# 2 ـ باپ

ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇش دەردىدە سەرسان بولغىلى يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. ئۇيغۇرنىڭ ۋەزىيىتى دۆلەت قۇرۇش ئىنتىلىشىدىن مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت بۇ مەنزىلنىڭ قايسى يۆنىلىشتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كومپاس يوق ئىدى. جەنۇبىي سۇداننىڭ مۇستەقىل بولۇپ دۇنيا دۆلەتلىرى ئىچىدە يېڭى دۆلەت قاتارىدا ئېتىراپ قىلىنىپ ئىستىقلال قۇچۇپ بايراق چىقارغانلىقى ئۇيغۇرلارغا يا كومپاس يوق، يا يۇلتۇزلار يوق تېڭىرقاش پەيتىدە، قاراڭغۇ ئورمانلىقتا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق مەنزىلگە يەتكەن بىرىنىڭ ئاياق ئىزىنى كۆرسىتىپ قويغاندەك قىلدى. جەنۇبىي سۇدان مۇستەقىللىقى بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش يوللىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن، جەنۇبىي سۇدان بىلەن مۇستەملىكە ھالىتىدىكى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا قىسقىچە بىر سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى لايىق كۆردۇم. تۆۋەندىكى ئۈچۈرلارغا دىققەت قىلغايسىزلەر: جەنۇبىي سۇدان: جەنۇبىي سۇدان ياكى جەنۇبىي سۇدان جۇمھۇرىيىتى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا ئوخشاش ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى بولۇپ، جۇغراپىيىسى شىمالىي ئافرىقىغا ياكى شەرقىي ئافرىقىغا تەۋە. ھازىرقى پايتەختى جۇبا بولۇپ، ھازىرقى ئەڭ چوڭ شەھىرىدۇر. كەلگۈسىدە پايتەختىنى دۆلەتنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان شەھەر رامسېلغا يۆتكەش پىلانلىنىۋاتىدۇ. جەنۇبىي سۇدان شەرقىتە ئېفىئوپىيە بىلەن، شەرقىي جەنۇپتە كېنىيە بىلەن، جەنۇپتا ئۇگاندا بىلەن، غەربىي جەنۇپتا كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى بىلەن، غەربتە مەركىزىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى بىلەن، شىمالدا سۇدان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 2008 ـ يىلى ستاتىستىكا قىلغان نوپۇسى 8 ملىيون 260مىڭ 490 كىشى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامىتى بىر مىڭ 546 دوللار. 50 نەچچە خىل يەرلىك تىل مەۋجۇد بولۇپ، دۆلەت تىلى ئېنگلىس تىلى. جەنۇبىي سۇدان مۇھەممەد ئەلى سۇلالىسى دەۋرىدە مىسىرغا تەۋە بولغان بولۇپ، 1956 ـ يىلى سۇدان مۇستەقىل بولغاندا سۇداننىڭ بىر قىسمى قىلىپ تەخسىملەنگەن. بىرىنچى قېتىملىق سۇدان ئىچكى ئۇرۇشىدىن كېيىن1972 ـ يىلى جەنۇبىي سۇدان ئاپتونوم رايۇنى قىلىپ

قۇرۇلۇپ، تاكى 1983 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان. ئىككىنچى قېتىملىق سۇدان ئىچكى ئۇرۇشىدىن كېيىن، 2005 ـ يىلى شىمالىي سۇدان بىلەن تېنچلىق چۈشىنىش بىتىمى ئىمزالىغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي سۇدان ئاپتونوم ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. 2011 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇل مۇستەقىل دۆلەت بولغان. 2011 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇل بىرلەشمىش مىللەتلەرگە ئەزا دۆلەت بولغان. 2011 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل ئافرىقا بىرلەشمىسگە ئەزا بولغان. شەرقىي تۈركىستان: شەرقىي تۈركىستان، ياكى ئۇيغۇرىستان، ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلتى ياكى رايونى بولۇپ، جۇغراپىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا ياكى ئەنئەنىۋي تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ھازىرقى ئاتالمىش ئاپتونوم رايۇننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ، تارىختا مەۋجۇد مۇستەقىل ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ مەركىزى قەشقەر. شەرقىي تۈركىستان شىمالدا روسسىيە بىلەن، شەرقىي شىمالدا موڭغۇلىيە ۋە جەنۇبىي موڭغۇلىيە ئاتالمىش ئاپتونوم رايۇنى بىلەن، شەرىقتە خىتاي بىلەن، شەرقىي جەنۇپتا تىبەتنىڭ خىتايلاشتۇرۇلغان كۆكنۇر رايۇنى بىلەن، جەنۇپتا تىبەت، ھىندىستان، كەشمىر، پاكىستان بىلەن، غەربىي جەنۇپتا ئافغانىستان ۋە تاجىكىستان بىلەن، غەرىپتە قىرغىزىستان، قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 2010 ـ يىلى ستاتىستىكا قىلغان نوپۇسى 21 مىليون 813مىڭ 334 كىشى، ئۇيغۇر نىسبىتى 45%. جەمئىي تۈرۈك نوپۇسى 55% پىرسەنت ئەتراپىدا. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامىتى ئۈچ مىڭ 38 دوللار. ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان تۈرۈك تىللىرى، پارىس تىلى ۋە خىتاي تىلىدىن ئىبارەت ئاساسلىق ئۈچ خىل تىل مەۋجۇد بولۇپ، مەجبۇرلانغان دۆلەت تىلى خىتاي تىلى. شەرقىي تۈركىستان مانجۇ ئىمپىرىيى دەۋرىدە ئىستىلا قىلىنغان بولۇپ 1884 ـ يىلى 5 ـ ئاپرىل «شىنجاڭ» يەنى يېڭى چېگرا ياكى يېڭى قازانغان تۇپراق مەنىسىدە ئىسىم قويۇلۇپ ئىمپىرىيىنىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىنغان. 1933 ـ يىلى 12 ـ نويابىر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىل بولغان، ئۇزاق قالماي قايتا ئىستىلا قىلىنغان، ئەمما خىتاي دۆلىتىگە ھەقىقىي مەنىدىن تەۋە بولماي، مىللىتارىستلارنىڭ مۇستەقىل ھالدا باشقۇرۇشىدا بولغان، 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قايتا مۇستەقىل بولغان ۋە 1949 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر خىتاي خەلق

جۇمھۇرىيىتى قايتا ئىستىلا قىلىپ ئۆز تېرىتورىيىسى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغىچە مۇستەقىل تۇرغان. 1955-يىلى 1-ئۆكتەبىر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنى قىلىپ قۇرۇلغان. ھەر ئىككى دۆلەت ئەسلىدە باشقا بىر دۆلەتكە ياكى ئىمپېرىيىگە مۇستەملىكە بولغان، كېيىن يەنە بىر دۆلەت بۇ مۇستەملىكىنى داۋاملاشتۇرغان ياكى شۇ ئاساستا قايتا مۇستەملىكە قىلغان. ھەر ئىككى دۆلەت ياكى مۇستەملىكە رايونغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلگەن. نوپۇس سانى ۋە ئىقتىسادىي كىرىم پەرقى زور ئەمەس. بۇ ئوخشاشلىقلارنى بىز تاللىۋالغان ئەمەس، بەلكى بۇ ئوخشاشلىقلار بىزنىڭ تەبئىي شارائىت ۋە ۋەزىيىتىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئۇل سەۋەبلەردۇر. ئەمدى ئوخشىماسلىقلارغا قارىغىنىمىزدا، ئىككى دۆلەت ياكى مۇستەملىكە رايۇندىكى تىل، مىللەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مۇستەقىللىق يولىدا زور پەرق مەۋجۇد. جەنۇبىي سۇداندا مىللەتلەر كۆپ خىل ۋە مۇرەككەپ، 50 نەچچە خىل تىل مەۋجۇد، شەرقىي تۈركىستاندا بولسا ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان يەرلىك تۈركىي تىللاردىن باشقا تاجاۋۇزچى خىتايلارنىڭ مەجبۇرىي ھالدا دۆلەت تىلى قىلىۋالغان خىتاي تىلىلا مەۋجۇد. مۇجادىلە تارىخىدا بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق مەنزىلىنى ئىزدەش يولىدا « خىتاي ئىچكى ئۇرۇشى» دېگەن قالپاقنى كىيەلىگىدەك بىرەر چوڭ ئۇرۇش ياكى توقۇنۇش بولۇپ باقمىغان. جەنۇبىي سۇدان ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش يولىدىكى مۇجادىلە تارىخىدىكى سېلىشتۇرمىلار ، ئوتتۇرا شەرقتە تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان ئەرەب قوزغىلىڭىنىڭ قۇراللىق ۋاستىلەر ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلىش مېتودى، قەشقەر،خوتەنلەردىكى قانلىق كۆرەشلەرنىڭ خىتايغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارغا قۇراللىق كۆرەش يولىنى مۇستەقىللىق يولىدەك تونۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى. تىبەتلەرنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئوتتۇرا يول سىياسىتى بىلەن ئېلىپ بارغان ھەق تەلەپ قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ئاستا ياكى پاسسىپلىقى، تېنچلىق يوللىرى بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بولغان ئىشەنچىنىڭ تۆۋەنلىشى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارغا بۇ يولنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەجەبا ئۇيغۇرلار راستىلا خىتايغا قارشى قۇراللىق كۆرەش قىلىشى زۆرۈرمۇ؟ بۇنىڭغا ھېچكىم ئاددىي قىلىپلا ياق ياكى ھەئە دېگەن جاۋابنى بېرەلمەيدۇ. چۈنكى شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، شۇنداق تەقەززا تۇغۇلغاندا ۋە ئەڭ مۇھىمى شۇنداق ئىقتىدار ئۇيغۇرلاردا ھازىر بولغاندا ھېچكىم بۇ يولنى ياساقلاپ چەكلىيەلمەيدۇ. ئەمما شۇنداق شارائىت ۋە

ۋەزىيەت ھازىر بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇيغۇر ناتىۋان ۋە ئاجىز ھالەتتە ھېچكىم ئۇيغۇرنى بۇ يولغا باشلىيالمايدۇ ۋە ئىتتىرەلمەيدۇ. ئۇرۇش ياكى جەڭ ئارقىلىق خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى توغرا ياكى خاتالىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى شۇ ئىقتىدارنىڭ ئۇيغۇردا ھازىر بولۇش ياكى مەلۇم بىركىملەر ئۇيغۇرغا ھازىر قىلىپ بېرىش مەسىلىسىدۇر. ئۇيغۇرلار تېگىرقىماقتا، غەزەپ ۋە ئازاپتا يۈرەكلىرى ئۆرتەنمەكتە ئىدى. ئوتتۇرا شەرقتە ئېتىلغان ئوقلار ئەرەب مۇستەبىتلەرنىڭ تەنلىرىگە تەگكەن بىلەن، ئاغرىقى يىراق شەرقتىكى خىتاي ئىستىلاچىلارنى ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇيغۇر قۇرالنىڭ سېپىنى تۇتماي تۇرۇپلا، خىتاي ئارغامچىنى كۆرۈپ زەھەرلىك يىلان دەپ ۋارقىراپ ھوشى قالمىغانىدى.

## 3 ـ باپ

ئۇيغۇرلار خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى خۇددى جەنۇبىي سۇدانلىقلار شىمالىي سۇدانغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندەك جەڭ ئاچالامدۇ؟ جەنۇبىي سۇدان 1955-يىلدىن 1972-يىلغىچە بىرىنچى قېتىملىق قۇراللىق مۇجادىلە ئېلىپ بارغان ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن، 1983-يىلدىن 2005-يىلغىچە ئىككىنچى قېتىملىق قۇراللىق مۇجادىلە ئېلىپ بارغان ۋە 2011-يىلى مۇستەقىللىق نۇسرىتىگە ئېرىشكەن. جەنۇبىي سۇداننىڭ شىمالىي سۇدان بىلەن بولغان يىرىكلىكى 1946- يىلى بىرىتانىيە مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىسىرغا تەۋە مەزگىلدە بىرىتانىيە ستراتېگىيىسى بويىچە دىنىي ۋە كۇلتۇرىي ئالاھىدىلىكلىرى روشەن پەرقلىق شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇدان رايۇنى ئىككى رايۇن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەمما شىمالىي سۇداننىڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازدىكى ئورنى، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئېتنىك پەرقى قاتارلىقلار رايۇن ۋەزىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرگەن. 1956-يىلى سۇدان مۇستەقىل بولغاندا جەنۇبىي سۇداندا يەرلىك مىللەتارىستلار ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ كونترولىقىدا يېرىم مۇنتىزىم ھالەتتىكى قۇراللىق قىسىملار ساقلانغان ۋە بۇ كۈچ كېيىنكى مەزگىلدە قۇراللىق قارشىلىق ۋە ئۇرۇشقا ئەڭ مۇھىم ئاساس بولغان. شەرقىي تۈركىستان خىتاي مۇستەملىكىسى

بولغاندىن كېيىن بۇنداق بىر ئېھتىماللىقتىن ساقلىنىشنى نىيەت قىلىپ ئۇزاق مەزگىللىك ستراتېگىيە تۈزگەن خىتاي ئىستىلاچىلىرى ئەسلىدىكى مىللىي ئارمىيىنى قۇرالسىزلاندۇرۇش، خىتاي قىسىملىرىغا قوشۇۋېتىش، چەتكە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ۋە تارقىتىۋېتىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرنى قايتا ئارمىيىسىز ھالەتكە ئېلىپ كەلگەن، كېيىن ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا كەڭ كۆلەملىك قۇرالسىزلاندۇرۇش ھەركىتى ئېلىپ بېرىپ رايۇندا تارقالغان قۇراللارنى يىغىۋالغان. ئەزەلدىن قۇرال تۇتۇش ۋە قۇرال ساقلاش ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق يېڭىچە قۇرالسىز كۇلتۇرغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن. مانا ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ پىچاق ئېسىش ئەنئەنىسىمۇ يوق بولۇپ، ئۇيغۇر قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى يوق ھالەتكە يەتكەنىدى. جەڭ، ياكى ئۇرۇش قىلىشنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولىدۇ، مەۋجۇد شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن نۇرغۇن ئوخشىمىغان يوللىرى، مېتوتلىرى بولىدۇ. ئەمما، ئورۇن جەھەتتىن ئەنئەنىۋي ئۇرۇشتا ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپ دەپ ئىككى ئاساسلىق ئورۇن بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدا بولسا يۇقارقى ئىككى ئورۇندىن باشقا ئۇچۇر-تەشۋىقات ئالدىنقى سېپى ۋە ئارقا سېپىدىن ئىبارەت مەۋھۇم ئورۇنلارمۇ مەۋجۇد. بۇ ئورۇنلار مەۋجۇد بولمىسا، ئۇرۇش مەۋجۇد بولمايدۇ ياكى ئۇرۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەي قالىدۇ. ئەنئەنىۋي ئۇرۇشتىكى ئالدىنقى سەپ ئوبيېكتىپ ئورۇن، كۈرەشنىڭ نېگىزلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان، نەيزە ئۇچى سانجىلىدىغان جايى بولۇپ، ئەڭ كۆپ قان تۆكۈلىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ چىقىم تارتىلىدىغان جاي. ئەنئەنىۋي ئۇرۇشتىكى ئارقا سەپ ئوخشاشلا ئوبيېكتىپ ئورۇن بولۇپ، ئالدىنقى سەپكە ماددىي ۋە ئەسكىرىي ياردەم ۋە تولۇقلاشلارنى ئىشلەيدىغان ۋە يەتكۈزىدىغان جاي بولۇپ، ئارقا سېپى بولمىغان ئالدىنقى سەپ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەنئەنىۋي ئۇرۇشلاردا زەربە بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم نىشان ئارقا سەپ بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداشلارنىڭ بومباردىمانچىلىرى گېرمانىيىنىڭ ئارقا سېپىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك زاۋۇت-كارخانىلارنى بومباردىمان قىلغان. گېرمانىيە روسسىيىگە ھۇجۇم قىلىپ مىليونلىغان سوۋېت ئارمىيىسىنى يەر چىشلەتكەن بولسىمۇ، سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ كەڭرى كەتكەن تېررىتورىيىسى تەمىنلىگەن زور ئارقاسەپ ئىقتىدارى بۇ ئۇپراشلارنى تولۇقلاپ قايتارما ھۇجۇم قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇچۇر-

تەشۋىقاتتا كەلسەك، ئامېرىكىنىڭ ئىراققا ھۇجۇم قىلغاندا ئاخبارات ۋاستىلىرىغا يالغان خەۋەر تارقىلىپ تېخى ئىشغال قىلىنمىغان جايلارنى ئىشغال قىلىنغان قىلىپ تەشۋىق قىلىشى ئۆز-ئارا ئالاقە ئىقتىدارى ئاجىز ئىراق ئارمىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتكەن. كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قۇراللار سەپسەتىسى بىلەن ئىراققا ھۇجۇم قىلىش سەۋەبى ۋە پۇرسىتى يارىتىشى ئامېرىكا ۋەتەنداشلىرىغا ئۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشتۇرغان. دېمەكچى، ئۇرۇشنىڭ نىشانى بولغان دۈشمەن تەرەپنى قايمۇقتۇرۇشتا قوللىنىدىغان ئۇچۇر-ئاخباراتلار ئۇچۇر-تەشۋىقاتنىڭ ئالدىنقى سېپى بولىدۇ. ئۇرۇش ئارقا سېپىدىكىلەرنى نىشان قىلغان ئۇچۇر-خەۋەرلەر ئۇچۇر-تەشۋىقاتنىڭ ئارقا سېپى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغىنىمىزدا ئۇيغۇر ۋەتىنى ۋە خىتاي تۇپراقلىرى ئەنئەنىۋي ئۇرۇش چۈشەنچىسى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنقى سېپى، يەنى ئوبيېكتىپ ئالدىنقى سېپى ، ئەمما ئۇيغۇرلارغا بۇ ئالدىنقى سەپتە كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جەڭ قۇرال- ئەسۋابلىرىنى، ترانسپورت- قاتناشلىرىنى ، باشقا ماددىي ئېھتىياجلارنى ۋە ئەسكىرىي كۈچلەرنى تەشكىللەپ، تەربىيلەپ تەمىنلەيدىغان ئارقا سەپ تېخى مەۋجۇد ئەمەس. ئارقا سەپ مەۋجۇد بولمايدىكەن، ئالدىنقى سەپتە كۈرەش ئېھتىياجى قانچىلىك كۈچلۈك بولغان بىلەنمۇ ئۇرۇش شەكىللەنمەيدۇ. زىددىيەتلەرنىڭ كۈچلۈك، خىرىستلارنىڭ چوڭ بولۇشى مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئۇرۇش قىلىش تەقەززاسىنى ياراتسىمۇ، ئەمما ئەمىلىي شارائىتلار بۇ تەقەززانىڭ ھەرىكەتكە ئايلىنىشىنى توسۇپ قويىدۇ. گەرچە كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇنداق بىر تەقەززانى تونۇپ يەتكەن ۋە شۇنداق بىر ئوپېراتسىيىگە ئىنتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئارقا سەپنىڭ بولماسلىقى، ياكى ئارقا سەپنىڭ شەكىللەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ئۈنۈملۈك ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇنداق بىر تەقەززانىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى تاكى ئارقا سەپ شەكىللەنمىگىچە چەكسىز قەرەلدە توختاپ قالىدۇ. خىتاي بولشۇىكلارنىڭ قۇراللىق كۈرەشنى ئالدى بىلەن پىرقىدۆلەتچى خىتايلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يېزىلاردىن باشلىشى، ئۇزۇن سەپەرلەرنى قىلىپ شۇ يېزىلارغا توپلىنىشى ۋە شۇ جايلارنى بازا قىلىپ قۇراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشى، ياپونىيە دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ مەجبۇرىي ھالدا خىتايدىن چېكىنگەندە مەقسەتلىك ھالدا بىر قىسىم قۇراللارنى شۇ چىغكەشلىك بولشۇىك خىتايلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ئۇلارنىڭ

تەغدىرىدە زور ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. بولشۇنىڭ خىتايلار ئارقا سەپنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئالدى بىلەن ئارقا سەپ قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان. ئەمدى شىنخەي ئىنقىلابى ئارقىلىق مانجۇ ئىمپىرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ خىتايلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن خىتايلارنىڭ ئىنقىلاپ باسقۇچلىرىغا قارىساق، سۇنجۇڭسەن باشلىق مىللەتچى خىتاي رەھبەرلىرى چەتئەللەردە بانكىلاردىن، بايلاردىن ۋە ھۆكۈمەتلەردىن قەرز ئېلىش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق مەۋھۇم بىر ئارقا سەپ، يەنى ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن خەلقئارانى ئارقا سەپ قىلىپ كۈرەشنى باشلىغان ۋە غەلىبە قازانغان. يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش مۇساپىسىگە قارىساقمۇ شۇنداق بىر نۇقتىنى بايقايمىز، يەھۇدىيلار پۈتۈن دۇنياغا چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنى جۇدىزىم ئىدىئولوگىيىسى ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىجارەت ۋە سودىنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرۇپ چىققان مىللىي ئىقتىدارى ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئوخشاشلا خەلقئارالىق ئارقا سەپ شەكىللەندۈرگەن ۋە سەككىزدەك ئەرەپ دۆلىتىنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈپ ئىككى مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئۈدۈم قىلىپ كېلىۋاتقان يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇش چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. جەنۇبىي سۇداننىڭ كۈرىشىگە قارىساق، ئۇگاندا قاتارلىق دۆلەتلەر ئارىلىق يەتكۈزۈلگەن ماددىي ۋە ئەسكىرىي ئەشيالار، ئامېرىكىدىكى قاراتەنلىك خىرىستىئان گۇرۇپپىلىرىدىن ۋە دۇنيا كاتولىك مۇخلىسلىرىدىن ئۈزۈلمەي كەلگەن ئىقتىسادىي ۋە ماددىي ياردەملىرى ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيە بەرپا قىلىش ۋە ئالدىنقى سەپ شەكىللەندۈرۈپ شىمالىي سۇدان قىسىملىرىنى چېكىندۈرەلىشىگە شەرت ھازىرلىغان. دېمەك ئارقا سەپ ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە قىلىۋاتقان كۈرەشلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب ئۈزلۈكسىز بىر ئارقا سەپنىڭ بولماسلىقى، ياكى ئارقا سەپ ياردىمى قىلىش ۋەدىسىنى قىلغان كۈچلەرنىڭ خەلقئارا مەنپەئەتلىرى ئالدىدا ئۇيغۇر تەقدىرىگە ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇجادىلىلىرى مەغلۇپ بولدى ۋە مەغلۇپ بولىۋاتىدۇ. خەلقئارادا مەيلى تېنچلىق يولىدا بولسۇن، ياكى باشقا يوللاردا بولسۇن، ئۇيغۇر دەۋاسىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر سىياسىئونلىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىپ، شۇنداق بىر ئارقا سەپنى بەرپا قىلىش ياكى شۇنداق بىر ئارقا سەپ قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىدە ھەركەت

قىلغان بولسىمۇ، قانچە قېتىملىق ئالدىنىش ۋە سېتىلىشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈمۈدىنى يەلكىسگە ئېلىپ كېتىۋاتقان بۇ سۈيۈملۈك ئىنسانلىرىمىزنى ئاچچىق ئۇھسىراشلارغا مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇيغۇرلاردا ئارقا سەپ بەرپا قىلىش ياكى تېپىش، خەلقئارادا يۇشۇرۇن ياكى مەۋھۇم ئىتتىپاقداشلارنى قازىنىش ياكى قېزىش ھەركەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنداق ئىقتىدارلارغا ئىگە بولۇش ياكى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن مۇھىمدۇر. ئۇيغۇردا كەم بولغىنى ئۇرۇش قوزغاش سەۋەبى ياكى باھانىسى ئەمەس، بەلكى شۇنداق شارائىت ۋە ۋەزىيەت ئىدى.

## 4 - باپ

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارقا سېپى نەدە؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارقا سېپى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگۈرۈشىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى ۋە خەلقئارا ياردەملەرگە يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ئېرىشەلىشى، ئۆز مىللىي تەركىبى ئىچىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قانچىلىك قازىنالىشىغا باغلىق. بۇ ئارقا سەپنىڭ فونكسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇنىڭ مېخانىزىمى، ھالىتى ۋە ئورنىنىڭ قەيەردە بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىلدۇر. ئۇرۇش ئارقا سېپىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق فونكسىيىسى ئەسكىريي كۈچ، قۇرال كۈچى، تىرانسپورت ۋە ماددىي ئېھتىياجلار بىلەن ئالدىنقى سەپنى تەمىن قىلىش ۋە ئۇرۇش ئۆپېرىشنى تولۇقلاش، تولدۇرۇشتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇيغۇرلار بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى، ھەتتا ئېخمۇ كۆپ ئارقا سەپ قۇرۇش ياكى بايقاشقا مۇھتاج. بىرلەمچى ئارقا سەپ ئۇرۇش ياكى جەڭ سادىر بولىدىغان جايغا ھاجەتلەرنى بىۋاستە ئوچۇق يەتكۈزۈدىغان ۋە ئۇرۇش ئۆپېرىشنى تولۇقلايدىغان بىۋاستە ئارقا سەپتۇر. ئىككىلەمچى ئارقا سەپ بولسا ۋاستىلىك ياكى يوشۇرۇن ھالەتتە ئۇرۇشقا كېرەكلىك ھاجەتلەرنى تەمىنلەيدىغان، ياكى ئۇرۇشنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن يوشۇرۇن تۈرتكە ۋە ياردەم بولىدىغان ئارقا سەپتۇر. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي-ئۇيغۇر كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئۇرۇش ياكى جەڭنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ئۈچىنچى ياكى كۆپ تەرەپنىڭ ئۈنۈملۈك ھەربىي ئوپېراتسىيە ياردىمىنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن تەمىن

قىلىشى بىلەن تەڭپۇڭلىشىش، ھەتتا تەتۈر تەڭپۇڭلىشىشقا مۇھتاج بولۇپ، بۇخىل ئارقا سەپ، ياكى ياردەم ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭ باشلىشى ۋە ئۇرۇشتا بۇرۇلۇش ياسىشىغا ئاكتىپ ۋە ھەل قىلغۇچ تۈرتكە ۋە كۈچ بولىشى مۇمكىن. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش ياكى جەڭنىڭ ماددىي ۋە مەۋجۇدىي ئاساسلىرى بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئۇرۇش ياكى جەڭنىڭ پارتلاش كۈچىنى شەكىللەندۈرىدىغان سۇبيېكتىپ ئامىل- روھتۇر. ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى يېرىم ئەسىردىن كۆپ خىتاي ئىستىلاسى ئاستىدا تۈرلۈك بوران-چاپقۇنلارنىڭ قايرىپ سۇندۇرىشى، قىيا تاشلارنىڭ يەنجىپ پايخان قىلىشى، مەنپەئەت قۇللىرىنىڭ ئۈزۈپ خەجلىشىدەك شارائىتتا ئۆسۈپ تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇر نامىنىڭ تۈرۈك دىئالىكتلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان قەدىمىي قەشقەر تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىدىن ئەرەب-پارىس كەلىمىلىرىنى ئازلىتىپ شەكىللەنگەن بىر تىلنى قوللىنىدىغان، شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان بۇ بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ ئېرقىي نامى بولۇپ قالغانلىقىنى تارىخنىڭ قايسى ۋاراقلىرىدىن ئاختۇرۇش تارىخشۇناسلارنىڭ ئىشى بولسىمۇ، بۇ نام يېقىنقى زامان تۈركىستان تارىخىدا ئېچىنىشلىق تەغدىرلەرنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ قالغىنى ھەممىدىن بەك شۇ ئېچىنىشلىق كەچمىشلەرنىڭ شاھىدى ۋە ۋىكتىمى بولغان ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى ئايان ئىدى. بۇ مىللەت ئۆز مەۋجۇدلىقىنى ساقلاش يولىدا تۈرلۈك تىرىشچانلىقلارنى قىلدى، ئىستىقلالى ۋە مۇختارىيىتىدىن مەھرۇم بۇ مىللەت ھېچقانداق رەسمىي تەشكىلىي ئاپپاراتى يوق تۇرۇپمۇ كىملىكىنى ساقلاش ۋە قوغداش يولىدا مۇكەممەل دۆلەت ئاپپاراتلىرى بولغان مىللەتلەردىن قېلىشمىغىدەك نەتىجىلەرنى ياراتتى. قۇللۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىپمۇ سۇلتانلىق سالاپىتىنى ساقلاشقا ئىنتىلگەن بۇ مىللەت ھەر زامان مەۋجۇدلۇق تېڭىرقىشى ئالدىدا ئىگراپ كەلدى، قۇتراپ كەلدى. كومپيۇتېر- بىلگىسايار تېخنىكىسى باشقا مىللەتلەردە مەخسۇس تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئىقتىساد ۋە كەسپىي خادىملارنى ئاجرىتىشى ئارقىلىق شۇ مىللەتلەرگە ئۆزلىشىش خىزمىتى ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي خىزمىتىدە غىدىقلىنىپ ئىجرا قىلىنغان بولسا، ئۇيغۇر نامىلىق بۇ مىللەت ھېچقانداق مەركىزىي تەشكىلىي ئاپپاراتى يوق تۇرۇپمۇ خەلقئاراغا ماس قەدەمدە بۇ خىزمەتلەرنى تاماملىدى ۋە داۋاملىق ئىشلەۋاتىدۇ. مانا بۇلار بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇيغۇر دۆلىتى زاۋال تاپقان يېرىم ئەسىرلىك ئاسارەت ۋە مەۋجۇدلۇق ئىگىرىشى داۋامىدا ئىشلەنگەن تۈرلۈك ئۇيغۇنۇش خىزمەتلىرى ۋە

شارائىتنىڭ غىدىقلىشى بىلەن شەكىللەنگەن مىللىي روھنىڭ ئويغۇنىشى ئىدى. جەڭ، ياكى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەركەتلىنىش ۋە پارتىلاش كۈچلىرىدىن بىرى بىر سەپتە تۇرغۇچى كىشىلەر توپىنىڭ ئورتاق مەنپەئەت ۋە ھېسسىيات تەقەززاسىدا شەكىللەنگەن بىرلىك، مەزكەزگە تارتقۇچ ۋە ئىچكى كۈچتۇر. ئۇيغۇرلاردا ھازىر بۇنداق بىر كۈچ شەكىللەنگەن ۋە تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقان بولۇپ، بۇ خىل روھىي ئۇلغۇيۇش بۇ كىشىلەرنى ئىستىلا ۋە ئىدارە قىلىۋاتقان خىتاي قەۋمىنىڭ كۈچلۈك خىتاي مىللەتچىلىكى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چاقنىغان ئوت ئۇيغۇر ئاتلىق بۇ مىللەتكە مۇستەقىللىقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇھىملىقىنى تونۇتۇشقا باشلىدى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرى ۋە ستراتېگىيىلىرى بۇ خىل روھىي ئويغۇنۇشنى توسۇپ قالالمىدى، ئەكسىچە بۇ خىل روھىي داۋالغۇچىنىڭ دولقۇنلىرىنى بۇ توپىنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىگىچە سەزمىگەن ھالدا يەتكۈزۈپ بېرىشتەك بالاغا قېلىۋاتىدۇ. مىللەت ئويغۇنىۋاتاتتى. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان بىرلىكنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بۇ مىللەتكە ئورتاق بولغان مەنپەئەتلەرنى ۋە ھېسسىياتلارنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى غىدىقلاش كېرەك ئىدى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ كۆچمەن كۆچۈرۈش سىياستى ۋە ئۇيغۇرلارنى كۇلتۇرىي، دىنىي، تىلىي، دىلىي جەھەتلەردىن خىتايلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى دەل مۇشۇنداق بىر غىدىقلاش رولىنى ئوينىدى ۋە ئويناۋاتىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى بىرلىككە كېلىش ئۈچۈن ئورتاق بىر شۇئارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئامېرىكىدىكى ئالىي كېڭەش يىغىنى شۇ ئورتاق شۇئارنى بېلەت تاشلاش ئارقىلىق جاكارلىدى. ئۇ دەل مۇستەقىللىق شۇئارى ئىدى. مۇستەقىللىق ياكى قۇتۇلۇش يولىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىش ياكى بىلىشكە پېتىنىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ زىددىيەت ئۇيغۇرلاردا ئوخشىمىغان ئىدىئولوگىيىلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوچاق ۋە سەۋەب بولماقتا ئىدى. گەرچە ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ چۈشىدە مۇستەقىللىق ۋە ئۆز مىللىي دۆلىتىدە ياشاش ئورتاق بولسىمۇ، بۇ نىشانغا ياكى چۈشكە يېتىش يولىنىڭ قانداق بولۇشى، بۇ نىشان ياكى چۈشكە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمۈدنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە بىرلىكنىڭ قانداق بولۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىچكى ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. جەڭ قىلىش كېرەك، دەيتتى مىللەتنىڭ

زارىغا چىدىماي غەزىپى تاشقان قېرىنداشلار، تېنچ يولدا مېڭىش كېرەك، دەيتتى مىللەت ھالىنى ۋە ھازىرقى ئىقتىدارىنى تونۇپ يەتكەن قېرىنداشلار، خىتاينىڭ دېموكراتلىششىغا باقايلى دەيتتى ئۆز ھالىمىزدىن ئۈمىدسىزلەنگەن قېرىنداشلار، خىتايلىشىپ كېتەيلى بولدى، دەيتتى مىللىي تۇيغۇسى سۇسلىغان ياكى يوقىغان تەسلىمچىلەر. ئۇيغۇرلار ناتىۋانلىق سەۋەبلىك تۈرلۈك ئىدىئولوگىيە ياكى چارىلەر بوھرانىدا تېڭىرقىماقتا ئىدى. مانا بۇ ئۇيغۇردا بىرلىك بولماسلىقنىڭ تۈپكى يىلتىزى ۋە سەۋەبى ئىدى. ئۇرۇش ياكى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ بىرتۈركۈم كىشىلەرگە ئورتاق بولغان بىر ئەقىدە بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار مىڭ يىللىق مۇسۇلمان قەۋم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئورتاق بىر دىنىي ئەقىدىگە ئىگە. ئەمما بۇ جايدا دېيىلىۋاتقان بۇ ئورتاق ئەقىدە ئۇيغۇر كىملىكى ياكى شەرقىي تۈركىستان كىملىكى بولۇپ، بۇ كىملىكنىڭ ئېنىقلىنىشى ۋە مىللەتكە ئورتاق بىر يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى جەڭ ئوتى ئېچىشىغا ئالدىنقى شەرتتۇر. ئۇيغۇرلۇق ياكى شەرقىي تۈركىستانلىق كىملىكىدىن شەكىللەنگەن مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئۇيغۇرلاردا يۈكسەكلەنسە، دىنىي ۋە كۇلتۇرىي ئەقىدە ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ مۇجەسسىمى بولغان بۇ ئەقىدە خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى ئەڭ كۈچلۈك بىر قۇۋۋەتكە ئايلىنىدۇ. مەيلى جەڭ قىلىش بولسۇن ياكى تېنچ يول بىلەن قۇتۇلۇش بولسۇن، بۇ ئەقىدە بۇ ھەرىكەت ۋە ئوپېراتسىيىلەرنىڭ يىلتىزىي ھەركەت كۈچى بولۇپ، يۈكسەك قۇۋۋەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەڭ مۇستەھكەم ئۇل بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردا دىنىي، كۇلتۇرىي ئەدەبىي ۋە سەنئەت ساھەلىرىدە ئاقارتىش ۋە ئويغۇتۇش خاراكتېرىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئىستىلاسى بىلەن بولغان كۆرۈشى ئادالەت كۆرۈشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەقىدە كۆرۈشى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت بۇ نىشانىنى ئېنىق ۋە روشەن نىشان بىلىپ تونۇش شەكىللىنىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى ئۇلى شۇ مىللەتنىڭ دىنىي، تىلىي، كۇلتۇرىي، ئەدەبىي ۋە سەنئىتىي ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە ئىستىلاچى مىللەت بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغىدەك ئوخشىماسلىق پەرقى بولۇپ، بۇ ئوخشىماسلىقلار مىللەتنىڭ ھەقىقىي مەنىدىن شەكىللىنىپ دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت

بىر يۈكسەكلىككە چىقىشىغا ئالدىنقى شەرت ۋە سەۋەبلەرنى ھازىرلايدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن بار بولغان ئەۋزەللىكتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش تارىخى ۋە دۆلىتىنى تىرىلدۈرۈش ئىرادىسى بۇنىڭغا ياخشى بىر تولۇقلىمىدۇر. بۇ ئوخشىماسلىقلار بىزنىڭ ئىستىلاچىلار بىلەن بولغان توقۇنۇشمىزنىڭ يىلتىزى ۋە سوقۇلۇش يۈزى بولۇپ، ھازىر خىتاي ھاكىمىيىتى ۋە ئىستىلاچى سىياستىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋەتىنىمىز تۇپرىقىغا يەرلەشتۈرۈلگەن ۋە يەرلەشتۈرۈلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق توقۇنۇش خاس ئادالەت ۋە ھەقىقەت ئىزلەش ۋە ھەق-ھوقۇق تالاش تارتىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەقىدە توقۇنۇشىدۇر. يەنى ئۇيغۇرلۇق ياكى شەرقىي تۈركىستانلىق كىملىك توقۇنۇشى بىلەن خىتايلىق ياكى جۇڭگولۇق كىملىك توقۇنۇشىدۇر. كۈرىشمىزنى مۇشۇ ئاساستا خاراكتېرلىگىنىمىزدە بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزغا ئېنىق سەۋەب ۋە شەرت ھازىرلىنىدۇ. ئەسلىدە بار بولغان، كېيىن ئىستىلا قىلىنغان دۆلىتىمىزنى تىرىلدۈرۈش بولسا قانۇنىي ئاساسىمىزدۇر. 5-ئىيۇل قىرغىنىدا قىرغىن قىلىنغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياجانلىق سادالار بىلەن «ئۇيغۇر،ئۇيغۇر،ئۇيغۇر...!» دەپ توۋلىشى ۋە خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇشى، خىتاي ئىستىلاچى سىياستى تۈرتكىسىدە ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىغا يەرلەشتۈرۈلگەن ۋە يەرلىشىش ئالدىدىكى خىتايلارنىڭ قوللىرىغا قېلىچ-كالتەكلەرنى كۆتۈرۈپ خەلقىمىزنى قىرغىن قىلىشى بۇ توقۇنۇشنىڭ نېگىزىنى ۋە ماھىيىتىنى بىزگە تونۇتتى ۋە ھەقىقىي سەۋەبنى بىزگە تىراگىدىيىلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەردى. دېمەك بىزنىڭ كۆرۈشمىز خاس كىشىلىك ھوقۇق كۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنىڭ ئېگىرىشىدا قۇترىغان مەۋجۇتلۇق كۈرىشىدۇر. ئۇيغۇرلۇق ياكى شەرقىي تۈركىستانلىق كىملىكىدىن شەكىللەنگەن مىللەتچىلىك ئەقىدىسى بىزنىڭ كۈرىشمىزنىڭ ئۈلىلا بولۇپ قالماستىن، مەيلى جەڭ ياكى ئۇرۇش قىلىش يولى بولسۇن،ياكى تېنچ يول بىلەن مېڭىش چارىسى بولسۇن، ئۇيغۇرلۇق مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن شەكىللەنگەن بارلىق ئىدىيە ئېقىملىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەركەت كۈچى ۋە ئارقا سېپىدۇر. ھەرقانداق بىر يولدىكى كۈرىشمىز بۇ ئارقا سەپتىن مۇستەسنا ھالدا ساغلام تەرەققىي قىلالمايدۇ ۋە يۈكسەك مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ.

## 5 - باپ

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىنى كونترول، ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرى، خىتاي ئىستىلاسى ۋە ئىستىلاچى سىياسىتى تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر تۇپراقلىرىغا يەرلەشتۈرۈلگەن ۋە يەرلەشتۈرۈلىۋاتقان خىتايلاردىن كەلگەن زۇلۇم ۋە خورلۇقلار ئۇيغۇرلاردا بۇ مەسىلىلەرنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتىن تاقىتىنى ئازلىتىپ، ئۇرۇش ياكى جەڭ قىلىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىش سادالىرىنى كۈچەيتمەكتە.  شۇ سەۋەبتىن بۇ يولنى بىزنىڭ تەتقىق ۋە مۇلاھىزە قىلىش تەقەززايىمىز تۇغۇلدى. گەرچە بۇ ساھادە بىلىش ۋە بىلىم دائىرەم تار ۋە چەكلىك بولسىمۇ، مەزكۇر ماقالىدە تەنتەكلىك بىلەن تەھلىل قىلىشقا پېتىندىم. ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا بۇنداق بىر يولدا مېڭىش ئۈچۈن كېرەك ۋە ئۇل بولغان شەرت ئارقا سەپ ھەققىدە مۇلاھىزىلەر قىلىندى.

ئۇيغۇرلاردا دۆلەت قۇرۇش ياكى قۇتۇلۇش سوقۇشى ياكى ئۇرۇشى شەكىللىنىشى ئۈچۈن مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىرقانچە باسقۇچلار بېسىلىشى كېرەك. بىرىنچى باسقۇچ: ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ قۇترىشى ۋە بۇ قۇتراشنىڭ خىتاي ئىستىلاسى بىلەن توقۇنۇشىشى. بۇ توقۇنۇش ياكى سوقۇلۇش ئۇيغۇرلاردا كۈرەش قىلىشنىڭ روھىي ھەركەت قۇۋۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ئۇرۇش تەقەززاسى ياكى ئىلاجسىزلىقىنى كەلتۈرىدۇ. خىتاي ھاكىمىيى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان بارلىق سىياسەتلىرى بۇ باسقۇچنىڭ تاماملىنىشى ۋە يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولغان بولۇپ، ھازىر ئۇيغۇرلاردا بۇنداق بىر روھىي تەقەززالىق شەكىللەندى ۋە شەكىللىنىپ قۇۋۋەتلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار دىنىي، كۇلتۇرىي ئويغۇنۇش خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى دىنىي ۋە زىيالىي خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن داۋاملاشتۇرۇشى ۋە كېڭەيتىشى زۆرۈر. ئىككىنچى باسقۇچ: زىددىيەتلەر تۈرتكىسىدە فىزىكىلىق قارشىلىق پەيدا بولۇشى، فىزىكىلىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئوپراتسىيىلىرى پەيدا بولۇشى ۋە ئەمەلىيلىشىشى، بۇ ھەركەت ۋە ئوپراتسىيەلەرنىڭ تۈرتكىسى ۋە غىدىقلىشىدا ۋەتەن ئىچىدە گۇرۇھلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شۇ گۇرۇھلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىشى ياكى يېڭى گۇرۇھلارنىڭ شەكىللىنىشى كونىلارنىڭ يوقىلىشتەك ئۇپراشنى تولۇقلىيالىشى كېرەك. غازىلارنىڭ ساقلىقى ۋە

مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ۋە ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ئىلمىي ئەمگەكلەرنى يارىتىش ئارقىلىق جەڭ ياكى ئۇرۇشنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىغا ماس بولغان نەزەرىيىلىرىنى يارىتىش كېرەك. ھازىر ۋەتەن تۇپراقلىرىدا شەكىللەنگەن ۋە ئىجرا قىلىنغان قارشىلىقلارنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆزۈكلۈك خىتاي ئىستىلاچى ئاپپاراتىنىڭ قۇرال كۈچلىرى ئارقىلىق باستۇرۇش،كونترول قىلىشى ۋە ئىدىئولوگىيىلىك خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا ئىشلەپ مېڭە يۇيۇشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ كۈرەشتە ئۇيغۇرلاردا ئىدىلوگىيە ئۇرۇش سېپىدىن ئىبارەت بىر يۇمشاق ئالدىنقى سەپنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغان. ھەركەتلەرنىڭ ئۆزۈكلىكى بۇنىڭ كەلگۈسىدە كەڭ كۆلەملىك مۇنتىزىم قارشىلىققا ئايلىنىشى، يەنى ئۇرۇش ياكى جەڭگە ئايلىنىش يولىنى مۇجمەللەشتۈرىدۇ. شۇڭا سىجىل كۈرەش يولىنىڭ بايقىلىشى ياكى ئېچىلىشى بۇ باسقۇچنىڭ مۇھىم بۇرۇلىشىدۇر. ئۈچىنچى باسقۇچ: ئۇرۇشنىڭ ئۇچۇر ۋە ئاخبارات تەييارلىقىنىڭ ئىلىنىشى. خىتاي ئىستىلاچىلىنىڭ ھەربىي ۋە ساقچى كۈچلىرىنىڭ جايلىششى ۋە قۇرال كۈچىنىڭ قانداقلىقى، ئۇلارنىڭ ھەركەت قائىدىسى ۋە ئالاھىدىكلى، ئۇچۇر-ئالاقە ئۇسۇللىرى ئۇرۇشتىن بۇرۇن ۋە ئۇرۇش جەريانىدا ئىگىلەشكە ۋە ئانالىز قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ خىزمەتتۇر. خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى بىرلەمچى قۇرال كۈچلىرى، يەنى ۋەتەن تۇپرىقى ئىچىدىكى قۇراللىق مەۋجۇدلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى يۈزلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈرۈشگە مۇناسىۋەتلىك زور ئۇچۇر ۋە ئاخبارات بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇر ۋە ئاخباراتلارنىڭ ئىگىلىنىشى ئۇيغۇر جەڭ ستراتىگىيىسىنىڭ بەلگىلىنىشىگە مۇھىم ئامىلدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تۇپرىقىغا يۆتكىلىش ئېھتىمالى بولغان ئىككىلەمچى ھەربىي كۈچلەرنىڭ ۋە ئۇيغۇر تۇپرىقىدا مەۋجۇد ئېھتىمالى قارشىلىقلار ھەققىدىكى ئۇچۇر ۋە ئاخباراتلار مۇھىم ستراتىگىيىلىك ئۇچۇر ۋە ئاخباراتلار بولۇپ، بۇ ئۇچۇر ۋە ئاخباراتلار ئىشلەنمەي تۇرۇپ، كەلگۈسىدە كەڭ كۆلەملىك ئۈنۈملۈك قۇراللىق قارشىلىق قىلىش مۇشەققەت. تۆتىنچى باسقۇچ: خىتاينىڭ ئۇيغۇر تۇپرىقىدا مەۋجۇد ھەربىي كۈچلىرىنىڭ قۇراللىنىش ۋە جايلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇلارغا قارشى قۇرال ۋە تېخنىكا تەييارلىقى بولۇشى، قۇرالنىڭ ئۆزلۈكسىز تولۇقلىنىشى ۋە كۆپىيىشى ئۇچۇن ئارقا سەپ بولۇشى لازىم. ئېسىل قۇرالغا قارىغاندا مۇۋاپىق ۋە خىتاي مەۋجۇد ھەربىي كۈچگە

كۆشەندە بولغان قۇراللار ۋە تېخنىكىلار بىلەن قۇراللىنىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.
ئۇيغۇرلار مەيلى قانداق يوللار ئارقىلىق بۇ قۇراللارغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمىگە ھاجىتى بارلىقىنى بىلىشى كېرەك، ياكى شۇ لازىمەتلىكلەرنى تەمىنلىگۈچى بۇنى بىلىشى كېرەك. بۇنداق بىر ئۈچىنچى ياكى كۆپ تەرەپنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش دىپلوماتىيە ياكى ئىقتىسادىي يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا بۇ يوللارنى بايقاش ، ئېچىش ۋە مېڭىش ئىقتىدارى ۋە جۈرئىتى بولۇشى كېرەك. بەشىنچى باسقۇچ: قارشىلىقلارغا رېئال ياكى مەۋھۇم كونترول قىلىش كۈچىگە ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بىر مەۋھۇم ياكى يوشۇرۇن ئەقىل ۋە ستراتېگىيە تۈگۈنى، يەنى شتابى بولۇشى كېرەك. قارشىلىقلار ئارىسىدا ئالاقە قۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلگەن قارشىلىق شەكىللىنىشى كېرەك. بۇ باسقۇچنىڭ تاماملىنىشى سېستىمىلىق ئومۇمىي ھەربىي ھەرىكەتنىڭ شەكىللىنىشگە ئالدىنقى شەرت بولۇپ، بۇ باسقۇچ تاماملانماي تۇرۇپ قارشىلىقلار جەڭگە ياكى ئۇرۇشقا ئايلىنىشى مۇشەققەت. ئالتىنچى باسقۇچ: ئۇرۇش ياكى جەڭ باشلانغاندا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى قۇراللاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارغا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ھۆجۇملارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كۈچنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇخالىپ كۈچلىرى ئازات قىلغان ياكى ھەرىكەتچى قويۇق رايونلارغا باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئارقىلىق يادرو ياكى چەكلەنگەن قۇراللاردىن پايدىلىنىپ قىرغىنچىلىق قىلىشنى توسۇيدىغان قۇدرەتكە ئىگە بىر كۈچ خىتاينىڭ ئېغىر كۈچلىرىنى مەيلى قانداقلا نام ئاستىدا بولسۇن بىتچىت قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭ ھالىتىنى ساقلىشى ۋە تەتۈر تەڭپۇڭلۇق شەكىللەندۈرۈپ ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا ئاكتىپ ۋە پايدىلىق ئورۇنغا ئېرىششى، ئاخىرقى ھېساپتا غەلىبە قازىنىپ مىللىي قۇتۇلۇشنىڭ ئەمەلگە ئېششىنىڭ تېزلىششگە پايدىلىق. يەتتىنچى باسقۇچ: ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش تەقەززاسىنى خىتايلارغا ۋە دۇنياغا بىلدۈرۈش ۋە تونۇتۇش كېرەك. تەشۋىقات ۋە دىپلوماتىيە يوللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر تۇپرىقى، خىتاي ۋە دۇنيا دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئىتتىپاقچى تېپىش ۋە قېزىپ چىقىش. ھەتتا خىتاي كۈچلىرىدىن ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش نىشانىغا خىلاپ بولمىغان ھالدا پايدىلىنىش كېرەك. ئۇيغۇر تۇپرىقىدا ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشنىڭ دۈشمىنى خىتاي ئىستىلاسى بولۇپلا

قالماي، بەلكى شۇ تۇپراققا يەرلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسى بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسى ئارىسىدىكى ئىنچىكە مۇناسىۋەتلەرگە دىققەت قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىشنى بىلىش، ھەتتا مەلۇم شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئىككىسىگە ئايرىم مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق تەييارلىقلاردا بولۇش كېرەك.
ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغان ھەرقانداق دوستانە ئېزگۈ كۈچلەر بىلەن باشقا ئىتتىپاقداشلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالمىغان ئاساستا ئىتتىپاقلىشىش كېرەك.
دۈشمەننىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزگە تارتىشقا ۋە مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا مۇمكىن بولىدىغان ھەرقانداق تەرەپكە دىققەت ۋە ئېتىبار قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇنياغا ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېزگۈ ۋە مەنپەئەتلىك تەرەپلىرىنى تونۇتۇش، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۇنيانى ھىسسىياتىي ۋە چۈشەنچە جەھەتتىن تەييار قىلدۇرۇش كېرەك. سەككىزىنچى باسقۇچ: ئۇرۇش قىلىش ھامان تېنچلىق ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشى ھەرگىزمۇ خىتاي مىللىتىگە بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇلارنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈن باشلانمايدۇ، داۋاملاشمايدۇ ۋە ئاياقلاشمايدۇ. ئۇرۇش ئاخىرقى ھېساپتا تېنچلىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋاستە بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇرۇشىمۇ بۇ كاتىگورىيىدىن چىقالمايدۇ. ھازىرقى خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا مەيلى قانچىلىك ئۆچمەنلىك يېتىلدۈرۈشكە تىرىشسۇن، ئۇيغۇرلار چوقۇم كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ مىللەتچىلىك بىلەن ئىرقىي كەمسىتىش ۋە قىرغىن قىلىش ياكى قىلىنىشنىڭ چېگرىسىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئۇيغۇر دۆلىتى ئۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇلماقچى بولسا، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تېنچلىق بېتىمى ياكى باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ.
ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا مۇشۇنداق بىر ھالەت ياكى ۋەزىيەتكە يېتىش ئۈچۈن قاتتىق - يۇمشاق كۈچلەر ئورتاق ھەركەتلىنىشى بىر-بىرىنى تولۇقلىشى زۆرۈر.
يۇقىرىدا تىزىس قىلغان باسقۇچلار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى كېلىدىغان، ئېنىق چېگرا ئاجراتقان باسقۇچلار بولماستىن، بەلكىم ھەممىسى مەلۇم باسقۇچتا بىرلىكتە ھەركەت قىلىشى زۆرۈر. ئۇيغۇرلاردا مۇشۇ باسقۇچلارنى بېسىش قۇدرىتى ۋە جۈرئىتى بولۇشى،

ئۇرۇش ياكى جەڭ قىلىشتا كېرەك بولىدىغان ئىقتىساد،ئىقتىدار،لەزىمەتلىك ۋە ئادەم كۈچىنىڭ تەمىنلىنىشى بۇ يولنىڭ بېسىلىش ياكى بېسىلماسلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى بولۇپ، شۇ پۇرسەت كەلگەندە، شۇنداق ۋەزىيەت شەكىللەنگەندە، ئۇيغۇردا شۇنداق ئىقتىدار بولغاندا بۇ يول تەبئىي ھالدا ئېچىلىدۇ ۋە مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇنداق بولۇشنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن خىتاي ئىستىلاچىلىرى ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولىغا ئەمدىلا ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە مىللىي تۇيغۇ ۋە دىنىي قىزغىنلىق سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارنى دەستەكلەپ قويۇشتەك بىر ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ يىراق مۇددەتلىك ئىستىراتىگىيىسى بولغان غەرىپكە كېڭىيىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنى قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئالداش ـ بېسىش سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزسە، سىرتقى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى بىلەن دوستلۇق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى قۇرۇش، ئىقتىسادىي ـ تىجارىي مۇناسىۋەتلەرنى قويۇقلاشتۇرۇش قاتارلىق يوللار بىلەن ئۇلارنى ناركوز قىلىش ۋە ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىشتىن توسۇش سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي بازىسى «لەنجۇ ھەربىي رايۇنى»غا يانداش قىلىپ «شىنجاڭ ھەربىي رايۇنى» قۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكە ئاپىراتى «بىڭ تۈەن»نىڭ زېمىن كېڭەيتىش، يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ نوپۇس ئاشۇرۇش ئىشلىرىنى تېزلىتىپ بۇنداق بىر ھەربىي توقۇنۇشنىڭ پەيدا بولۇشنى بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار زور ئۈمىدلەر بىلەن شۇنداق بىر يوللارنى بېسىشقا تەرەددۇتلىنىشتىن بۇرۇنلا خىتايلار بۇنداق ئېھتىماللىقلارنى مۆلچەرلەپ بۇنداق يوللارنى توسۇشقا ھەركەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار تاش ئارىسىدىكى دەزدەك كىچىك ئارىلىقتا ئۆز ئۈمىدلىرىنى يوقاتماي ئۇرۇق كەبى تاشنى يېرىپ چىقىپ بۈيۈك دەرەخ بولۇشقا ئىنتىلەتتى ۋە شۇ يۆنۈلۈشكە قاراپ سىلجىتتى. مانا بۇ ئۇيغۇر روھى ئىدى!

## 6 ـ باپ

تېنچلىق يولى بىلەن مۇستەقىل بولۇش ياكى دۆلەت قۇرۇش شۇنداق تەلەيلىك مىللەتلەرگە شۇنداق بىر شارائىتلار ھازىرلانغان پەيتلەردە نىسىپ بولىدىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇرۇشنىڭ ياكى زوراۋانلىقنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە قانچىلىك زىيان ۋە زەرەرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ھەرقانداق بىرى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇشۇنداق تېنچلىق يوللىرى بىلەن سائادەتلىك بىر كۈندە شاراپەتلىك مۇستەقىللىققا ئېرىششنى ئارزۇ قىلىدۇ، تەبئىي. تېنچ يول بىلەن مۇستەقىل بولۇش ياكى دۆلەت قۇرۇش خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى جايىدا قوللىنىشقا ئىقتىسادىي كۈچ ياكى ھەربىي قۇۋۋەت پاراللېل ھالدا تەسىر كۆرسەتكەندە ئەڭ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىغان بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ، مەيلى ئۇ ئىقتىسادىي كۈچ ياكى ھەربىي قۇۋۋەت ئۇيغۇر توپىدىن كەلگەن ياكى ئۇيغۇر توپىغا تەۋە بولسۇن، ۋەياكى ئۇيغۇرلار پايدىلىنالايدىغان باشقا توپلاردىن، دۆلەتلەردىن كەلگەن بولسۇن، شۇنداق بىر تەسىرنىڭ بولۇشى بۇ يولنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە. دىپلوماتىيە ياكى تەشۋىقات ئارقىلىق دۇنيا مىللەتلىرىگە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئەمەسلىكى ياكى خىتايغا تەۋە ئەمەسلىكى ھەم ئۇنداق بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى تونۇتۇش ئارقىلىق، دۇنيا كۈچىدىن پايدىلىنىپ مۇستەقىل بولۇش چۈشى تولىمۇ مۈشكۈل مۇساپە بولۇپ، رېئاللىققا ئايلىنىش ئېھتىمالىنى دۇنيانىڭ تىبەت سىياسىتىدىن كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس. دۇنيادا نۇرغۇن مىللەتلەر تىبەتنىڭ خىتايغا تەۋە ئەمەسلىكىنى، ئەمما خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى بىلسىمۇ ۋە ئېتىراپ قىلسىمۇ، ھېچكىم ئاتالمىش ئادالەتنىڭ بۇ مىللەت ئۈستىگە قونۇشى ئۈچۈن خىتايغا تىبەتتىن چىقىپ كەت، ئۇلارنى مۇستەقىل قىل، دەپ باقمىدى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن بۇ يولنىڭ بىزگىمۇ ئوخشاش نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بەلكىم رېئاللىق بولۇشىمۇ ناتايىن. ئەگەر، ئۇيغۇر دەۋاسى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن پەيتتە، خىتاي بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي توقۇنۇشلار كۆرۈلۈپ، دۇنيا ۋەزىيىتى زور ئۆزگىرىشلەرگە يۈز تۇتقاندا، بولۇپمۇ بۇنداق ئۆزگىرىشلەر خىتاي چېگرىسى ئىچىگە زور تەسىر قىلغان، خىتايغا زور داۋالغۇچ بولۇپ، خۇددىي سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغانغا ئوخشاش پۇرسەتلەر كەلگەندە، دۇنيا نەزىرىدىكى بۇ خىل ئېتىبار بىزنىڭمۇ تېنچ يول بىلەن مۇستەقىل

بولۇشىمىزغا پايدىلىق بولۇشى ئېھتىمال. ھازىر خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى داۋالغۇچ ۋە قارشىلىقلارغا قارىساق، بۇ خىل پۇرسەتنىڭ كېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ يوق دېيىشكە بولماسلىقى مۇمكىن. دېمەك، بۇ يول خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈشۈپ ئىچكى پارتىلاش بولۇشى ۋە زور سىياسىي ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ بولۇشىدىن ياكى خىتاينىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئېتىبارىدا بىزگە مۇستەقىل بولۇشىدىن ئېچىلىدىغان ۋە مېۋە بېرىدىغان يولدۇر. ئەگەردە خىتايدا كوممۇنىست رىجىمى ئاياقلىشىپ، دېموكراتلىشىش ۋە ئەركىنلىك بولغان سىياسىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىنسا، ئالدى بىلەن بۇ تۈزۈلمىنىڭ قانۇنىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر. ئەگەر بۇ تۈزۈلمىنىڭ قانۇنىدا ئۇيغۇر تۇپرىقى قاتارلىق مانجۇ ئىمپېرىيىسىدىن مىراس قالغان مۇستەملىكە زېمىنلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى چەكلەيدىغان ماددىلار بولسا، بۇ تۈزۈم قانچىلىك دېموكراتىك ياكى ئەركىن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بىزنىڭ مىللىي مەۋجۇدلىقىمىزغا ئاخىرقى ھېسابتا تەھدىت ۋە خىرىست بولۇشى مۇمكىن. تېنچ يول بىلەن مېڭىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم ھالقىسى خىتاينىڭ كەلگۈسىدىكى ئېھتىمال بولغان سىياسىي داۋالغۇچتا تەختكە چىققۇسى بولغان مۇخالىپلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە دېپلوماتىيە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە كەلگۈسى پىلانلىرىغا دىققەت قىلىش كېرەك. نوبېل ساھىبى بولغان لىيۇنىڭ 2008خارتىرىيىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا خىتاي ئىچىدىكى مۇخالىپلارنىڭ مىللەت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسى مۇستەقىللىق بېرىش بولماستىن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا فېدىراتسىيە بېرىش چارىسى بولۇپ، ئۇنداق بولغاندا تەگداش فېدىراتسىيىلەر بىرلىكتە نوپۇس ۋە باشقا ئېتىبارلار بىلەن تەگپۇڭلاشتۇرۇلغان فېدىراتىپ ھۆكۈمەت قۇرۇدۇ. بۇنداق بىر ھۆكۈمەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قانچىلىك ئورۇن تۇتالىشى بىزنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىمىزدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر نوپۇسى ۋە ئومۇمىي نوپۇستا تۇتقان پىرسەنتى مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا بىزنىڭ ئېرىشكەن ھوقۇقلىرىمىز ھەتتا ھازىرقىدىن پەرق قىلماسلىقى مۇمكىن. يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغان تەقدىردە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان مەسىلىسى كۆچمەنلەرنى بىرتەرەپ قىلىش مەسىلىسى بولۇپ، ھازىرقى ھاكىمىيەت يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن يەرلەشتۈرىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلەر كەلگۈسىدە بەلكىم ئۇيغۇر فېدىراتسىيىسىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنىڭ ئۇيغۇرلاردا بولماي، بەلكى يەنىلا خىتايلاردا

بولۇشىنى، ياكى ئۇيغۇرلارغا تەگكەن ھوقۇقلارنىڭ قىسمەن ئاز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ ، ئۇيغۇرلار ھەتتا ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ياكى ئۇيغۇر تۈپرىقىنىڭ ئىككى فېدراتسىيىگە بۆلۈنۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي قىسىملاردىن قىسىپ چىقىرىلىشىنى كەلتۈرىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ مەسىلىلەردە ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق بولۇشى ۋە بىر مەركىزىي ئىدىيە شەكىللىنىشى كېرەك. تېنچ يول بىلەن مۇستەقىل بولۇش ياكى دۆلەت قۇرۇش خاس تەشۋىقات ئارقىلىقلار ئەمەلگە ئاشىدىغان ئاسان يول ئەمەس، بەلكى دېپلوماتىيىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدىغان يول بولۇپ، بۇ بىزنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە تۇتقان ئورنىمىز بىلەن مۇھىم ئالاقىدار. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە تۇتقان ئورنىمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى بىزنىڭ ئونۋېرسال كۈچىمىزنىڭ كۆتۈرۈلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا دۆلەت ئاپپاراتى بولمىغان تەغدىردە، بىر ئىقتىسادىي بىرلىك ۋە ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىشى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە ئۇيغۇرلار مەلۇم دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرستەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىشى بەلكىم بۇ مۇناسىۋەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاكتىپ ئورۇنلارغا ئېرىشىشىگە پايدىلىق.

يەھۇدىيلار ئىككى مىڭ يىللىق ۋەتەنسىزلىك ھاياتىدا دۇنياغا تارقىلىپ سودا-سېتىقنى ئاساسلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە ئۇلاردا نۇرغۇن كاپىتال توپلانغان ۋە ياۋورپا-ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىدە مۇھىم ئورۇنلارغا ئىگە بولغان. شۇ ۋەجىدىن دۆلەت ئاپپاراتى بولمىغان يەھۇدىي مىللەتچىلىك ھەركىتى تېنچ يول بىلەن ب د ت تەرىپىدىن دۆلەت قۇرۇپ بېرىشتەك ئېتىبارغا سازاۋەر بولغان.

ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىرغىن قىلىنىش سەرگۈزەشتىسى بۇنىڭدا مۇھىم رول ئالغان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيادا ئۇلارغا ئوخشاش قىرغىن قىلىشقا ئۇچرىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېرىشكەن ئېتىبارى بۇ ئامىلنىڭ ئاساسلىق ئامىل ئەمەسلىكىنى كۆرستىشى مۇمكىن.

دۆلەت ھالقىپ مەۋجۇد شارائىتلار ئارىسىدا تىجارىي مۇناسىۋەتلەردە بولىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىرلىككە كېلىپ بىر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر گەۋدىسى پەيدا قىلغاندا، بۇ گەۋدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەندە ۋە قوللىغاندا بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە قىسىلىپ كىرىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئېتىبارى ئارتىشى ۋە تېنچ يول بىلەن مۇستەقىللىق چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى كۆرۈشى ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشىغاندەك

خىتاينىڭ هازىر مەۋجۇد ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىدە خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ۋە مەۋجۇدلۇقىغا زور تەسىر قىلالايدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكىنى سەۋەب قىلغان ئىقتىسادىي شەرتلىرى ياكى سۈركىلىشلىرى خىتايغا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى باشقىچە يوللار بىلەن هەل قىلىشنىڭ مۇهىملىقىنى ئەسكەرتىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان ۋە تۈرك ئىرقىدىن بولۇشى، خىتاينىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئوبيېكتى بولغان ئوتتۇرا شەرق ۋە باشقا تۈركىي تۇپراقلارنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇشى ۋە بۇ مەسىلىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇق مەسىلىسى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشى شۇنداق بىر تارىخىي پەيتنىڭ كېلىش ئېهتىمالىنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ۋەكىل خاراكتېرلىك بىر مەركىزىي مەمۇرىي ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر دەۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە كىرىدىتىنى ئۆرلىتىش تەقەززاسى بولۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئوخشاش بىر ۋەكىل خاراكتېرلىك ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشى، باشقا ئورگان ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ مەزكۇر ئورگان بىلەن ئەمەلىي بىرلىكنى هازىرلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. بۇنداق بىر ئورگاننىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە رابىيە ئانىمىزدەك بىر داهىينىڭ يېتەكلىشىگە هەمدەمدە بولۇپ ئاۋاز قوشۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش ساپاسىنىڭ هازىرلىنىشىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئەهمىيەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇنداق بىر ئورگاننىڭ تۈرلۈك مېخانىزىملارغا ئىگە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى يىغىشى كۈچىنىڭ بىرلىكلىكىنى ۋە قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، دۇنياغا ئۇيغۇرلار بىلەن مەزكەرلىك ئۇچرىشالايدىغان سورۇن هازىرلىنىدۇ. هەقىقىي مەنىدىكى ۋەكىل خاراكتېرىگە ۋە فۇنكسىيىسىگە ئىگە بىر مەركىزىي ئورگاننىڭ ئەقىل تۈگۈنى بەرپا قىلىپ ئۇيغۇر هەركىتىگە رەهبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى زۆرۈر ۋە تەقەززا بولۇپ، بۇنىڭغا يانداش هالدا بىۋاستە ياكى مەۋهۇم كونترولluقىنى قوبۇل قىلىدىغان، مەلۇم ۋەزىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ۋە بەزى شەيئى-ۋەقەلەرگە ۋاكالىتەن ئىنكاس بىلدۈرەلەيدىغان ئورگاننىڭ بولۇشى مەركىزىي ئورگانغا خىرىست بولماستىن، بەلكى مەركىزىي ئورگانغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مۇلازىمەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. هازىر ئۇيغۇر دەۋراسىنى يۈرگۈزىۋاتقان ئورگان-تەشكىلارلار ئىچىدە بۇنداق فۇنكسىيىگە ئىگە تەشكىلاتلار يېتىلىۋاتىدۇ ۋە كەلگۈسىدە مەلۇم قۇۋۋەتكە يېتىش

مۆلچەرى بار. بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ سىجىللىقى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قوللىشى ۋە دەستەكلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ ۋە خەلقنىڭ دەستەكلىشى تەشكىلاتنىڭ كىرىدىتىنى ئۆرلىتىپ ئىمتىيازىنى كۆتۈرۈشكە مۇھىم تۈرتكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەيلى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن يوللار بىلەن تەشكىلارنى قوللىشى ۋە ئۆزىنىڭ مەركەزلىك ئورگىنىلىق ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە ئېرىشىدىغان ئىمتىيازىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇيغۇر چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا ئىجابىي قەدەملەر تېخىمۇ كۆپ بېسىلىدۇ.

## 7 ـ باپ

خەلقئارا قانۇنلاردا ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇق خىرىسىغا يۇلۇققاندا ئۆز تېرىتورىيىسى دائىرىسىدە ئاۋاز تاشلاش ئارقىلىق مۇستەقىل بولۇش ياكى بولماسلىقنى تاللاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغانكەن. ئەمما ھېچقانداق قۇراللىق ھەربىي قوغدىشى ۋە ئىقتىسادىي تەسىرى بولمىغان بۇنداق قانۇنلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بەزىدە كىشىنى نائۈمىد قويىدىكەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشاش دۇنياۋىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىش ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ بايا ئېيتىلغان قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى يۈزگۈزۈشنى بىلدۈرۈش يولى شۇ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز ئىزچىل ئالغا سىلجىشقا ئىنتىلىۋاتقان ۋە ھەرقانداق ۋىجدانلىق نورمال ئۇيغۇرنى سۆيۈندۈرىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتقان يول ۋە ئىشكىلەردۇر. خۇددىي سىياسەتچىلىرىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇيغۇر دەۋاسى شۇ تىرىشچانلىقلار ۋە دۇنياۋىي پۈرسەتلەر نەتىجىسىدە ھەق-ھوقۇقلارنى تونۇشتىن ھەق- ھوقۇقلارنى تەلەپ قىلىشقا، قانۇنلاردىن پايدىلىنىشتىن ھەتتا قانۇن تۈزۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. سۆيۈملۈك ئانىمىز رابىيە خانىمنىڭ يولدىشى، پىشقەدەم ئىنقىلابچىمىز، ئەدەبىياتچى ۋە ئوبزورچى سىدىق ھاجى روزى دادىمىزنىڭ مىللەتكە نىشان ئەسىرى «ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تارىخ ۋە خەلقئارا سىياسەت ئاساسلىرى» ناملىق كىتابىدىن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ تونۇپ يېتەلەيمىز. ئۇيغۇرلار ئۇزاق

تارىختىن بۇيان دۆلەت قۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلغان، ئەزەلدىن مۇستەقىل ياشاپ، قېنىغا ھۆرلۈك ئۇدۇم بولغان مىللەت. ئۇ مەيلى قانچىلىك مۇستەملىكە ھالىتىدە قالسۇن، ئىستىلاچىلار تەرىپىدىن مېڭە يۇيۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىدىئولوگىيىلىك قايمۇقتۇرۇشلارغا ئۇچرىسۇن، بۇ روھ ئۆلمىدى بەلكى قايتا ئويغاندى. ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش تەقەززاسى ئۇيغۇرنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقان غۇرۇرىلا ئەمەس، بەلكى پايخان قىلىنىۋاتقان ئەڭ ئەقەللىي ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كۆرەشلىرى ئارقىلىق باشلاندى ۋە دۇنيا جامائىتىگە تونۇلدى. دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تونۇشى سۆيۈملۈك پائالىيەتچىلىرىمىز ۋە رەھبەرلىتىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتلىرى جەريانىدا دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرى تۈرتكىسىدە دۇنيانىڭ خىتايغا نەزەر ئاغدۇرۇشى بىلەن تونۇلدى ۋە تونۇلىۋاتىدۇ. ئەمما دۇنيا تېخى بىزنىڭ مەسىلىمىزنىڭ تۈپ نېگىزىنى تونۇپ يەتكىنى ۋە ئۇنىڭ يېشىلىش يولىنى بىلگىنى ياكى ئۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلغىنى يوق. بەلكى جاھان كۆلىمىدىكى نۇرغۇن سىياسىئونلار ئۇيغۇر مەسىلىسىنى بىلىشى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىنىش يولىنى ئېنىقلاشنى خالىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە تۇتقان ئورنى ۋە ئېتىبارى مۇناسىۋىتى، ھەمدە خىتاي بىلەن بولغان سودا-ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى سەۋەبلىك بۇ مەسىلىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە رەسمىي يوسۇندا ئۈستەلگە قويۇلغىنى بەلكىم تېخى يېتەرلىك ئەمەس. جاپاكەش ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ئۆز ئىقتىدارىنىڭ، شارائىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى دۇنيا مۇناسىۋەتلىرىدە شۇنداق بىر ھالەتكە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى، بىر ئادەم چاقىرسا بىر ئادەمگە، ئىككى ئادەم چاقىرسا ئىككى ئادەمگە يىراقنى يىراق دېمەي بېرىپ تونۇشتۇردى ، ئۇيغۇر دەردىنى ئاڭلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئارا سەھنىدە تونۇتۇش ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ئىمتىيازىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بولغانىدى. ئاللاھ شۇ قېرىنداشلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابىنى بەرگەي، مانا ئەمدى ئۇيغۇرلار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە يىغىن ئاچالايدىغان، ئۇيغۇر مەسىلىسى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتلىرىدا سالماقلىق ئورۇن تۇتالايدىغان بولدى. ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش

ئۈچۈن دۇنياغا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى پەقەت مۇستەقىل دۆلىتى بولغاندىلا ھەقىقىي قوغدىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە شۇنىڭغا ئىشەندۈرۈش، ئىلگىرى قۇرغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇش ۋە ئېتىراپ قىلدۇرۇش، ئۇ دۆلەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىش، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىنچىگە ئۆزگۈرۈشلىرىگە دىققەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ھوقۇقى- دۆلىتى قۇرۇش يولىنى ئالغا سىلجىتىش، پەيتى كەلگەندە خەلقئارا بېرىسم ئارقىلىق خىتاي ئىستىلاچىلىرىنى مۇستەملىكە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىسىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ياكى ئۇيغۇر تۇپرىقىدا ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش قاتارلىق قانۇنىي ۋاستىلەر ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ئەسلىدىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك مەقسەتكە يەتكىلى بولىشى مۇمكىن. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسەتچىلىرىنىڭ كەسپىيلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەنى كەسپىي دەۋاگەرلەر قوشۇنىنى زورايتىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولغا كىرەكلىك تۇراقلىق ئىقتىساد-كاپىتال مەنبەسى بولۇشى كېرەك. بۇ مەنبە يەنە شۇ ئارقا سەپ بولۇپ، بۇ ئارقا سەپ خەلقئارادىكى باشقا تەشكىلاتلاردىن كېلىدىغان ئىقتىساد، ئىئانە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىدىن كېلىدىغان بەدەل پۇلى قاتارلىقلار ئارقىلىق كېلىشتىن باشقا، مۇقىم بىر ئىقتىسادىي مەنبە بولۇشى كېرەك. ھازىرقى ئەھۋالدا ئامېرىكىدىكى بىرقانچە خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا بېرىدىغان ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە بىرقىسىم ئىئانىلەردىن باشقا، بۇنداق بىر قوشۇن قۇرۇشقا كېتىدىغان ئىقتىسادنى ھەل قىلىدىغان يول كەمچىل. بۇ چەتئەللەردە مۇساپىرەتتە ياشاۋاتقان ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئاڭلىقلىق بىلەن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ھالدا ئۆز تەقدىرىگە، مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ كۆرەشكە دەسمايە سېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بۇ يول بېسىلماي تۇرۇپ ئالدىنقى قىسىملاردا دېيىلگەن ھازىرلىقلارنىڭ تەييار بولۇشى مۇشەققەت ۋە يىراقتىدۇر. دېمەك مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش يولى ھەربىرىمىزنىڭ بۇ يولغا قانچىلىك دەسمايە سالالىشىمىزغا ۋە شۇ دەسمايىنىڭ قانچىلىك ئۈنۈملىك قوللىنىلىشىدىدۇر. ئۇيغۇرلاردا سودا-تىجارەت بىلەن شۇنداق قۇۋۋەتنى ھازىرلىغان ئىنسانلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ، ئەمما شۇنداق ئىنسانلار بولغان تەقدىردە، بىر تىجارىي كارخانا ياكى

شىركەت بەرپا قىلىش ياكى ئەسلىدە مەۋجۇد شۇنداق بىر ياكى بىر تۈركۈم تىجارىي ئاپپاراتلارنىڭ دەۋانىڭ ئىقتىسادىي مەسلىسى ئۈچۈن مەخپىي ياكى مەۋھۇم ھالەتتە ياردەم قىلىشى، ھەتتا دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇم ئورگانغا تەۋە بولۇپ، تۇراقلىق ئىقتىسادىي مەنبە بولۇشى بەلكىم ئۇيغۇر دەۋاسىنى تۇراقلىق ئىقتىسادىي مەنبە- ئارقا سەپ بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە پائالىيىتىنىڭ قانچىلىك ئۇلغىيىشى ۋە قايسى دەرىجىگە قەدەر تەرەققىي قىلالىشى بىزنىڭ مۇستەقىللىققە قانچىلىك يېقىنلىشالىشىمىز بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ دەردى تولا، دەردىگە دەرمان تېپىش ئۈچۈن باسقان يولىمۇ تولا. ئۇيغۇر ئويغاندى ۋە ئويغىنىۋاتىدۇ. ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش يولىنى ئىزلەۋاتىدۇ ۋە بۇ ھەقتە پىكىرلەر، مۇلاھىزىلەر بولىۋاتىدۇ. مەيلى ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن، ياكى ۋەتەن سىرتىدا بولسۇن، ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى تەپەككۇر يوشۇرۇنغان مىسكىن ھالىتىنى كۆرگەن خىتاي يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا تىترەۋاتىدۇ. خىتاي قولىغا ئەسكى كۆسەي ئېلىپ ئۇيقىدا ياتقان بۆرە توپىنى ئويغىنىشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرىۋېتىشنى قەستلەۋاتقانىدى، يىراقلاردىن ئاڭلانغان بۆرە ھۇۋلىشىدا چالا ئويغانغان بۆرىنىڭ قۇلىقىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقاتماقتا ئىدى.

## 8 - باپ

ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشنىڭ يولى نەدە؟ ئەمەلىيەتتە بۇ سوئالغا ئۇلۇغ ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم توغرا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەمما ئۇيغۇر بىرلىكتە بۇ يۆنۈلۈشكە قاراپ ۋەزىيەت تەمىن قىلغان ياكى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئېچىلغان تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىلگىرىلىگەندە بۇ مۇساپە تامام بولغاندا جاۋابىنى ئارقىغا قاراپ كۆرىۋالالايدۇ. ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش يولى نوقۇل تېنچلىق يولىدا ياكى قۇراللىق كۈرەش يولىدا بولماي، بەلكىم شارائىت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بېقىپ ئۇنىۋېرسال يۆنۈلۈشلۈك بىر يولدۇر. مەيلى ئۇرۇش قىلىش يولى بولسۇن، ياكى تېنچلىق يولى بولسۇن، ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت ۋە بىر-بىرىنى رەت قىلىدىغان يوللار بولماستىن، بەلكىم مەلۇم شارائىت ۋە مۇھىت

تەقەززاسىدا، شۇنداق ئېھتىياج تۇغۇلغاندا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە كۈچلەندۈرىدىغان يوللاردۇر. رادىكال مىللەتچىلىك ۋە رادىكال دىنچىلىق ئىدىئولوگىيىسى بىلەن بىر-بىرىنى رەت قىلىش ۋە زەربە بېرىش بىزنى مۇرات-مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان، دۇئالىرىمىز ئىجاۋەت بولىدىغان شۇ كۈنلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىچكى زىددىيەتلەرنى كۈچەيتىپ، زاۋاللىقىمىزغا كارۋان باشلايدۇ. مەيلى «ئۇيغۇر» دەپ شۇئار توۋلاپ چىققانلار بولسۇن، ياكى «غازات» دەپ چىققانلار بولسۇن، ھەممىسى چوقۇم بىر نىشاندا بولۇشى، بىر نىشاندا ئىككەنلىكىنى تونۇشى ۋە بىر-بىرىگە زەرەر ۋە زىيان سالماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشىمىغان ئېقىم ۋە ئېدىئولوگىيىلەرگە قۇل بولغان قوشۇنلارغا ياكى گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ بىر-بىرىگە ئوق ئېتىشتەك تارىخىي خاتالىقلارنى سادىر قىلىشى، مەيلى قانداق شەكىلدە سادىر بولسۇن ئۇيغۇرنى قۇتۇلۇش يولىدىن ئاداشتۇرىدۇ ۋە زاۋاللىققا سۆرەيدۇ. مىڭ مۇشەققەتتە بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان مەركىزىي ئورگانغا بولغان ھەرقانداق مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇم ۋە قارشىلىق ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئەينى بىر ۋاقىتتا مەركىزىي ئورگانغا بولغان تەپتىشنىڭ كەمچىللىكى ئورگان فونكسىيىسىنىڭ تولۇق جارىي بولماسلىق ۋە خاتا يۆنۈلۈشتە ئادىششتەك خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم ياكى مەۋھۇم بىر تەپتىش ئاپپاراتىنىڭ بولۇشى بىلەن مېدىيا-ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەشۋىقات ۋە تەپتىشلىك رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش لازىم. بىر ۋاقىتتا بۇ ئۇيغۇر ئامىسىنىڭ سىياسىي ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۇيغۇردا ھازىر بىر ئەقىدە تېڭىرقىشى بار. بۇ تېڭىرقاش ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر قىلىۋاتقان مۇھىم ئامىل بولۇپ، خىتاينىڭ "ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مىڭلىغان ئىشپىيونلارنى قويدۇق" دېگەن رىۋايىتىدىن شەكىللەنگەن ئىشەنچ كىرىزىسى بىلەن بىرگە ئۇيغۇرنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ئېغىر كېسەلدۇر. ئەقىدە تېڭىرقىشىنى مىللەتچىلىك بىلەن دىنچىلىق ئىدىئولوگىيىسىنىڭ سوقۇلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ ناھايىتى گۈزەل شەكىلدە بىرلىككە كېلىشى ئۇيغۇردا ھەقىقىي قۇۋۋەتكە ئىگە مىللەتچىلىكنى شەكىللەندۈرىدىغان بولۇپ، ھازىر خىتاينىڭ قورقىۋاتقىنى دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە كوللىكتىپلىرى شۇنداق بىر ئىدىئولوگىيە يۇغۇرۇلىشىدا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر

گۈزەل شەكىلنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇردا بىرلىككە كەلگەن مىللەتچىلىك ئېڭى تۇغۇلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇردا سىتىلغىدەك ۋە سېتىۋالغۇدەك ھېچ نەرسە مەۋجۇد ئەمەس، مەۋجۇد دېيىلسە بىزنىڭ شەخسىي كىملىكىمىز بەلكىم مەخپىيەتلىك بولسا كېرەك. شەخسىي كىملىكنى مەخپىيەتلىك تونۇش ۋە ئۇنى يوشۇرۇش گەرچە ئاممىۋي سورۇنلاردا ياكى مېدىيالاردا ئىسىم يوشۇرۇش ياكى تەخەللۇس قوللىنىش ئارقىلىق قوغدالسىمۇ، ئەمما كىشلىك مۇناسىۋەتتە قوغدىلانىلىشى مۇشەققەت. خىتاينىڭ بىزگە "مىڭلىغان جاسۇسلارنى قويدۇق" دېگەن تەسىرنى بېرىشى بىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىقا كېلىشىمىزگە توسالغۇ پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلغان «قۇرۇق شەھەر ھىيلىسى»دىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىختىكى ھەرقانداق بىر ئىنقىلاپ خائىن ۋە پايلاقچىلاردىن خالىي بولالىغان ئەمەس، مەغلۇپ بولغان ئىنقىلابلار بىلەن غەلىبە قىلغان ئىنقىلابلار ئارىسىدىكى پەرق كىمنىڭ خائىنلىققا ۋە جاسۇسلۇققا قارشى ئىمموۇنىت كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىدە. بۇ خىل كۈچنى بەرپا قىلىش بىرەر ئورگان ياكى پارتىيىنىڭ تەپتىش ئىقتىدارىغىلا باغلىق ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي ساپايىمىزنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئېزگۈلۈك ھالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئۇنۇمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ۋە مۇستەقىللىق يولىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئومۇمىي ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگە، سىياسىي قاراشلارنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئۇيغۇرلار خىتاي بىلەن بولغان ئىدىئولوگىيە كۈرۈشىنى يەنە بىر بالداق كەشكىنلەشتۈرۈشى، نەشرىي ئەپكارلار، مېدىيا ۋە ئىنتېرنېت ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ مىللىي مەۋجۇدلۇق ۋە مۇستەقىللىققە پايدىلىق بولغان ، مىللىي مەنپەئەتىمىزنى خەلققە تونۇتۇش رولىغا ئىگە، مىللىي روھنى ئۆستۈرىدىغان، مىللەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدىغان ئەدەبىيات، سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە فىلىملەرنى تېخىمۇ كۆپ بەرپا قىلىش ۋە تارقىتىش زۆرۈر. كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان مەنزىرە، ھازىر ھېچقانداق بىر مەركىزىي كۈچنىڭ دەۋەت ۋە كونترول‌لىقىسىز بۇنداق بىر پائالىيەت قانات يېيىشقا باشلىغان ۋە مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئانسامبىللىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ياشلارغا ۋە باشقا ياش قۇرامدىكىلەرگە ماس كېلىدىغان ۋە ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغان سەنئەت تۈرلىرى بويىچە ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، ستودىيولارنىڭ فىلىملارنى ئىشلەشتە مۇستەقىل ياكى باشقىلار بىلەن

ھەمكارلىشىپ،ھەتتا باشقىلارغا ئىشلەپ بېرىپ بەرپا قىلغان فىلىملارنىڭ سۈرەتكە ئېلىنىشى شۇنداق بىر گۈزەل مەنزىرىنى نامايان قىلماقتا. بۇ مەنزىرە تېخىمۇ كېڭىيىشى، مەلۇم ئىقتىسادىي قۇۋۋەتتە بارلىققا كەلگەن مېدىيا ياكى ئىنتېرنېت ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆز ئىنسانلىرىمىزغا يەتكۈزۈلۈشى لازىم. ئۇيغۇرلار خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن مېدىيا ئۇرۇشى ئېلىپ بارغىلى قانچە زامانلار بولدى ۋە نۇرغۇن نەتىجىلەر قازاندى. بەلكىم ئۇيغۇر دۆلىتى خىتاي ئىستىلاسىغا مەھكۇملانغاندىن ئېتىبارەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار غەلبە قىلغان بىردىن-بىر جەڭگاھ دەل مېدىيا ئۇرۇشى بولسا كېرەك. چۈنكى دەل مۇشۇ جەڭگاھ ئۇيغۇرلار ئەڭ بىرلىككە كەلگەن جەڭگاھ ئىدى. ئۇيغۇرلاردا ئەقىدە ۋە ئىشەنچ بوھرانىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق يوللىرى ھەققىدىكى تەپەككۇرى ۋە ئوخشىمىغان يۆنۈلۈشلەرگە ئىلگىرلىشى جەريانىدا كۆچەيگەن بولۇپ، كېيىنچە بۇ ئوخشىماسلىقلار ئىچكى زىددىيەتلەرگە سورۇن ھازىرلىغان. بۇنداق بولۇشى ئۇيغۇرلاردا ئوخشىمىغان ئىدىيىلەرنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىنىڭ، يەنى مەقسىتىنىڭ يەنىلا مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت ئۇيغۇر مەنپەئەتى ئۈچۈنلىكىنى تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىش ئاز ۋە كەمچىل بولىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇسەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس ئىدىلوگىيە شەكىللەندۈرۈشى ، سىياسىي چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى ۋە سىياسىي ئاڭنى دۇنيا نەزىرىدە ئۆستۈرۈشى، كېڭەيتىشى كېرەك. مۇستەقىللىق ئۈچۈن تۆرلۈك يوللارنى باسقىلى، كۆپ خىل ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇشى، بۇ يولنىڭ ھەرگىزمۇ بىر يۆنۈلۈشلۈك يول بولماستىن، بەلكى "جىمى كارۋان قەشقەرگە ماڭىدۇ" دېگەن چۈشەنچىدە بولۇشنى تەپتىش قىلىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىشى لازىم. ھىلىگەر دۈشمىنىمىز خىتاي سىياسىيونلارنىڭ سۆزى بويىچە «ھەممە قۇشلار بەس-بەستە سايرىغان» مەنزىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك، مانا بۇ ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىق يولى ۋە دۆلەت قۇرۇش يولىدۇر. ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش يولى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قورۇش ساپاسىنى ھازىرلاش جەريانىدۇر. دۆلەت قۇرۇش ھاجىتى بار مىللەتلەر كۆپ بولسىمۇ، بۇنداق ساپاغا يېتەلىگەنلەرلا دۆلەت قۇرۇش نۇسرىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ساپا بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان ئەخلاق ۋە تەربىيە ساپاسى ئاتالغۇسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرنىڭ پەننىي، مىللىي ۋە دىننىي تاكامۇللۇقى ياكى ماددىي ۋە

ئىقتىسادىي كۈچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق بىر ساپانى يېتىلدۈرۈش، شەكىللەندۈرۈش ۋە يۈكسەلتىش بىر ئىنسان ياكى بىر گۇرۇھنىڭ پاتېنىتى بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ئورتاق مەركەزگە تارتىش كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەمكارلىششى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەمكارلىق ھەرگىزمۇ ھەممىنىڭ ئورتاق ياكى ئوخشاش ئىش قىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ھەركىم ئۆز ساھەسى ۋە ئالاھىدىكىلى بويىچە شۇ ئۇلۇغ نىشان ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش يولى ھەرخىل يوللارنى تۇتقان كىشلەرنىڭ مەركىزىي بىر ئىدىيىنى نىشان ۋە كومپاس قىلغان ھالدا،شۇ ئورتاق نىشان ئۈچۈن سىترولۇق ھەمكارلىق يۈنۈلۈشىدە بىر ـ بىرىگە زەرەرسىز ھالدا ئالغا سىلجىشى ئارقىلىق ئېچىلىدۇ ۋە ئالغا بېسىلىدۇ. دۆلەت قۇرۇش ساپاسى بىزنىڭ ئوخشىمىغان ئىنسانلار بىلەن ئورتاق كۈرەش قىلىش ۋە ئۆز ـ ئارا ئېتىراپ قىلىش، ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ زەرەرىنى كىچىكلىتىپ، مەركىزىي ئىدىيە ۋە يۈكسەك نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشىمىزنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. شەكلىي جەھەتتىكى بىرلىككە قارىغاندا، ئىچكى جەھەتتىكى، ماھىيەتلىك بىرلىك بەرپا قىلىنىپ، ئۆز ـ ئارا زەرەر قىلمايدىغان سىترولۇق ھەمكەرلىق بولغاندا ئۇيغۇرنىڭ ئونىۋېرسال كۈچى يۈكسىلىدۇ ۋە دۆلەت قۇرۇش ساپاسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھازىرلىنىپ مىللەتنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈنلەر بىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ، ئىنشائاللاھ!

**خاتىمە**

بۇ قەدەر بىر چوڭ تېمىنى چەكلىك بىلىش ۋە بىلىم دائىرەم، گۆدەك تەپەككۇرۇم ۋە ئاجىز قەلەم قۇۋۋىتىم بىلەن يورۇتۇپ بېرەلىشىم قىيىن، شۇنداق بولسىمۇ بۇ تېمىغا قەلەم تەۋرەتكەن ئىكەنمەن، ئۆزەم تەپەككۇر ـ مۇلاھىزە قىلغان، ھېس قىلغان نەرسىلەرنى ماقالىگە قوندۇردۇم ۋە ماقالىنى تاماملىدىم. ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ قۇتۇلۇش يولىنى تېپىشقا ئوگىدا ۋە چۈشىدە ئىنتىزار بولىۋاتقان قېرىنداشلارغا «ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇش يولى نەدە؟» دېگەن بىر ماۋزۇ قويۇلغان ماقالىنى سۇنۇش ۋە قېرىنداشلارنىڭ

تەنقىدلىرى ياكى ئىجابىي باھالىرى ئارقىلىق چۈشەنچەمنى ۋە تەپەككۇرۇمنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدىم. ئۇيغۇرلاردىكى شۇنداق بىر روھىي چاڭقاشنى تۇيغان قەلبىم مەزكۇر ماقالىگە قەلەم تەۋرىتىشكە پېتىنىشىمغا سەۋەب بولدى. بۇنداق تېمىلارنى يورۇتۇشقا تېخىمۇ لايىق ۋە قابىلىيەتلىك قېرىنداشلارنىڭ ھەقىقىي ئەسەرنى خەلقىمىزگە سۇنۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

---

"ئەلسۆي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار (1)" ناملىق مەزكۇر ھېكايە ۋە ماقالىلەر توپلىمىنى خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ تور سەھىپىسىگە (www.uyghurpen.org) ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن نەشرگە تەييارلىدى.

"ئەلسۆي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار (1)" ناملىق ھېكايە ۋە ماقالىلەر توپلىمىنىڭ خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى توربېكىتىدىكى مۇقىم ئۇلىنىش ئادرېسى:

**www.uyghurpen.org/uy/elsoy_eserliri_1.pdf**